

ئادىل ئىمىن شادتېكىن

# شاھزادە نۇرئەزىز ھەققىدە قىسسە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئادىل ئىمىن شادتېكىن 1965 - يىلى يەكەن ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ھازىرغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بۇلاردىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش ئاساسىدا، شېئىر، چۆچەك، مەسەللەرنى يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تۈزگەن كوللېكتىپ توپلامغا بېسىلغان «مەكتىپىم» ناملىق غەزىلى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ «يوقالماس بايلىق»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «كۆپۈكتىكى



ئادىل ئىمىن شادتېكىن

# شاھزادە نۇرئەزىز ھەققىدە قىسسە

(باللار رومانى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

这是一部大型童话，在童话故事中突出表现了三位兄弟之间深刻的亲情，团结恩爱，描写了三位兄弟中最小的王子努尔艾则孜的非凡经历，赞美困难面前绝不低头的精神，朋友之间的忠诚和友爱，互帮互助的美德，反对恶劣势力等。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**


# شاھزادە نۇرئەزىز ھەققىدە قىسسە

(باللار رومانى)

ئاپتورى: **ئادىل ئىمىن شادتېكىن**


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى

(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)

جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32

باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 2

2012 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى

2012 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 —3000

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2514 — 1

باھاسى: 27.00 يۈەن

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ

تېلېفون: 0998 — 2653927

## مۇندەرىجە

### بىرىنچى قىسىم رىۋايەت دۇنياسىغا سەپەر


بىرىنچى باب پەرىزات سۈرىتى نەقىشلەنگەن لەۋھە ............ 3
ئىككىنچى باب پەرىزاتنى ئىزدەش ......................... 19
ئۈچىنچى باب ئىككى شاھزادىنىڭ قىسمىتى ................29.
تۆتىنچى باب جىنلار مەلىكىسىنىڭ يالماۋۇز شاھ ئالدىغا
بېرىشى ..................................................61.
بەشىنچى باب گۈزەللىك شەرم - ھايا بىلەن قوشماق ..........81.
ئالتىنچى باب ياخشىلىق يەردە قالماس ........................96.
يەتتىنچى باب ئەقىل ئەڭ توغرا يېتەكلىگۈچى .............108.
سەككىزىنچى باب ئەھمىيەتلىك ئۆتكىنى ھەممىدىن ئەۋزەل .......122.
توققۇزىنچى باب جاندىن كەچمىگۈچە جانانىغا يەتـ ـ
ـكىلى بولماس ...........................................140.
ئونىنچى باب تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچلار ........167.
ئون بىرىنچى باب يەتتە ئىزنتقۇ ............................ 214
ئون ئىككىنچى باب ۋىسال شادلىقى، ئۈلشىپ كەلگەن جۇدالىق 231


### ئىككىنچى قىسىم بەخت ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش


بىرىنچى باب ئۈچ باشلىق شىرنى قۇتقۇزۇش ................251.
ئىككىنچى باب تۆمۈر مۇناردىكى قىيىن تاللاش.................268.
ئۈچىنچى باب ئۈچ ئەڭگۈشتەر ۋە سىرلىق غاردىكى ئىشلار..........282.
تۆتىنچى باب ئەلۋىدا رىۋايەت دۇنياسى ......................309.

## بىرىنچى قىسىم

# رىۋايەت دۇنياسىغا سەپەر

بىرىنچى باب

# پەرىزات سۈرىتى نەقىشلەنگەن لەۋھە

قىرىلىقتىن ئىلىپتەك قەددى دالدەك ئېگىلگەن، چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بوۋاي تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاندا خېلىدىن بېرى يەككە - يېگانە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ياشىلىقىدا كەپىسى ئەتراپىغا تىكىپ ئۆستۈرگەن مېۋىلىك كۆچەتلەردىن ھازىر ئۇن نەچچە تۈپ جىگدىلا قۇم - بورانىنىڭ زىيىنىدىن ئامان قېلىپ، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا مېۋىسى بىلەن ئوزۇقلۇق، سايىسى بىلەن سالقىنلىق بېغىشلىماقتا ئىدى، بوۋاينىڭ تىرىكچىلىكى مۇشۇ جىگدە كۆچەتلىرىگە خېلىلا بېقىنىپ قالغانىدى، ئاندىن قالسا پات - پات قۇرۇپ قالغان تۇغراق - يۇلغۇنلارنى تېرىپ ئوتۇن قىلىپ، يىراقتىكى شەھەر - بازارلارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش بوۋاينىڭ يەنە بىر تىرىكچىلىك يولى ئىدى. مومىيى ئالەمدىن ئۆتكەندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئەنە شۇنداق بىر قېلىپتا زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مومىيىنىڭ تۇپراق بېشىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ يېنىشىدا ئىختىيارسىز شۇنداق زارلاندى:

— ئەي رەھمەتلىك، سەن بىلەن بىر ئۆمۈر يەكتەن - يەكدىل بولۇپ بىرگە ياشاپتىمەن، لېكىن تىرىكلىكىڭدە ماڭا بىر پەرزەنت يادىكار قىلىپ كەتمىدىڭ، مانا ئەمدى تىكەندەك يالغۇز قالدىم، كۆزۈم يۇمۇلغاندا كۆمۈپ قويىدىغانغىمۇ ئادەم يوق، تەقدىر - پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كېرەك...... ھەي ئىسىت!......

بوۋاي تۇپراق بېشىدىن يېنىپلا كەپىسىز ھالدا ھېچ ئىشقا قولى

بارماي كەپىسىگە كىرىپ، كونا كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان، رەھمەتلىك مومىسىدىن قالغان يادىكار — قۇراق كۆرپىگە تاشلاندى- دە، قۇراق تەكىيەگە باش قويۇپ، خىيال سۈرۈپ يېتىپ تۇيمايلا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى ھەم شۇنداق چۈش كۆردى: ئاپئاق لېچەككە ئورانغان مومىسى قەبرىسىدىن يېرىم گەۋدىسىنى چىقىرىپ شۇنداق دەۋاتاتتى: «بارغىن بوۋاي، تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ بارغىن، قەدىمىي خارابىلىكنى تاپمىغۇچە توختىمىغىن، ئۇ يەردىن تىلىگىنىڭگە يېتىسەن، مەنمۇ گۆرۈمدە تىنچ ياتىمەن، ئاللا رەھمەت قىلسۇن».

بوۋاي مومايغا ئىنتىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى، بىراق ھەرقانچە تىرمىشىپمۇ ياتقان يېرىدىن تۇرالمىدى، ئۇنىڭغىچە موماي يەنە قەبرىگە چۆكۈپ غايىب بولدى. بوۋاي قەدىناسىنىڭ ئىسمىنى توۋلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى.

«خۇداغا شۈكرى» دېدى ئۇ پىچىرلاپ. چۈشۈمدە بولسىمۇ ئۇنى يەنە كۆرۈش نېسىپ بولدى، بىراق تۈنۈگۈنكى زارلىنىشىم روھىڭنى قورۇندۇرۇپ تىنچ ياتقۇزماپتۇ - دە، ۋاي شورۇم قۇرۇغۇر، نېمە دەپمۇ شۇنداق زارلىناتتىم - ھە، بوپتۇ، بىر ھېسابتا ئۇنى بىر كۆرۈۋالدىم، بۇمۇ ياخشى بولغىنى، لېكىن بېشارىتى نېمىدىن دېرەك بېرەر ئەمدى.

بوۋاي ئويغا چۆكۈپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن: «بولدىلا، چۈش دېگەن بەرىبىر چۈش، چۈش دېگەندە نېمىلەر كۆرۈنۈپ، نېمىلەر ئاڭلانمايدۇ، ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولاتتىمۇ» دەپ ئويلاپ، ئېرەنشىمەي باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى، ئەمما ئۇ كېيىنكى كېچىلەردىمۇ ئوخشاشلا شۇ چۈشنى كۆردى، ئاخىر چۈشىدە مومايىنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا بەل باغلىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى بوۋاي بىرنەچچە زاغرىنى بېلىگە تۈگۈپ، بىر قاپاق سۇنى يۈدۈپ «يا تەۋەككۈل!» دەپ تەكلىماكان قوينىغا كىرىپ كەتتى.

نەچچە كۈنلەر توختىماي يول يۈردى، ئىلگىرى ئوتۇن ئىزدەپ بارغان جايلاردىنمۇ ئۆتتى، قەدىمى يېتىپ باقمىغان جايلارغىمۇ ئىچكىرىلەپ باردى، لېكىن ھېچبىر خارابىلىك كۆرۈنمىدى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پۇت - قوللىرى ھالسىزلىنىپ بوشاشتى- دە،

«قايتىپ قالايمۇ، يا؟!» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان شۇ پەيتتە، قۇلاقلىرىغا كىمنىڭدۇر شۇبىرلىشى ئاڭلاندى:

— مەنزىلگە ئاز قالدىڭ، غەيرەت قىل، ھەرگىز كەينىڭگە يانما.

بوۋاي ئەندىكىپ تۆت ئەتراپىغا قارىدى، لېكىن ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى.

«يا خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دېدى ئۇ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇغاچ. ئاندىن ئۇ قايتىدىن روھلىنىپ، جىسمى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى- دە، يولىنى داۋام قىلدى. يەنە قانچىلىك ۋاقىت ماڭغىنى، قانچىلىك مۇساپە باسقىنى نامەلۇم، ئاخىر يىراقلاردىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن چىقىپ قالغان بىر گۈمبەزنى كۆردى.

— تاپتىم! — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ سۆيۈنۈپ، ئاندىن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ شۇ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئاخىر ھېلىقى قۇم بارخىنى قېشىغىمۇ يەتتى، بىراق بۇ قۇمدىن ھاسىل بولغان دۆڭنىڭ ئېگىزلىكىگە كۆز يەتكۈسىز ئىدى.

بوۋاي قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە ياماشتى، لېكىن قۇملار تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، پەقەتلا ئۈستىگە چىقارغۇزمىدى، شۇنداقتىمۇ بوۋاي بەل قويۇۋەتمەي تىرىشتى، شۇ چاغ تۇيۇقسىز قۇملار ئۆركەش ياساپ، تۆۋەنگە سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى، بوۋاي چۆچۈپ دەرھال كەينىگە قاچتى، بەش - ئالتە يۈز قەدەمچە چېكىنىپ، بېلىگىچە قۇمغا كۆمۈلۈپ توختىدى. قۇم ئېقىنىمۇ بېسىقىپ قالدى، ئۇ قۇم ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋالغاندىن كېيىن نېرىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئاجايىپ زور بىر گۈمبەزنى كۆردى ۋە ئۇ گۈمبەزگە يېقىنلاشتى، گۈمبەز كۆك گۈللۈك چىنە خىشلار بىلەن بېزەلگەن ئاجايىپ كۆركەم بىر ئىمارەت ئىدى. بوۋاي گۈمبەزنى قۇرغۇچىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى، كىرىش ئىشىكىنى ئىزدەپ بىر چۆرگىلەپ، ئاخىر يېرىمىغىچە قۇمغا چۆكۈپ قالغان ئالتۇن ھەللىك ئىشىكنى تاپتى. ئەپسۇس، ئىشىككە ئات كاللىسىدەك ئالتۇن قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئاچقۇچى كۆرۈنمەيتتى.

بـوۋاي قۇلـۇپنى ئاچالـماي بىـشى قىتـىپ، گـۈمبەز تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى: شۇ ھالدا تـۈن پەردىـسى يېيىلـدى، بـوۋاي ھـارغىنلىق ئىچىدە چۆل شامىلىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى، بىـراق كـۆزى يۇمۇلـۇپ ھايالـسىزلا يەنە مـومىيى زاھىـر بولـۇپ، ئەنـسىزلىك بىـلەن توۋلىدى:

— كۆزۈڭنى ئاچ! تېز تـۇر، ھـېلىلا گـۈمبەز قـۇم ئاسـتىغا چۆكـىدۇ، سەنمۇ كۆمۈلـۈپ قالـىسەن، تېـزرەك گـۈمبەزگە كىرىـپ ياغـاچ سـاندۇقنى ئېلىپلا يانغىن، باشقا ھېچنىمىگە تەگمە، تېز بول!

بوۋاي چۆچـۈپ كۆزىنى ئاچتى، مومايىنىڭ سىيماسى غايىـب بولـدى، ئەمما گۈمبەزنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى.

بوۋاي گـۈمبەزگە كىـردى، گـۈمبەز ئىچـى بەكمۇ كەڭـرى ۋە يـورۇق بولۇپ، توپتەك يوغان مەرۋايىتلار چىراغدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئالتۇن تەڭگە، كۈمۈش يامبۇلار، خىلمۇخىل رەڭلىك گـۆھەرلەر، باشـقا قىـممەت باھالىق بۇيۇملار تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتاتتى.

بوۋاي كـۆزلىرى ئالىچەكمەن بولـۇپ، ئىـسەنگىرەپ تـۇرۇپ قالـدى، شۇ چاغ قۇلاقلىرىغا يەنە كىمنىڭدۇر شىۋىرلىشى ئاڭلاندى:

— ياغاچ ساندۇق! ياغاچ ساندۇق!......

بىراق ياغاچ ساندۇق نەدىدۇ؟ بوۋاي ھەر تەرەپكە قارىدى، كـۆزىگە ئاجايىپ ئېسىل زىبـۇ - زىنـنەت بۇيـۇملىرى ۋە ئالـماس - جـاۋاھىراتلار بىـلەن تولـدۇرۇلغان ئـالتۇن - كۈمـۈش سـاندۇقلارلا چېلىقتـى. شـۇچاغ گۈمبەز ئىـشىكىدىن شـۇرقىراپ قـۇم ئېقىنـى كىرىـشكە باشـلىدى، بـوۋاي ئەمـدى ئالـدىراپ قالـدى، ئـۇ كـۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتـىپ، ھەر تەرەپـكە يۈگـۈرۈپ ئـاختۇردى، ئـاخىر بۇلۇڭـدىن گـۆھەر، يـاقۇت، لەئەل - جاۋاھىراتلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بىر كىچىك ياغـاچ سـاندۇقنىڭ بىـر بـۇرجىكىنى كـۆردى - دە، ئالـدىراپ ئـۇنى تارتىۋالـدى، شـۇ ھامـان گـۆھەرلەر باشـقىچە جۇلالىنىـپ جىـرىڭلاپ، تەڭـگە - تىللا، يـامبۇلارمۇ ۋالىلداپ نۇرلىنىپ، شاراقلاپ كەتتـى، گويـا بـوۋاينى چاقىرىۋاتقانـدەكلا ئىـدى، بىـراق بـوۋاي ئەمـدى بۇلارغـا قـاراپمۇ قويمـاي ياغـاچ سـاندۇقنى كۆتۈرۈپ كەينىگە ياندى. ئىشىكتىن كىرىۋاتقـان قـۇم ئېقىنـى ئۈسـتىدىن

مىڭبىر جاپادا ئۆملەپ ئۆتۈپ چىقىۋالغانىدىن كېيىن، كەلگەن تەرەپكە قاچتى. قۇم بارخانلىرى بولسا دېڭىز تاشقىنىدەك مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ كۆچۈشكە باشلىدى. بوۋاي بار كۈچى بىلەن قاچتى، قۇم بارخانلىرىمۇ تاكى ئۇنى قوغلاپ يېتىپ باستۇرۇۋەتمىگۈچە توختىمايدىغاندەك تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ ئېقىپ كېلىۋەردى. بوۋاي ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا ياش ۋاقتىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندەك تېز قاچتى، نەچچە كۈن ۋە تۈن شۇنداق قېچىپ، بىر ئەتىگىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان قۇم ئېقىمىنىڭ ھالسىراپ قالغاندەك ئاستا - ئاستا بېسىقىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ ئاندىن توختاپ، يىرەكلىك ھالدا كەينىگە قارىدى، شۇ تاپ ئۇ قېچىپ كەلگەن تەرەپتە ئېگىز - ئېگىز قۇم بارخانلىرى قەد كۆتۈرگەنىدى، بۇرۇنلاردا يولۇقۇپ قالىدىغان قومۇشلۇقمۇ، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يۇلغۇن - توغراقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى، ھەممىسىنى قۇم بېسىۋالغانىدى.

«لەنىتى قۇم بارخانلىرى، كەپەم بىلەن جىگدىلىكنىمۇ باستۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟! شۇنداق بولسا پاناھگاھىممۇ يوقالغان بولىدۇ» دېدى بوۋاي ئۆز-ئۆزىگە ئاچچىقلىغاندەكلا: «بىر چۈشنىڭ بېشارىتىگە ئىشىنىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇم».

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قېلىپ ھارغىنلىق يەتكەندەك بولۇپ قەدەملىرى ئاستىلىدى، بىراق كۆپ مېڭىش كەتمىدى، چۈنكى ئۇ قۇم ئاستىدىن چىقىپ قالغان جىگدىلەرنىڭ ئۇچ شاخلىرىنى كۆرگەنىدى.

— ئىسىت! — دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ، — پاناھگاھىممۇ تۈگە-شىپتۇ.

ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قۇم ئۈستىگە تاشلاندى - دە، ھاردۇق چىقىرىۋالغاندىن كېيىن بىر ئىش قىلماقچى بولدى، كۆزلىرىنى يۇمۇ-ۋالدى، كاللىسىنى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چۇلغىۋالدى.

بىر چاغدا ئۇ بوران شەپىسىنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈردى، قۇملۇق تەرەپتىن جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ئاسمان - پەلەك قۇم توزۇتۇپ، قارا بوران يېتىپ كەلمەكتە ئىدى.

— تۈگەشتىم، — دېدى بوۋاي پۇتلىرى قۇملۇققا قوزۇقتەك قېقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، — ئەمدى قۇم بارخانلىرىنى قەبرە قىلىپ ياتىدىغان بولدۇم .

ئۇ ساندۇقنى قۇچاقلاپ دۇم يېتىۋالدى، بوران ھايالسىز گۈركىرەپ يېتىپ كەلدى، بوۋاي بېشىنى چۆمكەپ يېتىۋەردى. بارا - بارا ھېچنېمىنى سەزمەس ھالەتكە كەلدى، شۇ ھالدا قانچىلىك ياتتىكىن، بىر چاغدا يەلكىسى ئاپتاپتا قىزىپ، ئېسىگە كېلىپ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، كەپە ۋە جىگدىلەرنىڭ يەنىلا قۇم ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىنى كۆردى.

— چۈش كۆرۈپتىمەن - دە، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، بىراق پۇتىنىڭ يېنىدا يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ ساندۇق چۈش كۆرمىگىنىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، يەنە تېخى بۇ يەردىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسى بولغان بۇلاق ئەتراپىدىكى قومۇشلۇق ئويمانچاقمۇ قۇم ئاستىدا قالغانىدى .

بوۋاي ياغاچ ساندۇقنى قۇمدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتى، ساندۇق پەيدەك يەڭگىل ئىدى، مىس قۇلۇپى ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل غەلىتە يېزىقتىكى بىرنەچچە قۇر خەت يېزىلغان باغاقچە بىلەن پېچەتلەنگەن، باغاقچىدە يەنە مۆھۈر ئىزى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

«كىم چاپلىغان پېچەتتۇ بۇ؟» دەپ ئويلىدى بوۋاي،«ئىچىدە نېمە باردۇ، ئېچىپ باقسام بولارمۇ، يا ئىچىدىن بىرەر جىن - ئالۋاستى چىقىپ قالارمۇ؟»

شۇنداق ئەندىشىلىك خىياللار ئىچىدە تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز مەيىن شامال كېلىپ پېچەت باغاقچىنى سويۇۋەتتى، شۇ ھامان مىس قۇلۇپ شالاققىدە ئېچىلىپ كەتتى.

بوۋاينىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ،قوللىرى تىترەپ كەتتى - دە، ساندۇق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، شۇ ھامان ساندۇق ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر يۈگەم يىپەك لەۋھە ئۇچۇپ چىققانچە بوۋاينىڭ قولىغا چۈشتى، بوۋاي ئېھتىيات بىلەن يۈگەكنى يەشتى.

پاھ! — دېۋەتتى ئۇ لەۋھەگە قاراپلا ھاياجان بىلەن، لەۋھەگە تەرىپكە تىل زەئىپ، قەلەم ئاجىزلىق قىلغۇدەك بىر زىبا چىھرىلىك پەرىزات سۈرىتى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭ سىزىلغىنى ياكى كەشتىلەنگىنىنى بىلىپ بولمايتتى، سۈرەتتىكى پەرىزاتنىڭ قىياپىتى ھېلىلا مىدىرلاپ كېتىدىغاندەكلا جانلىق ئىدى، ئۇنىڭ ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى تال - تال قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدا چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلەر، ئىلپىتەك تۈز ۋە چىرايلىق قاڭشار، ئالمىدەك بىر جۈپ مەڭىز ۋە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان گىلاستەك لەۋلەر، ئاپئاق يۇمران قوللاردا ئوينىاپ تۇرغان قۇندۇزدەك قارا ئۆرۈمە چاچلار...... ئۇ ھېلىلا سۆزلەيدىغاندەك، ھېلىلا لەۋھەدىن بوۋاينىڭ ئالدىغا دىككىدە سەكرەپ چۈشىدىغاندەك......

بوۋاي ئۆمرىدە بۇنداق گۈزەل رۇخسار ۋە خۇش قامەتنى كۆرۈش تۇگۇل، بۇ دۇنيادا بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى ۋە كۆڭلىدە: «شۇنداق بىر قىزغا ئاتا بولۇش شەرىپى ماڭا نېسىپ بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى!» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە ئۆز-ئۆزىدىن خىجىل بولۇپ: «ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭچۇ قېرى» دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىرى:

ئۇ شېرىن خىياللىرى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئاشۇنداق ئەيىبلەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز سۈرەتتىكى قىزنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىغاندەك بولۇپ ،قۇلاقلىرى تۈۋىدە خويمۇ يېقىملىق شىۋىرلاشلار ئاڭلاندى:

— ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ بوۋا، مەنمۇ بىر ئىنساننىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان يۈرەك پارىسى، ئەمدى سىزگە پەرزەنت بولىمەن، سىزدەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئىنسانغا پەرزەنت بولغىنىمدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى خالايمەن.

بوۋاي قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك، بەلكى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغ سۈرەتتىكى قىزنىڭ لەۋلىرى مىدىرلاپ:

— سىزگە نېمە بولدى بوۋا، سۆزلىرىمگە ئىشەنمەۋاتامسىز؟ —

دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بوۋاي چۆچۈپ، خۇددى بىر تال چوغنى تۇتۇۋالغاندەكلا بولۇپ، دەرھال لەۋھەنى يەرگە تاشلىدى، شۇ ھامان سۈرەتتىكى گۈزەل قىز خۇددى ياتقان يېرىدىن تۇرغاندەكلا، بوۋاينىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، بىراق قىزنىڭ سۈرىتى يەنىلا لەۋھەگە نەقىشلەنگەن ھالىتىدە ئىدى.

ئۇنىڭ جامالىدىن پارلىغان نۇر — گۈزەللىك ئاپتىپى بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى، بوۋاي كۆرۈۋاتقانلىرىغا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن قىزنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ۋە جاراڭلىق كۈلكىسى چۆل قوينىدا ياڭرىدى، شۇ ھامان ئەتراپتا مىڭلارچە گۈل تەڭلا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر مەنزىرە زاھىر بولدى، قىزنىڭ كۈلكىسى توختىغان بولسىمۇ، لېكىن گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى قالدى، ئاسماندىكى قۇياش بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك نۇرلىنىپ، بۇلۇتلار تاراپ كەتتى.

— ماڭا قاراڭ بوۋا، — دېدى قىز ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە تىك بېقىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بوۋايغا،— ماڭا قاراڭ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، چۆچۈتۈۋەتكىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ، مېنى «قىزىم» دەپ بىلىڭ، بېشىمنى سىلاڭ، مېنى يورۇق جاھانغا چىقارغىنىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ئەمدى مېنى پەرزەنت قىلىۋالسىڭىز تېخىمۇ خۇشال بولىمەن.

ئۇنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازى ئاخىر بوۋايغا غەيرەت بېغىشلىغاندەك بولدى، بوۋاينىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرگەن: «ئۇ بىر گۈزەل قىزچاق قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئېزىتقۇ ئالۋاستىمىدۇ؟» دېگەن ئەندىشىلىك خىياللار كەلدى، ئەمدى قىزغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلدى، قىز سۈرەتتىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەل، يېقىملىق ۋە لاتاپەتلىك ئىدى، بىراق ئاجايىپ ئېسىل لىباسلارغا ئورانغان غۇنچە بويى ئاران يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى قىزچىلىكلا كېلەتتى، تاپىنى يەرگە تەگمەي ئۈچ - تۆت غېرىچچە ئېگىزلىكتىكى مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇراتتى، شۇ چاغ ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدىن يەنە بىر جۈپ ئەتىرگۈل كۆچىتى كۆكلەپ چىقىپ، تېزلا ئۆسۈپ، قىزنىڭ بويى بىلەن

تەگلەشتى، ئاندىن پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچتى، ئەتىرگۈل بەرگلىرى قىزنىڭ لەۋلىرىگىلا ئوخشايتتى.

— سىز كىم؟ — سورىدى بوۋاي بۇ رىئاللىققا دەرھال كۆنەلمەي دۇدۇقلىغىنىچە، — نېمىشقا رەسىمگە بەند بولۇپ، ساندۇققا كىرىپ قالدىڭىز؟

— ئالدىرىماڭ بوۋا، — دېدى قىز مەيىن شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك يەڭگىل ئۇچۇپ كەلگىنىچە بوۋاينىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، — ئاۋۋال ماكانىمىزنى تۈزەشتۈرۈۋالايلى، ئاندىن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋالدىغان ۋاقتىمىز يېتەرلىك.

— توغرا ئېيتتىڭىز قىزىم، — دېدى بوۋايمۇ ھېلىلىدەك قورۇلغان يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئاندىن ئۇ قىزنى يەرگە دەسسىتىپ قويۇپ كەپىسىگە كىرىپ، كەپىسىنى تازىلاشقا باشلىدى، قىز بولسا ھەر تەرەپكە سەكرەپ - تاقلاپ يۈرۈپ ئوينىدى، باسقان ئىزلىرىدىن گۈل كۆچەتلىرى باش كۆتۈرۈپ، بويى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ غۇنچىلاپ يەنە تېزلا ئېچىلىشقا باشلىدى، بوۋاي كەپىنى تازىلاپ سىرتقا چىققاندا، كەپە ئەتراپىنىڭ ئەتىرگۈل گۈلزارلىقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— خۇشال چاغلىرىمدا، — دېدى قىز، — باسقان ئىزلىرىمدىن مەن خالىسام گۈل ئۈنىدۇ، بۇ مەندىكى بىر خىسلەت.

— ياراتقۇچى ئاللا ھەممىگە قادىر، — دېدى بوۋاي سۆيۈنۈپ، ئاندىن ئۇ بۇلاق كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى، قىز ياردەملەشتى، بۇلاق كۆزى تېزلا ئېچىلدى، بۇلاقنىڭ سۈيى بۇرۇنقىدىن خېلى كۆپ ئۇلغىيىپ، ھەرتەرەپكە تاراملاپ ئېقىپ، قۇملارنى سۇرۇپ ئەكەتتى، بىراق ئاخىر يەنە قۇملۇققا سىڭىپ كەتتى.

— ئەمدى بۇ يەر بىر بوستانلىققا ئايلىنىدۇ، — دېدى قىز، — بەلكىم بىر چارباغمۇ بولۇپ قالار.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي قىزىم، — دېدى بوۋايمۇ كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئۇلار كەپىگە كىردى، بوۋاي مومىيىدىن قالغان قۇراق كۆرپىنى قىزغا سېلىنچا قىلىپ بەردى، بىراق قىز بىر قول ياغلىقنى تاشلىغانىدى، كەپە ئىچىدە سۈپىنى بىر ئالغان ئوتقاشتەك رەڭدار ئېسىل

گىلەم، گىلەم ئۈستىدە ئەتلەس كۆرپە، تەتىللا تاشلىق يوتقان، مامۇق ياستۇقلار پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا يەنە بىر ئالتۇن شىرە ۋە شىرە ئۈستىدە ئالتۇن چەينەك، جانان پىيالىلەر ھازىر بولدى، چەينەكتە تېخى خۇش پۇراق چاي دەملەكلىك تۇراتتى.

قىز بوۋاينى ئەتلەس كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر پىيالە چاي تۇتتى، ئاندىن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن كۆھىقاپتا، پەرىلەر مەملىكەتلىرىدىن بىرىنىڭ شاھ ئوردىسىدا دۇنياغا كەلگەن، — دېدى ئۇ، — ئاتام شۇ مەملىكەت پەرىلىرىنىڭ شاھى، ئانام بولسا يەر يۈزىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئادەمزاتنىڭ قىزى ئىدى. مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ بىر يىلدىن كېيىن ئانام قازا قىلدى، ئۇ تۇغما يۈرەك ئاغرىقى بولغاچقا تۇيۇقسىزلا كېسىلى قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرمەي قازا قىلدى. ئۇنىڭدىكى بۇ كېسەللىكنى شاھ ئاتام بۇرۇن سەزمىگەن، ئانامۇ دېمىگەنىكەن، بولمىسا پەرىلەرنىڭ ھۆكۈمالىرى داۋاسىنى قىلاركەن، مەن شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئاتامنىڭ ھەرىمىدە ئېمىكئانام ۋە خاس كېنىزەك پەرىلەرنىڭ پەرۋىشىدە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. رەڭگى - رۇخسارىمنىڭ گۈزەللىكى پەرىلەر ئېلىگە پۇر كەتتى، يەنە تېزلا باشقا پەرىلەر ۋە دىۋىلەر، جىنلار مەملىكەتلىرىگىچە يېتىپ باردى، كۆچى بارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مېنى بۇلاپ كەتكۈسى كېلەتتى، بىراق شاھ ئاتامنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئون تۆت ياشقىچە تىنچ - ئامان ياشىدىم، يېشىم ئون تۆتتىن ھالقىغان كۈنى شاھ ئاتام مېنى خاس قەسرىگە چاقىرتىپ مۇنداق دېدى: — كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى قىزىم، بويۇڭغا يېتىپ قالغىلى تۇردۇڭ، ھۆسن - جامالىڭ قۇياشتەك پارلاپ، ئالەم ئەھلىنىڭ دىل خامىنىغا ئىشتىياق ئوتىنى قويدى، مانا ئەمدى كۈندە دېگۈدەك پەرىلەر، دىۋىلەر، جىنلار مەملىكەتلىرىدىن، پېرىخون - جادۇگەرلەردىن سېنى سوراپ ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، تۇپرىقىمىزغا جەڭگى - جېدەل ئۇرۇقى چېچىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، سەن بىر، ئۇلار كۆپ، تولىسى بىزدىن كۈچلۈك، بىرىگە ماقۇل دېسەم باشقىلىرى رەنجىپ زورلۇق بىلەن سېنى تارتىۋېلىش قەستىدە ھەر

تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ مەملىكىتىمىزنى خاراب قىلغۇدەك، سېنى بەرمەسلىككە تېخى چارەم يوق ئىكەن، نېمە قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قاتتى.

— غەمگۇزارىم ئاتا، — دېدىممەن ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، — مېنىڭ غەم - قايغۇمدا باشلىرى قاتقان بولسا كارى چاغلىق، مېنىمۇ رەھمەتلىك ئانام قېشىغا ماڭدۇرسىلا، مەنمۇ، سىلىمۇ ئارام تېپىپ قالىمىز، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەل خانىۋەيران بولۇپ، ئۆزلىرى ئازاب - كۈلپەتتە قالسىلا راۋا بولماس .

— ياق، قىزىم! — دېدى شاھ ئاتام كەسكىنلىك بىلەن، — جېنىمدىن ئەزىز گۆھىرىمسەن، جېنىمدىن كېچىشكە رازىمەنكى، سەندىن كەچمەسمەن، بارلىقىم سەن ئۈچۈن قۇربان بولسۇن، ياخشىسى ھۆكۈمالىرىم بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلاي.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەملىكەت تەۋەسىدىكى ھەممە ھۆكۈما، دانىشمەنلەرنى جەم قىلىپ، تەدبىر كۆرسىتىشكە ئەمر قىلدى. ئۇلار كۆپ ئويلاپ مۇلاھىزىلەر قىلدى، كۆپ تەكلىپ - مەسلىھەتلەرنى بەردى، لېكىن ھېچبىرى قوبۇل كۆرۈلمىدى. ئاخىر مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئىمكىئانام پەردە كەينىدىن چىقىپ شۇنداق دېدى:

— شەۋكەتلىك شاھ ئالىيلىرى، پېقىر ئاجىزەنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن، بۇ پەردە مەلىكىنىڭ ئۇستازى مۇدەررىس بىلەن باش ھۆكۈما قالسا، باشقىلار قايتىپ تۇرسا، شۇ چاغدا پىكرىمنى ئېيتسام.

شاھ ئاتام دەرھال ئۇستازىم مۇدەررىس بىلەن باش ھۆكۈمانى قالدۇرۇپ، باشقىلارغا قايتىشنى ئەمر قىلدى، ئاندىن ئىمكىئانام خىزمەتچى - كېنىزەكلەرنى خاس قەسرىم ئەتراپىغا ھېچكىمنى يېقىنلاشتۇرماسلىقنى جېكىلەپ، ھەر تەرەپكە كۆز - قۇلاق بولۇشقا بۇيرۇدى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى شامال كىرمىگۈدەك ئەتتى، ئاندىن كېلىپ دېدىكى:

— مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قابىل ئىككى ھۆكۈما ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - ھېكمەتتە بەركامىللىقى ھەممىمىزگە ئاياندۇر،

ئەمدى ئۇلار بار ئىلمى - ھېكمەت كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر سۇرەت
ھاسىل قىلسۇن، مەلىكە سۇرەتكە بەند قىلىنسۇن، ئاندىن ئۇ شېرىن
ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، گۈل - غۇنچە ھالىتىدە تۇرۇپ قالغۇسى،
ۋاقتانىۋاق جاھان تىنچىپ، ئۇ ھەممىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەندە،
ئاندىن رىزقى قوشۇلغان بىرسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھاياتلىق يولىنى
داۋام قىلغۇسى، مەرھۇم خانىش ئايىم مەلىكىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قۇرئە
سالدۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر خېيىم - خەتەر يۈز بەرگەندە مۇشۇ
يول بىلەن ئامان ساقلاپ قېلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى، ۋەسىيەت
بويىچە ئىش قىلساق، مەلىكە سۇرەتكە بەند بولىدۇ، ئاندىن بىز
سۇرەتنى پىنھان قىلىپ:«مەلىكە قازا قىلدى» دەپ جاكار قىلىمىز، سىر
بىز تۆت كىشى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالسىلا ئۇنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ
ئامانلىقى تەھدىتكە ئۇچرىمايدۇ.
— دانا تەدبىر، — دېدى باش ھۆكۈما، — شاھ ئالىيلىرى ماقۇل
كۆرسە سۇرەت ھاسىل قىلىشقا بار كۈچۈمنى سەرپ قىلغايمەن .
— مەنمۇ مەلىكىنىڭ سىياقىدا بىر سۇرەت پەيدا قىلىپ ئۇنى «قازا
قىلغان مەلىكە» دەپ ئەلگە ئايان قىلىمەن، ئۇنىڭ سىر - ھېكمىتىنى
ئۆزگە ئەللەر ھۆكۈما - سېھىرگەرلىرىنىڭ بىلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك
قىلىمەن، — دېدى ئۇستازىم مۇدەررىسمۇ.
شاھ ئاتام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولدى،لېكىن مەندىن
ئايرىلىشقا قىيالماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى، شۇ چاغدا ئۈچ تامچە يېشى
ئۇستۈمگە تامدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەندە ئۈچ خىسلەت پەيدا بولدى.
بىرىنچىسى، كۈلسەم ئالەم-جاھان ئېچىلىپ ئەتراپتا رەڭگارەڭ گۈللەر
پورەكلەپ، خۇشھىدلار چېچىلغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولىدۇ، تېنىمدىن
گۈل ھىدى كېلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قايغۇرۇپ يىغلىسام ئالەم-جاھاننى
قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىلىپ، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغىدۇ،
ئاققان ياشلىرىم مەرۋايىت بولۇپ چۈشىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، باسقان
ئىزىمدىن خالىسام گۈللەر ئۈنۈپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ، چۆل - جەزىرە
بولسۇن، تاغۇدەشتلەر بولسۇن گۈل - گۈلىستانغا ئايلىنىدۇ ياكى
خالىسام ئىزىمدىن ئالتۇن - كۈمۈشلەر پەيدا بولىدۇ. ئاتامنىڭ كۆز

ياشلىرى ئۇنىڭ ئاللاغا قىلغان ئىلتىجاسى، تىلەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسا كېرەك، شۇ سەۋەبلىك مەندە شۇنداق خىسلەتلەر پەيدا بولغانىدى، ئاتام بېشىمنى سىلىدى، ئاندىن ئىككى ھۆكۈماغا مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلىشنى تاپىلىدى، ئۇلارمۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەممە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ كېلىشكە سۆز بېرىپ قايتتى. شاھ ئاتام ئېمىكئانامغا مېنى خاس قەسىردىن، ئالتۇن كارىۋىتىمدىن نېرى قىلماي، «ئاغرىپ قالدى» دەپ گەپ تارقىتىشنى جېكىلىدى، ئۆزىمۇ شاھانە قەسىرگە چىقىپ، تەختتىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئەلچىلەرنى يىغىپ شۇنداق جاكار قىپتۇ:

— مەلىكە ھازىر بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، شۇ ھالدا ئۇنىڭغا تەلەپ - ئىلتىماسلارنى يەتكۈزۈش بىئەپ، ھەممىڭلار قايتىپ تۇرغايسىلەر، مەلىكىنىڭ كېسىلى شىپالىق تاپقان ھامان ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتكۈچىلەردىن بىرسىنى تاللاتقۇزىمەن، ئاندىن لايىقىدا تويـ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، كۈيئوغۇل بولغۇچىغا تاپشۇرىمەن.

شۇندا ئەلچىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولۇپتۇ، ئارىدىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، پەرىلەر ئارىسىدا ئاغرىق - سىلاق كۆپ كۆرۈلمەيتتى، كۆرۈلسىمۇ تېزلا ساقىيىپ قالاتتى، مەلىكىگە نېمە سەۋەبتىن كېسەل تېگىدۇ، ئەمدى قاچان شىپالىق تاپىدۇ، ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە ئەلچىلەر ئۆز مەملىكەتلىرىدىن ئەڭ ئۇستا ئەمچى - ھۆكۈمالارنى كەلتۈرسۇن، خاسىيەتلىك دورىلار ئېلىپ كەلسۇن، مەلىكىگە بىرلىشىپ داۋا قىلايلى.

شاھ ئاتام جاۋابەن شۇنداق دەپتۇ:

— مەلىكەمنىڭ ئانىسى ئادەمزات ئىدى، شۇ سەۋەبلىك مەلىكەممۇ يېرىم ئادەم، يېرىم پەرىزات ھېسابلىنىدۇ، بىزگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ، ئانىسى رەھمەتلىك تۇغما يۈرەك ئاغرىقى بىلەن قازا قىلغانىدى، مەلىكەممۇ شۇنداق يۈرەك ئاغرىقى، بۇ ئىنسانلاردا بولىدىغان كېسەللىك ئىكەن، مەلىكەمگە ئانىسىدىن مىراس قالغان بولسا كېرەك، سىلەر بىھۇدە گۇمان قىلماڭلار، ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ساقىيىپ قالار،

ئۇنى ئەڭ ئۇستا ئەمچى ـ ھۆكۈمالار داۋالاۋاتىدۇ، ئۈچ كۈن تەخىر قىلىڭلار.

ئەلچىلەر نائىلاج قايتىشىپتۇ، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە شاھ ئاتام خاس قەسىرىمدە ماڭا ھەمراھ بولدى، مۆھلەت توشقان كۈنى باش ھۆكۈما بىلەن ئۇستازىم ئوردىغا ھازىر بولدى، ئۇلار بىردىن ساندۇق ئېلىپ كەلگەنىدى.

باش ھۆكۈما ساندۇقنى ئاچقانىدى، ئۇنىڭدىن سۈرىتىم نەقىشلەنگەن لەۋھە چىقتى. ئۇستازىم ساندۇقنى ئاچقانىدى، مېنىڭ سىياقىمدىكى بىر ھەيكەل چىقتى. ئۇستازىم قولۇمغا يىڭنە سانجىپ ،ئۈچ تامچە قېنىمنى ھەيكەلگە تامدۇردى، شۇ ھامان ھەيكەل بەئەينى ئوخلاۋاتقان تىرىك ئادەمدەك بىر ھالغا كەلدى، لېكىن تىنىقى يوق ئىدى، قارىغان ياكى سىلاپ باققان كىشمۇ ئۇنى بىر مۇردا دەپ بىلەتتى.

ئاندىن باش ھۆكۈما دېدى:

ـــ ئەي مەلىكەم، ئەمدى شاھ ئاتىڭىز بىلەن خوشلىشىڭ، بەلكى بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدارلىشالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

مەن شاھ ئاتامنىڭ باغرىغا يېپىشتىم ،كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى، سىرتتا بولسا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، جاھان قاراڭغۇلاشتى، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىپ كەتتى.

شاھ ئاتاممۇ مېنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ پېشانەمگە سۆيدى:

ـــ ئامان بول قىزىم، سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماي ئامالىم بولمىدى، ـــ دەپ باش ھۆكۈماغا ئىشارەت قىلدى.

ھۆكۈما ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىدى، شۇ ھامان تېنىم ئاستا ـ ئاستا يەڭگىللەپ، ئاخىر شامالدا قالغان خازاندەك لەيلەپ، ئۇچۇپ بېرىپ لەۋھە ئۇستىگە قوندى، گويا لەۋھە تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنغاندەك بولدى، ئاستا ـ ئاستا شېرىن ئۇيقۇ باستى، كۆزۈم يۇمۇلغۇچە ھۆكۈمانىڭ بىر پېچەت باغاققا مۆھۈرنى بېسىپ:

ـــ بۇ باغاقچىنى سېھىرلىك قۇلۇپ تۆشۈكىگە چاپلايمىز، ئۇنىڭغا ئەمدى دىۋە ـ پەرى، جىنلار تائىپىسىدىن بىرەرسىنىڭ يېقىنلىششى ۋە

قۇلۇپنى ئېچىشى مۇمكىن بولماس، بىراق كېيىنچە بىر ئادەمزات ئېچىۋېتىدۇ، مەلىكىمۇ قايتىدىن يورۇق جاھانغا چىقىدۇ،— دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئۇلار ماڭا ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتىم، نېمە ئىشلار يۈز بەرگىنىنى بىلمىدىم، كۈنلىرىم شېرىن چۈشلەر قوينىدا ئۆتتى، ئاخىر سىز بەندىلىكتىن قۇتقۇزدىڭىز.

بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئەركىنلىك ۋە نورمال ياشاش هوقۇقىدىن مەھرۇم بولغىنىغا ئېچىندى، كېيىنكى كۈنلىرى ئۈچۈن بەخت تىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاتا - بالا بولۇپ بۇ خىلۋەت ماكاندا ياشىدى، بوۋاي بارغانسېرى ياشىرىپ - تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆچەپ ئىشلىدى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە مەلىكىنىڭ خاسىيىتى بىلەن چۆلدىكى بۇ خىلۋەت جاي مىسلى بىر چارباغقا ئايلاندى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز يەنە ئالەم - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، گۈركىرەپ قارا بوران چىقىپ كەتتى، بوۋاي بىلەن مەلىكە دەرھال دالدىلىنىش ئۈچۈن كەپىگە كىرىۋالدى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، كەپىنىمۇ ئۇرۇپ، ھېچنېمە قويماي ئۇچۇرۇپ كەتتى ۋە «ئاتا - بالا» ئىككىيلەننى قۇمغا كۆمۈۋەتتى.

بىر ۋاقىتتىن كېيىن بوران توختاپ، بوۋاي بىلەن مەلىكە كۆمۈلۈپ قالغان يېرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققاندا، چاربېغىدىن ئەسەرمۇ قالمىغىنىنى كۆردى. بوۋاي ماكانىنىڭ ۋەيران بولغىنىدىن ئېچىندى، بىراق مەلىكە مەيۈسلەنمەي خاسىيەتلىك نەپىسى بىلەن پۈۋلىگەنىدى، سەلكىن شامال چىقىپ، قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ، قۇم بېسىۋالغان كۆچەتلەر يەنە باش كۆتۈردى، بۇلاق كۆزىمۇ ئېچىلىپ، سۈلىرى تاراملاپ ئاقتى، ئاستا- ئاستا يېڭى بىر گۈلزارلىق باغ بىنا بولدى، باغ ئوتتۇرىسىدا بولسا نەچچە ئېغىزلىق بىر ئېسىل ساراي قەد كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى ئارامگاھقا ئىگە بولدى.

— خىسلىتىڭگە ئاپىرىن! — دېدى بوۋاي بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ.

— بىراق، ھېلىقى لەۋھەنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ،— دېدى

مەلىكە سەل مەيۈسلىنىپ.

— ھېچقىسى يوق قىزىم، — دېدى بوۋاي تەسەللى بېرىپ، — بۇ خىلۋەتكە ياتلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ، تىنچ، خاتىرجەم ياشايمىز.

ئەمما، ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە قايغۇردى، لەۋھەنىڭ بىرەر پېشكەللىك ئېلىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى ھەم ئۆزىدىن كېيىن مەلىكىنىڭ يېتىم - يېگانە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ خاتىرجەمسىزلەندى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلىدى.

# ئىككىنچى باب

# پەرىزاتنى ئىزدەش

ئەمدى سۆزنى ھېلىقى لەۋھەدىن ئاڭلىغايمىز. بوران لەۋھەنى ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ، نەچچە كۈنلەردىن كېيىن يول بويىدا ئۆسكەن بىر توغراققا ئىلىندۇرۇپ قويدى، ئارىدىن يەنە نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئادەم ئاز ماڭىدىغان بۇ يولغا بىر كارۋاننىڭ قەدىمى يەتتى، ئۇلار لەۋھەنى كۆردى. كارۋاننى باشلاپ ماڭغان كارۋان بېشى لەۋھەنى قولىغا ئېلىپ ئاچقانىدى، دۇت - دىمىقىدىن پىغانى ئۆرلەپ، ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ توختىدى.

— ئاھ خۇدا! — دېدى ئۇ نالە قىلىپ، — سەن شۇنداق ساھىبجامال پەرىنىمۇ ياراتقانسەنمۇ، ئۇ ھازىر بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ياكى ئۇ شۇنداقلا ئازدۇرغۇچى سۈرەتمىدۇ؟!

ئۇ ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلىپ، سۆزلەپ يۈرۈپ باشقىلارنى ھەيران قىلغانىدى. باشقىلارنىڭمۇ لەۋھەنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، لېكىن كارۋان بېشى دەرھال لەۋھەنى يۆگەپ قوينىغا سالدى- دە، كارۋان ئەھلىگە شۇنداق دېدى:

— ئەي قېرىنداشلىرىم، ئۇشبۇ لەۋھە ئۈچۈن كارۋاندىكى قىرىق تۆگىلىك مېلىمدىن كەچتىم، لەۋھەنى ماڭا قالدۇرۇپ، مېلىمنى بۆلۈشۈۋېلىڭلار، ئاندىن يېڭى بىر كارۋان بېشى سايلاپ ئۇنىڭ يول باشچىلىقىدا يولۇڭلارنى داۋام قىلىڭلار، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.

كارۋان ئەھلى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ھەيران بولدى، لېكىن قىرىق تۆگىلىك مالغا بولغان قىزغىنلىقى لەۋھەگە بولغان قىزىقىشلىرىنى

بېسىپ چۈشۈپ، كارۋان بېشىنىڭ سۆزىگە كۆندى، كارۋان بېشى لەۋھەنى قويىنىغا سالغاندىن كېيىن بىر ئاتقا مىنىپ تەنھا يۈرۈپ كەتتى، كۆڭلىدە شۇ تاپتا لەۋھەگە نەقىشلەنگەن سۈرەت ئىگىسىنى تېپىشتىن باشقا ئوي - پىكىر يوق ئىدى.

كارۋان بېشى كۆپ جايلارغا باردى، نەچچە ئايلار سەرسان بولۇپ يۈردى، ئۇچرىغانلاردىن سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى سۈرۈشتە قىلىپ ماڭدى، كۆرگەنلەر سۈرەتنىڭ ئىشتىياقىدا ئاھ - ۋاھ چېكىشىپ قالدى، لېكىن ھېچقانداق ئۇچۇر بېرەلمىدى، كارۋان بېشى شۇنداق يۈرۈپ بار پۇلىنى خەجلەپ تۈگەتتى، ئېتىنىمۇ سېتىپ خىراجەت قىلدى، ئاخىرى شۇ لەۋھە بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىمىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىدى، قەلەندەر ھالىتىدە يۈرۈپمۇ لەۋھەنى قولىدىن چىقارمىدى، شۇ ھالدا ئاجايىپ كاتتا بىر شەھەرگە يەتتى، ئېگىز ھەم مۇستەھكەم سېپىل بىلەن قورشالغان بۇ شەھەرنىڭ بىر دەرۋازىسىدىن كىرىپ، يەنە بىر دەرۋازىسىدىن چىققۇچە بىر كېچە - كۈندۈز تامام بولاتتى. كارۋان بېشى شۇ شەھەردە تۇرۇپ لەۋھەدىكى سۈرەت ئىگىسىنى تاپماقچى بولدى، ئەمما بىر كىشىگە كۆرسىتىپ بولغۇچە، ئەتراپتىكىلەرنىڭمۇ سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئولاشتى، لەۋھەدىكى سۈرەتنى بىر كۆرمەك بىلەن سۈرەت ئىشتىياقىغا گىرىپتار بولۇشۇپ، گاھىلىرى سېتىۋالماقچى بولدى، گاھىلىرى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئارىدا جەڭگى-جېدەل يۈز بەردى، بىر - بىرىنىڭ باش - كۆزلىرىنى قانغا بوياشتى، ھەركىمنىڭ لەۋھەنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كەلدى.

شۇ چاغ جېدەل ئۇستىگە شەھەرنىڭ باش قازىسى خىزمەتچىلىرى بىلەن كېلىپ، جېدەلنى بېسىقتۇردى، ئەمما لەۋھەدىكى سۈرەتنى كۆرگەن ھامان ئۆزىمۇ ئەقلىدىن ئېزىپ، ئاپئاق ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ئاھ ئۇردى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. كارۋان بېشىنى «دىنىمىزغا مۇخالىپ ھالدا ئادەم سۈرىتىنى پەيدا قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن 40 قامچا ئۇرۇپ قوغلىدى، لەۋھەنى مۇسادىرە قىلغان ھېسابتا ئۆز مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەتتى.

ئازار يېگەن كارۋان بېشى دەرد - ئەلەمگە پايلىماي ئىزدەپ-

سوراپ شاھ ئوردىسىغا ماڭدى، ئەرز - دادىنى شاھقا يەتكۈزمەكچى بولدى، ئەمما ئوردىغا يەتكەندە ياساۋۇللار ئۇنى كىرگۈزمىدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېنەپ تۇرغىنىدا، بىر كىشى شۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ئوردا دەرۋازىسى يېنىغا بىر دۇمباق قويۇلغان، ئۇ ئەرز-شىكايەت قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان، سەن بېرىپ دۇمباقنى چالغىن، ئەرزىڭ بەرھەق بولسا دۇمباق ئاۋازى ياڭرايدۇ، شاھ ئاڭلاپ دەردىڭگە دەرمان بولىدۇ، ئۇ تولىمۇ ئادالەتپەرۋەر شاھتۇر، ئەگەركى ئەرزىڭ ناھەق بولسا دۇمباقتىن سادا چىقمايدۇ، ئۇ چاغدا ياساۋۇللار دەرھال سېنى تۇتۇپ زىندانغا سالىدۇ، ئويلىشىپ ئىش قىل.

كارۋان بېشى مەسلىھەت بەرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىپ، دۇمباق يېنىغا باردى، دۇمباق چوكىسىنى ئېلىپ دۇمباققا زەرب بىلەن ئۇرغانىدى، دۇمباقتىن بەھەيۋەت بىر سادا چىقىپ، يەرمۇ تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى، چۆچۈپ كەتكەن ياساۋۇللار دەرھال ئۇنى شاھ قەسرىگە ئېلىپ كىردى.

شاھ بىتاپ بولۇپ، شاھانە كارىۋىتىدا ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى، شۇنداقتىمۇ زورۇقۇپ تۇرۇپ، كارۋان بېشىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىدى، ئاندىن قازىنى ئېلىپ كېلىشكە ياساۋۇللارنى ماڭدۇردى.

ھايالسىزلا قازى شاھ ئالدىغا ھازىر قىلىندى، شاھ غەزەپ بىلەن توۋلىدى:

— ئەي مەلئۇن، سېنى ئۆلىمىڭگە ھۆرمەت قىلىپ، «ئەدلى - ئادالەتنى جارى قىلدۇرسۇن» دەپ باش قازىلىققا قويغانىدىم، بۇ كىشىگە ناھەق ئازار قىپسەن، جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان گۆھىرىنى تارتىۋاپسەن، بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى قانداق جازالىماق كېرەك؟

قازى دەرھال تىزلىنىپ گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، — دېدى كۆز ياشلىرى بىلەن ئاپئاق ساقاللىرىنى نەمدەپ، — ئۇنىڭ قولىدا بىر لەۋھە كۆردۇم، بىر ساھىبجامال پەرىنىڭ سىماسى ئايان بولدى، تۇغۇلۇپ تا شۇ كەمگىچە ئۇنداق ساھىبجامالنىڭ بارلىقىنى كۆرمىگەن ۋە تەرىپىنى ئاڭلىمىغانىدىم،

بىر كۆرۈپلا قېرى جېنىمغا ئوت تۇتاشتى، خوشۇمنى يوقاتتىم، ئەقلىمدىن ئېزىپ قىرىق يىللىق قازىلىق ھاياتىمدا مۇشۇ بىر قېتىملا ناھەق ئىش قىلىپ قويدۇم، مانا بۇ لەۋھەنى ئەمدى ئىگىسىگە قايتۇراي، ئاندىن ئۆزلىرى قانداق جازاغا بۇيرۇسىلا بەرھەق، مەن ھەممىگە رازى.

شاھ لەۋھەنى كۆرمەكچى بولدى، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ يەنە قازىغا ئوخشاش ئەقلىدىن ئېزىپ ناھەق ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ نىيىتىدىن ياندى، ئاندىن شۇنداق ئەمر قىلدى: قىرىق يىل پايتەختتە باش قازى بولۇپ، ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرگەنىڭ، شۇنىڭ ھۆرمىتىدىن ساڭا كەچۈرۈم قىلاي، ئەمما ناھەق ئۇرغۇزغان ھەربىر قامچاڭ ئۈچۈن، بۇ كىشىگە بىر تۆگىلىك قىممەت باھالىق مال بېرىسەن، ئاندىن يەنە قايتىپ بېرىپ خىزمىتىڭنى بەجا كەلتۈرىسەن، يەنە شۇنداق ناھەق ھۆكۈم چىقىرىپ قويساڭ كاللاڭنى بەدەل قىلىسەن.

قازى شاھنىڭ كەچۈرۈم قىلغىنىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پەرمان ئىجراسى ئۈچۈن مېڭىشقا تەمشەلدى، ئەمما شاھ ئۇنى توختىتىۋېلىپ، كارۋان بېشىغا شۇنداق دېدى:

— ئۇشبۇ لەۋھەنى خالىساڭ ئوردىدا قالدۇرۇپ كەت، بەدىلىگە خەزىنەمدىن قىرىق تۆگىلىك مال ئالغىن، لەۋھەنى ئېلىپ يۈرسەڭ يەنە بىر مۇنچە دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار بولۇشۇڭ مۇمكىن.

كارۋان بېشى لەۋھەدىكى ساھىبجامالنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى ئويلاپ، ۋاز كېچىشنى لايىق كۆردى ـ دە، ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن خەزىنىگە بېرىپ قىرىق تۆگىلىك مال ۋە قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىرىق تۆگىلىك مال ئېلىپ، شاھ بەلگىلەپ بەرگەن قوغدىغۇچىلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە يۇرت ـ ماكانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، لەۋھە بىر ساندۇققا سېلىنىپ، ساندۇق قۇلۇپلانغاندىن كېيىن، شاھ مۆھۈرى بېسىلغان پېچەت چاپلىنىپ، خەزىنىگە ئەكىرىۋېتىلدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، شاھ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ھاياتلىق شامىنىڭ ئۆچەر ۋاقتى بولغىنى ئۆزىگە مەلۇم بولدى، شۇ مەزگىل شاھ ئۈچ شاھزادىسى نۇرمۇھەممەت، نۇرئېلى، نۇرئەزىزلەرنى چاقىرتتى.

شاھزادىلەر قەددى - قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن، ئاپتاپ يۈزلۈك بەرنا يىگىتلەر ئىدى، بولۇپمۇ كەنجى شاھزادە نۇرئەزىز ھۆسن - جامال ۋە قەددى - قامەتتە شۇ زاماننىڭ تەڭدىشى يوق يىگانىسى، زېرەكلىك ۋە جاسارەتتە ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى ئىدى. ئۇنى بىر كۆرگەنلەرنىڭ دىلىدا ھەۋەس - ئىشتىياق ئوتى يالقۇنجاپ، يەنە بىر كۆرۈش تەشنالىقى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالاتتى.

شاھ ئالدىغا ھازىرلىنىپ، كۆزلىرىگە غەم - قايغۇ ياشلىرىنى تولدۇرۇپ تۇرغان پەرزەنتلىرىگە قاراپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بىرھازا ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ يېتىپ كېتىپ، ئاخىر شۇنداق دېدى:

— ئەي يۈرەك پارىلىرىم، ۋىدالىشىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قاپتۇ، ئاللا ئۆمرىڭلەرگە بەرىكەت بەرسۇن، ئۇشبۇ مىنۇتلار بىزگە غەنىيمەت پۇرسەت، مەرھۇم خانىش ئاناڭلار كۆز يۇمۇش ئالدىدا سىلەرنى ئارزۇ - ئىستىكىڭلارغا يەتكۈزۈشنى كۆپ تاپىلىغانىدى، ئىلگىرى نىمە ئارزۇ - ئىستىكىڭلار بارلىقىنى سورىماپتىمەن، مانا ئەمدى يەنە سورىمسام كېچىكىپ ئارماندا كېتىمەن، شۇڭا دىلىڭلارغا نىمىنى پۈككەن بولساڭلار شۇنى تارتىنماستىن بايان قىلىڭلار، شۇ بويىچە ۋەسىيەت قالدۇراي، كېيىنكى ئىشلار شۇ بويىچە بولسۇن، مەنمۇ تىنچ - ئارامىمدا كۆز يۇمۇپ، سىلەرنى رازى قىلالىغىنىمدىن خۇرسەن بولۇپ ياتاي.

شاھزادىلەر بىرھازا بىر - بىرىگە قارىشىپ، سۈلھى - سالا قىلىشىپ تۇرۇپ كەتتى، بىر - بىرىنى ئالدىن ئېغىز ئېچىشقا ئۈندەشتى، ئاخىر شاھ سەۋرسىزلىنىپ چوڭ شاھزادىسى نۇرمەھەممەتكە ئىشارەت قىلىپ دېدى:

— سەن ھەممىدىن چوڭ، شۇڭا نۆۋەت سەندىن كەلسۇن.

— ئەي غەمگۇزارىم ئاتا، — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — پەرمانىڭىزغا بويسۇنماسلىققا ھەددىمىز ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈمدىكىنى ئايان قىلىشقا مەجبۇرمەن، سىز سورىمىسىڭىز ئېيتىشقا تىلىم كۆيەتتى، مەن سىزدىن تەخت ۋارىسى بولۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

شاھ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، تەخت ساڭا قالسۇن، ئۇمىدىم تەختتە ئولتۇرغىنىڭدا ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولغىن، رەھىم - شەپقەتلىك بولغىن، ئېلىڭگە تىنچلىق ۋە باياشاتلىق يارىتىپ بېرىشكە تىرىشقىن، شۇنداق قىلساڭ خەلقىڭ سېنى ھىمايە قىلىدۇ، سەلتەنىتىڭنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولىدۇ، دۆلىتىڭ زىيادە بولىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ، مەملىكىتىمىز جاھاندا ئەڭ كەڭ، ئەڭ باي، ئەڭ قۇدرەتلىك مەملىكەت، يەنە بەش يۈز شەھەرگە ھۆكمىمىز ئۆتىدۇ، مەملىكەتنى يەنىمۇ راۋاج تاپتۇرغۇنكى، ھەرگىز زاۋال تاپمىسۇن.

شۇ يەردە تۇرغان ئوردا كاتىپى شاھنىڭ شاھزادە نۇرمۇھەممەتنى تەخت ۋارىسى قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيىتىنى خاتىرىلىدى، شاھ ئىمزا قويۇپ، مۆھۈرىنى باستى.

ئارقىدىن ئىككىنچى شاھزادە نۇرئېلى شاھنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئەي مېھرىبانىم ئاتا، سىزدىن كېيىن بېشىمغا نېمە كۈنلەر كېلىشىنى بىلمەيمەن، ئاكام بىز ئىنىلىرىگە مېھرىبان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆز ئالدىمغا بىر ئىگىلىكىم بولسا، نەچچە ئەۋلادىمغىچە كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالماي، ئاسايىشچىلىقتا ياشىسام دەيمەن، شۇ سەۋەبلىك جاھاندىكى ئەڭ كاتتا باي - زەردار بولغۇم بار.

شاھ ئۇنىڭمۇ بېشىنى سىلاپ مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، تىلىكىڭ ئورۇنلۇق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئون خەزىنە بار، ھەر خەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر- ياقۇتلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، توققۇز خەزىنە سېنىڭ بولسۇن، قالغان بىر خەزىنىمۇ ئاكاڭنىڭ دۆلەتنى روناق تاپتۇرۇشىغا، ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ كېتىشىگە يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەزىنىگە ھەر تەرەپتىن باج - خىراج سۇدەك ئېقىپ كىرىپ تۇرىدۇ.

ئوردا كاتىپى بۇ ۋەسىيەتنىمۇ خاتىرىلىدى، ئاندىن كەنجى شاھزادە نۇرئەزىز شاھنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئاتا، ئاتىلىق مېھرىڭىزگە تېخى قانمىدىم، ئەمما نائىلاجلىقتىن ۋىدالىشىدىغان ۋاقتىمىز يېقىنلاپتۇ، مەندىن رازى بولسىڭىز، مەنمۇ سىزدىن رازى، سايىڭىز، غەمگۇزارلىقىڭىزدا ئون سەككىز ياشقا قەدەم قويۇپتىمەن، نەۋقىران يىگىت بوپتىمەن، يەنە سىزگە تىلەك - ئىلتىماس دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، ماڭا دۇئا بېرىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا تىلىكىم يوق، بەختىمنى ئۆز تىرىشچانلىقىم بىلەن تاپىمەن.

شاھ ئۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدى، جايىنامازدا قىبلىگە يۈزلىنىپ ئۇزاققىچە دۇئا قىلدى، ئوردا ئەھلىنى خاس قەسرىگە چاقىرتىپ ۋەسىيەتكە شاھىت قىلدى، ئاندىن يەنە پەرزەنتلىرىگە قاراپ:

— ئەي كۆز نۇرلىرىم، ئىتتىپاق بولۇڭلار، مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن يازما ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە شۇنى ئەستە تۇتۇڭلاركى، خەزىنىدە بىر ساندۇق بار، ساندۇققا مۆھۈرۈم بېسىلغان پېچەت چاپلانغان، ئۇنىڭغا بىر ئوت قاچىلانغانكى ئاچقان ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ، كۈرمىڭ دىشۋارچىلىققا گىرىپتار قىلىدۇ، ئۇنى ئاچماڭلار، ئاچقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كويىدا ئاۋارە بولماڭلار، ئەسلىدە ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدىم، ئەمما كۆيمىدى، سۇدىمۇ ئاقمىدى، كۆمۈۋەتسەم يەنە پەيدا بولۇپ  يوقالمىدى، نېمە سىر بارلىقىنى بىلمىدىم، كۆپ ئېھتىيات قىلىڭلار، سىلەرنى «بىر بالاغا دۇچار قىلمىغىدى» دەپ ئەنسىرەيمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن شاھ ئېغىر تىنىدى، ئاندىن كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى، ئوردا ئىچىنى يىغا - زار قاپلىدى، مەملىكەت بويىچە يەتتە كۈن ماتەم تۇتۇلدى، ئاندىن مەملىكەت تەۋەسىدىكى كەمبەغەل يېتىم - يېسىر، غېرىب - مىسكىنلەرگە مول نازۇنېمەتلەر بىلەن نەزىر بېرىلدى، سەدىقە، خەير - ئېھسانلارمۇ مول بولدى، ئاندىن شاھزادە نۇرمۇھەممەت تاج كىيىپ تەختكە ئولتۇردى، ئاتىسىدىن قالغان سادىق ۋەزىر - سەركەردىلەرنى يەنە ئۆز ۋەزىپىلىرىدە قالدۇردى، توققۇز خەزىنىنى شاھزادە نۇرئېلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، شاھزادە نۇر ئەزىزگىمۇ خەزىنىدىن خالىغان نەرسىنى ئېلىشنى تاپشۇردى.

شاهزادە نۇرئەزىز ئاكىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خەزىنىگە كىردى، ئەمما ھېلىقى ساندۇقتىن باشقىغا كۆز قىرىنى سالمىدى.

— سىلەرنىڭ مېھرىبانلىقىڭلارنى بىلىمەن— دېدى ئۇ ئاكىلىرىغا،— شۇڭا نىمە كېرەك بولسا ھازىرلاپ بېرىدىغىنىڭلارغا، ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغىنىڭلارغا ئىشەنچىم كامىل، ئۇشبۇ خەزىنىدە ماڭا ھەممىدىن قىممەتلىكى ئاشۇ ساندۇقتەك بىلىنىدى، تىلىكىم ئۇنى ئېچىشتا، ئىچىدە نىمە بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا رۇخسەت قىلساڭلار، ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا بىھاجەت.

ئاكىلىرى كۆپ ئويلانمايلا ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى، چۈنكى ئۇلارمۇ بۇرۇن ئاشۇ ساندۇققا بەكمۇ قىزىقىپ قالغانىدى.

— ئاچقىن! — دېدى ئۇلار، — ئاندىن يەنە خەزىنىلەردىن نېمىنى، قانچىلىك خالىساڭ شۇنى ئالغىن، بىزدە بارى سېنىڭ، سېنىڭدىكىسى ھەم بىزنىڭ، سەن ئۈچۈن جانىمۇ ئايىمايمىز.

شاھزادە نۇرئەزىز خۇرسەن بولۇپ، ساندۇقنىكى پېچەتنى يىرتىۋالدى، قۇلۇپ شۇ ھامان ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كەتتى، ساندۇقتىن ھېلىقى لەۋھە چىقتى، لەۋھەنى ئاچقانىدى، لەۋھەدىكى ساھىبجامالنىڭ ھۆسن - جامالى ئاپتىپىدا خەزىنە ئىچى يورۇپ كەتتى، شاھزادىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئىشتىياق ئوتى تۇتاشتى.

چوڭ شاھزادە نۇرمۇھەممەت مەسلىھەت تەرىقىسىدە شۇنداق دېدى:

— بىر رەسىمگە ئۈچىمىز تەڭ ئاشىق بىقارار بولدۇق، ئەمدى بۇ دەردكە داۋا قىلماي ئامال يوق، تەكلىپىم رەسىم خەزىنىدە قېلىۋەرسۇن، رەسىمدىكى ساھىبجامال بۇ دۇنيادا بار بولسا ھەم ئۇنى تاپالىساق مۇراد ھاسىل بولغىنى شۇ، قايسىمىز بالدۇر تاپساق ئۇ شۇنىڭغا مەنسۇپ بولسۇن.

— بىراق، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ئۇنى ئىزدەشكە قولاي-لىق بولۇشى ئۈچۈن رەسىمدىن نەچچە نۇسخا كۆپەيتىپ سىزدۇرايلى.

— ماڭا كۆپەيتىپ سىزدۇرۇش ھاجەتسىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — رەسىمدىكى ساھىبجامالنىڭ سىماسى ئاللىبۇرۇن كۆڭۈل بېتىمگە نەقىشلەندى، مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنى ئىزدەش يولىغا

ئاتلىنىمەن.

— ساڭا كۆپ لەشكەر ھەمراھ بولسۇن، — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — يولدا كۈرمىنىڭ خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇشۇڭ مۇمكىن، شۇ چاغدا لەشكەرلەر ساڭا ھەمراھ بولىدۇ.

— خىراجىتىڭگە كۆپرەك ئالتۇن ئېلىۋال، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — يولدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشۇڭ چوقۇم، شۇ چاغدا ئېلىۋالغان بايلىقىڭ ئوبدانلا ئەسقاتىدۇ.

شاھزادا نۇرئەزىز ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە تەشەككۈر ئېيتتى، لېكىن خەزىنىدىن چىققاندىن كېيىنلا شامالدەك تېز چاپار تۇلپارىغا مىنىپ، تاشنىمۇ ياغدەك كېسىدىغان مىسران قىلىچى، يولتۇزلارنىمۇ ئېتىپ چۈشۈرگۈدەك خىسلەتلىك ئوقياسىنى ئېلىپلا شەھەردىن چىقىپ كەتتى. نە بىر لەشكەر ھەمراھ قىلمىدى، نە بىر مىسقال ئالتۇن ئېلىۋالمىدى.

شاھزادە نۇرمۇھەممەت بىلەن شاھزادە نۇرئېلىمۇ ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇپ قالدى، ئۇلار ئالدى بىلەن مەسلىھەت بويىچە ئەڭ ماھىر رەسساملارغا لەۋھەدىكى سۈرەتنى كۆپەيتىپ سىزدۇردى، ئەمما رەسساملار ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ لەۋھەدىكى سۈرەتنى ئەينەن سىزىشقا قادىر بولالمىدى، گويا نۇرلۇق قۇياشنى شامغا ئوخشىتىپ سىزغانچە سىزىپ چىقالىدى، شۇنداقتىمۇ يېڭى سىزىلغان رەسىمدىكى ئوبرازمۇ يەنىلا كۆرگەنلەرنىڭ كۆڭۈل خامىنىغا ئىشتىياق ئوتى قويغۇدەك جەلىپ قىلارلىق چىقتى.

شاھزادىلەر لەۋھەدىكى سۈرەتنى ئون نەچچە نۇسخا كۆپەيتىپ، ئاندىن رەسساملارغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ قايتۇردى، لەۋھەنى بولسا خەزىنىدە قالدۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە نۇرمۇھەممەت يەتتە نەپەر دانىشمەننى تاللاپ ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، ھەربىرىگە بىردىن سۈرەتنى بېرىپ، مول سوۋغاتلار بىلەن يەتتە ئىقلىم ئەللىرىگە ماڭدۇرۇپ، سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى تېپىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. قۇرئەنداز، پالچى، ھۆكۈمالارغا سۈرەتتىكى ساھىبجامالنىڭ دېرىكىنى قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى، كىمكى بىرىنچى بولۇپ بۇ

ھەقتە خەۋەر يەتكۈزسە، كاتتا ئىنئام ۋە تەۋەسىدىكى ئەللىك شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

شاھزادە نۇرئېلى بولسا مەملىكەت تەۋەسىدىكى كارۋان باشلىرىنى ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن كارۋاندىكىلەرنى يىغىپ، سۈرەتتىكى ساھىبجامالنىڭ دېرىكىنى قىلىشنى تاپشۇردى، كىمكى بىرىنچى بولۇپ ئۆچۈر بەرسە توققۇز خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ يېرىمىنى ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم بۇ ھەقتىكى ئېلاننى ھەرتەرەپكە تارقاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئىنئام تەمەسىدە سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى ئىزدەش يولىغا ئاتلاندى، بۇ ئىش ناھايىتى زور غولغۇلا قوزغاپ، داغدۇغا پەيدا قىلدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئىككى شاھزادىنىڭ قىسمىتى

ئەمدى سۆزنى شاھزادە نۇرئەزىزدىن ئاڭلىماق كېرەك. شاھزادە نۇرئەزىز تەنھا تەۋەككۇل ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ يولغا چىققىنىچە نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ توختىدى، تۇلپار ئادەتتىكى ئاتلار ئەڭ تېز سۈرئىتى بىلەن نەچچە ئايدا باسىدىغان مۇساپىنى بىر كۈندە بېسىپ توختىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز شۇتاپتا قايان بارارىنى، مەقسەت گۆھىرىنى نەدىن تاپارىنى بىلمەيتتى، ئۇ توختىغان يېرىدىكى بىر بۇلاق بويىغا چۈشۈپ چاڭقىغان ئېتىنى سۇغاردى، ئۆزى ھەم سۇدىن ئۇچۇملاپ ئىچتى، ئاندىن تۈننى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئارام ئېلىۋېلىش مۇددىئاسىدا ئاسماننى يېپىنچا، ئوت - چۆپلەرنى سېلىنچا قىلىپ ياتتى. تۇلپار ئەتراپىدا ئوتلاپ قالدى، تولۇن ئاي ئالەم - جاھاننى يورۇتۇۋەتكەنىدى، شاھزادە نۇرئەزىزغا تولۇن ئاي سۈرەتتىكى ساھىبجامالنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسى بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ گويا «مەغرىب تامام ماڭغىن، مەغرىب تامام» دەۋاتقاندەك، نۇردىن ھاسىل بولغان بىر قول پەيدا بولۇپ، مەغرىب تەرەپنى ئىما قىلىۋاتقاندەك بىلىندى.

«چوقۇم شۇ تەرەپكە ماڭىمەن» دەپ پىچىرلىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۆز - ئۆزىگە، ئاندىن ئۇ سەلكىن شامالنىڭ ئەللەيلىشىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالغاندىن كېيىن سۇ، ئوتقا تويۇنۇپ، ئوبدانلا ئارام ئېلىۋالغان تۇلپىرىغا مىندى- دە،

مەغرىب تامام يورۇپ كەتتى. نەچچە ئون كۈنلەر يۈردى، بىرەر ئىنس - جىن يولۇقمىدى، بەلكى ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن بىر دەشت - باياۋانغا، ئاندىن چەت - ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز چوڭ قۇملۇققا كىرىپ قالدى، تۈلپار قۇملۇقتا يۈرۈشكە ماسلىشالماي سۈرئىتى ئاستىلىدى، بارا-بارا پۇتلىرى قۇمغا پېتىپ مېڭىشقا ئىمكان بولمىدى، ئۇ ئامالسىز تۈلپاردىن چۈشۈپ، ئۇنى يېتىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداق كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز غايەت زور ۋە بەتبەشىرە كەسلەنچۈككە يولۇقتى. كەسلەنچۈكنىڭ ئاغزىدىن زەھەرلىك بۇس - تۈتەك ۋە ئوت چىقىپ تۇراتتى، شاھزادە نۇرئەزىز خەۋپسىرەپ قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، تۈلپىرى بولسا ئۈركۈپ قېچىپ كەتتى، كەسلەنچۈك ئېغىز - بۇرنىدىن ئوت پۈركۈگەنچە شاھزادە نۇرئەزىزغا ھۇجۇم قىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز بولسا تەمتىرىمەستىن پۈركۈگەن ئوت ۋە زەھەرلىك تۈتەكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كەسلەنچۈككە قىلىچ ئۇردى، بىراق كەسلەنچۈك قىلىچ تەگكۈچە غايىب بولۇپ، ئورنىدا بىردىنلا بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بىر دىۋە پەيدا بولدى، دىۋە كېلەڭسىز ۋە يوغان پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى دەسسەپ قۇمغا پاتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇپ كەتمەي، چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغاچ قىلىچىنى قىنىغا سالدى-دە، ئوقياسىنى بەتلەپ، دىۋىنىڭ پانۇستەك يېنىپ تۇرغان كۆزىنى نىشانلىدى، بىراق ئوق ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بارغانچە كۆپكۆك ئاسمان قەرىدىكى ئاپئاق بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ كەتتى، چۈنكى دىۋە ئوق كىرىچتىن ئايرىلغان ھامان غايىب بولغانىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ھەيرانلىق بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ قالدى، بىراق ئىنس - جىن كۆرۈنمىدى، ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئوقياسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، قۇملۇق ئاستىدىن غايەت زور بىر قول سوزۇلۇپ چىقتى-دە، ئۇنى قۇشقاچ سىقىملىغاندەك سىقىملاپ ئەكىرىپ كەتتى......

ئەمدى سۆزنى شاھزادە نۇر ئەزىزنىڭ تۈلپىرىدىن ئاڭلايلى. تۈلپار بەتبەشىرە كەسلەنچۈكتىن ئۈركۈپ قاچقانچە يىراققا كېتىپ، كېيىن

قايتىپ كەلدى، ئەمما شاھزادە نۇرئەزىز بولمىغاندىن كېيىن يەنە كەينىگە ياندى، نەچچە ئون كۈنلەر توختىماي يۈرۈپ قونمۇقتىن، دەشت - باياۋاندىن چىقتى، ئوت - سۈيى ئەلۋەك جايلاردىن سۇ - ئوتقا تويۇنۇۋالغاندىن كېيىن يەنە چېپىپ، ئادەمزات ئولتۇراقلاشقان جايلارغىمۇ يەتتى، ئۇچرىغانلا كىشىنىڭ تۇتۇۋالغۇسى كەلدى، ئەمما تۇلپار ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەي، بىر كۈنلىرى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ شەھرىگىمۇ يەتتى، ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن توسالغۇسىز كىرىپ ئۇدۇللا ئوردا ئاتخانىسىغا بېرىپ توختىدى. تۇلپارنى كۆرگەن ئاتخانىدىكى مىراخور دەرھال خىزمەتچىلەرگە ئۇنى خاس ئېغىلغا ئەكىرىپ ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ ئۆزى شاھ قەسرىگە يۈگۈردى، ھودۇققىنىدىن نەچچە يەردە زەرباب تونىنىڭ پەشلىرىگە دەسسىۋېلىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ شاھ قەسرىگە كىردى- دە، ئوردا ئەربابلىرى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتىدە ئولتۇرغان شاھزادە نۇرمۇھەممەتكە ئەدەپ- ئىكرامىنىمۇ قايرىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، كەنجى شاھزادىمىزنىڭ تۇلپىرى قايتىپ كەلدى.

— نېمە! — دەپ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى شاھزادە نۇرمۇھەممەت،— ئىنىم ئۆزىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن خەۋەرسىزمىز ئالىيلىرى، — دېدى مىراخور، — تۇلپار ئۆزىلا قايتىپ كەلدى، چاك - توزان بېسىپ، قارا تەرگە چۆمۈپتۇ، ناھايىتى يىراقلاردىن چېپىپ كەلگىنى مەلۇم ،كەنجى شاھزادىنىڭ دېرىكى يوق.

شاھزادە نۇرمۇھەممەت لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئوردا ئەھلى غولغۇلىغا چۈشتى.

شاھزادە نۇرمۇھەممەت مەسلىھەت نەزەرى بىلەن ئۆلارغا باقتى، ئوردا ئەھلىدىن باش ۋەزىر ئېغىز ئېچىپ:

— تەۋەلىكىمىزدىكى ھەممە يېزا - قىشلاقلارغا پەرمان چۈشۈرەيلى، ئادەم چىقىرىپ كەنجى شاھزادىمىزنىڭ دېرىكىنى قىلسۇن، — دېدى مەسلىھەت تەرىقىسىدە.

— قۇرئەنداز، ھۆكۈمالارمۇ قۇرئە سېلىپ ئىزدەپ باقسۇن، — دېدى يەنە بىر ۋەزىرمۇ ئۆلاپلا، — بەلكىم دېرىكى بولۇپ قالار.
شاھزادە نۇرمۇھەممەت تەخىرسىزلىك بىلەن مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى، شۇ ھامان خەۋەرچى ياساۋۇللار يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە پەرمان يەتكۈزۈشكە ماڭدى، پالچى- قۇرئەنداز، ھۆكۈمالارمۇ ئوردىغا يىغىلىپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇشتى. ئاخىرى:
— كەنجى شاھزادىمىز بۇ يەردىن ناھايىتى يىراق، ناھايىتىمۇ يىراق بىر جايدىكى قۇملۇقتا غايىب بولغان، — دېگەن يەكۈننى چىقىرىشتى.
— ئۇ جاي بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزدىمۇ ياكى باشقا ئەللەر تەۋەلىكىدىمۇ؟ — سورىدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت.
— ئۇ جاي بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزدە ئەمەسكەن، — دېدى باش ھۆكۈما، — يەتتە ئىقلىم شاھلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ تەۋەلىكىدىمۇ ئەمەسكەن، ئىنسان ئايىغى تېگىپ باقمىغان بىر جايلىقى مەلۇم، بىز بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرنەرسە دېيىشكە ئاجىز كەلدۇق.
شاھزادە نۇرمۇھەممەت ئۆلارنىڭ ھەرھالدا ئازراق يىپ ئۇچى دەپ بېرەلىگىنى ئۈچۈن ئىنئام بېرىپ قايتۇردى، ئاندىن ۋەزىر - ئۆلىمالارنىمۇ تارقىتىۋېتىپ، خاس قەسرىگە ياندى.
«ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ئىنىسىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىپ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى، كېچىسى بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە مەرھۇم ئاتىسى قەبرىسىدىن چىقىپ «ئىنىڭنى تاپ ئوغلۇم، مەغرىب تەرەپتىن ئىزدە، مەغرىب تەرەپتىن» دېگۈدەك. شاھزادە نۇرمۇھەممەت ئويغىنىپ تۇرۇپ كەتتى، ئاتىسىنىڭ روھى بېشارەت بەرگەن تەرەپتىن ئىنىسىنى ئىزدەپ مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، بىراق تاڭ سۈزۈلگۈچە شاھزادە نۇرئېلى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇنۇپ بولدى - دە:
— ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، سەن ھازىر دۆلەت ئاتىسى، تەختنى تاشلاپ كەتسەڭ بولمايدۇ، شۇڭا مەن باراي، ئىنىمىزنى مەن

ئىزدەپ تاپاي، — دېدى سەۋرسىزلىك بىلەن.
— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — كېچە ئاتامنىڭ روھىدىن بېشارەت بولدى، مەغرىب تامام ماگسام بولغۇدەك، سەن ئورنۇمدا شاھلىقنى يۈرگۈزۈپ تۇر، ئۆزۈم يولغا ئاتلىناي.
بىراق شاھزادە نۇرئېلى بۇنىڭغا كۆنمىدى، ئاكا - ئۇكا كۆپ تالاش- تارتىش قىلىشىپ، ئاخىر چەك تاشلاپ، چەكتە كىمنىڭ ئىسمى چىقسا شۇ شاھزادە نۇرئەزىزنى ئىزدەپ مېڭىش ھەققىدە كېلىشتى.
ئۇلار چەك تاشلاشتى، چەك يەنىلا شاھزادە نۇرمۇھەممەتكە چىقتى، شاھزادە نۇرمۇھەممەت شاھزادە نۇرئېلىنى يېتىلەپ سەلتەنەت قەسرىگە ئېلىپ كىرىپ، دۆلەت ئەربابلىرى ئالدىدا تاج - تەختنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.
— ئامان بولغىن ئاكا،— دېدى شاھزادە نۇرئېلى،— مۆھلەت بەلگىلىۋالايلى، ئەگەر بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە قايتىپ كېلەلمىسەڭ سېنى ئىزدەپ بارىمەن.
— ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇچى بولما، — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — ئاتىمىزدىن قالغان تاج - تەختكە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانغا ھامان بىرىمىز قېلىشىمىز كېرەك، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك.
شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە نۇرمۇھەممەت تولۇق تەييارلىق بىلەن شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ تۇلپىرىغا مىنىپ، شاھزادە نۇرئېلى ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ ئۇزىتىشىدا شەھەردىن چىقتى. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپلا توققۇز تۇلۇم ئالتۇن - كۈمۈش تەڭگىلەرنى غېرىب - مىسكىنلەرگە خەير - ئېھسان قىلدى. شاھزادە نۇرئېلىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن ئۈچ ئايغىچە ھەركۈنى توققۇز تۇلۇم ئالتۇن - كۈمۈش تەڭگە سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.
شاھزادە نۇرمۇھەممەت يادىن ئېتىلغان ئوقتەك تېز سۈرئەتتە تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى، تۇلپار ئۇنى شاھزادە نۇرئەزىز ماڭغان يول بىلەن ئېلىپ كەتتى. نەچچە كېچە - كۈندۈز خىيالدەك تېز سۈرئەتتە چاپتى، ئاخىر بىر بۇلاق بويىدا توختىدى، شاھزادە نۇرمۇھەممەت شۇ يەردە

تۇلپارنى ئېگەر - جابدۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئوتلاشقا قويۇۋەتتى، ئۆزىمۇ بۇلاق سۈيىدە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئارام ئالدى. ئەمما، خىيالىي تۇرغان پەيتتە بۇلاقتىن بويى ئۈچ غېرىچ، ساقىلى توققۇز غېرىچ كېلىدىغان پاكار بىر بوۋاي چىقىپ، ئۇنى ساقىلى بىلەن يۆگەپ - تارتىپ بۇلاققا ئەكىرىپ كەتتى. نېرىدا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان تۇلپار قاتتىق كىشنەپ چاپقانچە، بۇلاق ئەتراپىنى چۆرگىلىدى، ئەمما شاھزادە نۇرمۇھەممەتنىڭ شولىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ۋاپادار تۇلپار نەچچە كۈنگىچە بۇلاق ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر يەنە كەلگەندىكىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە كەينىگە يېنىپ چېپىپ كەتتى. نەچچە ئون كۈنلەردىن كېيىن ئۆز شەھىرىگىمۇ يەتتى، شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگىنىچە ئۇدۇل ئوردا دەرۋازىسىغا بېرىپ توختاپ قاتتىق كىشنىدى. شاھانە قەسىر ئىچىدە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتىدە ئولتۇرغان شاھزادە نۇرئېلى قاتتىق چۆچۈپ، تەختتىن چۇراپ تۇرغانچە ئوردا ئالدىغا چىقتى، ئەمما تىلسىز ئات ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يۈزىنى سۈركەپ، كىشنەپ تۇرغاندىن باشقا ھېچنېمىنى ئۇقتۇرالمىدى .

شاھزادە نۇرئېلى ياساۋۇللارغا تۇلپارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ، شاھانە قەسرىگە ياندى، ھەممە ئوردا ئەربابلىرىنى ۋە قۇرئەنداز ھۆكۈمالارنى يىغىپ، مەسلىھەتكە چۈشتى:

— ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟

ئوردا ئەربابلىرى بىرنېمە دېيىشكە ئاجىز كېلىپ قۇرئەنداز، ھۆكۈمالارغا قارىدى. قۇرئەنداز، ھۆكۈمالار قۇرئەگە قاراپ، كارامەتلىرىنى ئىشلىتىپ، ئاخىر بىردەك شۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك شاھزادە ئالىيلىرى، نۆۋەت سىلىگە كەپتۇ، ئىككى قېرىنداشلىرىنىڭ دېرىكى سىلى يولغا چىقمىغۇچە مەلۇم بولمىغۇدەك.

باش ۋەزىر دېدى:

— ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغۇدەكمۇ ياكى......

— ئاقىۋىتى خەيرلىك بولغۇدەك، — دېدى ھۆكۈمالار، — ھېچبولمىغاندا چوڭ شاھزادە تىنچ - ئامان قايتىپ كەلگۈدەك، ئەمما كەنجى شاھزادە ھەققىدە بىرنېمە دېيەلمەيمىز.

شاھزادە نۇرئېلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ساداقەتمەن باش ۋەزىرنى ئۆز ئورنىدا ۋاقىتلىق قالدۇرۇپ، ھەمراھمۇ ئالماي ئوردىدىن چىقتى، تۇلپارغا مىنگىنىچە شەھەردىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى. باشقىلار ئىلىپ چىققان لازىمەتلىكلەرنىمۇ بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى، نائىلاج ئامانلىق تىلەپ قايتتى.

شاھزادە نۇرئېلى نەچچە ئون كۈنلەر توختىماي ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە يۈردى. شۇنداق كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز يول ئۈستىدە توپىغا مىلىنىپ ياتقان بىر بىچارىنى ئۇچراتتى، تۇلپار شۇ يەردە تاققىدە توختاپ قالدى، شاھزادە نۇرئېلى تۇلپاردىن چۈشتى، بېرىپ ھېلىقى بىچارىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، قول ياغلىقىدا يۈز - كۆزلىرىدىكى چاڭ-توزاننى سۈرتتى، توپا- چاڭ ئىچىدە قالغان گۆھەر مىسالى بىر چىراينى كۆردى.

— ساخاۋەتلىك يىگىت، — دېدى ھېلىقى كىشى زەئىپقىنا، — يولۇڭدىن قويغىنىمنى ئەپۇ قىلغىن، شۇ تاپتا ياردىمىڭ بەك زۆرۈر، بۇ يەر ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان يېزا - قىشلاقلاردىن بەك يىراق، ئوزۇقسىز ۋە سۇسىز قېلىپ نىمجان بولۇپ قالدىم، ئېغىر كۆرمەي تۇلپىرىڭ بىلەن ماڭا سۇ ۋە ئوزۇقلۇق تېپىپ ئەكېلىپ بەرسەڭ.

شاھزادە ئۆزىمۇ چاڭقاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى. ئالدىراقسانلىقتىن سۇمۇ، ئوزۇقمۇ ئېلىۋالماي نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئاچ قورساق يۈرگەنىدى.

— مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈممۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا تۇرۇپتىمەن، ئەمما ساڭا قارىغاندا خېلى ماغدۇرۇم بار، يېمەك - ئىچمەك غېمىنى قىلىپ كېلىمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى كىشىنى بىر توغراق سايىسىگە يۆتكەپ ياتقۇزۇپ قويدى- دە، يەنە تۇلپىرىغا مىنىپ ئادەم بار جايغا بېرىشنى لازىم تاپتى. ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئۇزاتقۇچىلار ئېلىپ چىققان لازىمەتلىكلەرگىمۇ قارىماي مېڭىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى.

تۇلپار كەينىگە يېنىپ بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز چاپتى، ئاخىرى بىر كەپە ئالدىغا كېلىپ توختىدى، كەپىدە چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلغان بىر موماي چاقتا يىپ ئېگىرىپ ئولتۇراتتى،

شاھزادە نۇرئېلى تولپاردىن سىيرىلىپ دېگۈدەك چۈشتى، ئۆرە تۇرالىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغىنىنى ھېس قىلدى، مومايغا سالام بېرىۋېتىپ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— ۋاي بىچارە! — موماي ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، — قانداقسىگە بۇ چۆل - باياۋانغا كىرىپ قالغانسەن دېدى، ئاندىن ئۇ بىر ھېجىردا سۇ ئېلىپ كېلىپ شاھزادە نۇرئېلىنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى، شاھزادە نۇرئېلى گويا ئابىھاياتقا ئېرىشكەندەك ھېس قىلدى ۋە خېلى تېتىكلىشىپ ئولتۇردى - دە:

— ئەي موما، ئاش - تائام بولسا بەرسەڭ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا كۆپ قىينالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھالى مەندىنمۇ بەتتەر بىر كىشى يول ئۈستىدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا يېتىپ قالدى.

— كۆرۈپ تۇرۇپسەن، — دېدى موماي، — بۇ يەرمۇ بىر چۆل-جەزىرە، يېمەك - ئىچمەك غېمىنى قىلماق بەسى مۇشكۈل، ياشىنىپ تېنىمدىن ماغدۇر قاچقان، شۇڭا باشقا جايلارغا كېتەلمەيمەن، ساڭا بىكاردىن - بىكار ئۆزۈم يەيدىغان، ئىچىدىغاننى بەرسەم، سەن ۋە ھەمراھىڭ دۇچار بولغان ئازابقا مەن تۇتۇلسام بولىدۇ، مېنى كەچۈرگىن.

شاھزادە نۇرئېلى گەپ - سۆز قىلماي يېنىدىن ئايرىمايدىغان ھەمىيىنىنى ئېلىپ ئىچىدىكىنى تۆكتى، ساپ ئالتۇن تەڭگىلەر ۋە قىممەت باھالىق گۆھەر تۆكۈلدى، ھەممىسى ئىككى تاۋاق كېلەتتى.

— ئەي غەمگۈزارىم موما، — دېدى ئۇ يېلىنىپ، — بۇ ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، ماڭا يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسە بەرگىن، يولدا قالغان كىشىگە ۋەدە قىلىۋىدىم، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالاي.

موماي كۈلۈپ كېتىپ شاھزادە نۇرئېلىنى بىر قازناققا ئېلىپ كىردى، قازناققا كىرىپلا شاھزادە نۇرئېلىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى، چۈنكى قازناققا كېسەك ئالتۇنلار خىش تىزغاندەك تىزىپ قويۇلغان، گۆھەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى.

— كۆرگەنسەن، — دېدى موماي، — سېنىڭ ئازغىنە ئالتۇن ۋە گۆھەرلىرىڭگە ئېھتىياجىم يوق، بەلكى كېرەك بولسا بۇلاردىن خالىغانچە

ئالغىن، بۇ چۆلدە ھەممىدىن قىممەتلىكى سۇ بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك.

شاھزادە نۇرئېلى ئوكايسىزلىنىپ كەينىگە ياندى، ئەمما يەنە ئاخىرقى قېتىم مومايغا يېلىنىپ باقماقچى بولۇپ شۇنداق دېدى:

— ھېچبولمىغاندا رەھىم - شەپقەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئازراق يېمەك - ئىچمەك بەرگىن، ئاپىرىپ ھېلىقى كىشىنى قۇتقۇزۇۋالاي، ساۋابى ساڭا بولسۇن.

— بوپتۇ، — دېدى موماي، — بىر كۈنلۈك يېمەك - ئىچمەكنى ساڭا بېرەي، ئاپىرىپ ھېلىقى بىچارىنى قۇتقۇزۇۋال، ئۇ بەلكىم ھازىر ئاخىرقى تىنىقىدا جان تالىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر بەرگىنىمنى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىۋالساڭ زەھەر - زوققۇم بولۇپ جېنىڭنى ئالىدۇ، باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشىغان يىگىتتەك قىلىسەن، سەندەكلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىدىمىقى تەس، چىدامىلىقراق بولساڭ مەقسەتكە يېتىسەن.

شۇ سۆزىدىن كېيىن ئۇ كىچىككىنە بىر ناسۋال قاپىقىدا سۇ ۋە بىر كىچىك يېلىم چۆچىكىدە تاماق بەردى. شاھزادە نۇرئېلى بۇلارنى تۈگۈنچە قىلىپ قوينىغا سېلىپ، كەلگەن يولى بىلەن ياندى، زور چىدام - غەيرەت بىلەن يولنى داۋام قىلدى، لەۋلىرى گەز باغلاپ، ئۈچەيلىرى ئاچلىقتىن تارتىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، قوينىدىكى ئازغىنە يېمەك - ئىچمەككە تەگمىدى، بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى كىشىنى ياتقۇزۇپ قويغان تۇغراق تۈۋىگە يەتتى، ئۇنىڭغا قاپاقتىكى سۇنى ئىچۈردى، تاماقنى يېگۈزدى، شۇھامان ھېلىقى كىشى تېتىكلىشىپ ئورنىدىن تۇردى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە جۇل - جۇل كىيىملىك، توپىغا مىلەنگەن ھالدىكى بىچارىنىڭ ئورنىدا زەرباپ تونلۇق، ھېلىلا زىياپەتتىن يانغان ھالەتتىكى كاتتا بىر زەردار پەيدا بولدى.

— رەھمەت ساڭا مەرد يىگىت، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى تۆلپىرىڭغا مىنگىن، ئاندىن كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ مەن ئاچقىن دېگۈچە سەۋر قىل.

شاھزادە نۇرئېلى كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن

ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالغانىدى، ئىختىيارسىز تۇلپارغا مىنىپ، تىزگىنىنى قولىغا ئالدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، شۇھامان تۇلپار قانات چىقىرىپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، كۆزلىرىنى ئېچىپ قەيەردە كېتىۋاتقىنىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزلىرىنى ئاچالمىدى، شۇنداق يۈرۈپ بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندە تۇلپارنىڭ پۇتلىرى يەرگە تەگكەندەك بولدى، قۇلاق تۈۋىدە:

— كۆزۈڭنى ئاچ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

شاھزادە نۇرئېلى كۆزىنى ئاچتى، كۆردىكى ھېلىقى مومايىنىڭ كەپىسى ئالدىدا تۇرغۇدەك، موماي بىلەن زەرباب تونلۇق كىشى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

— مەرھابا!— دېدى موماي، — غېرىب خانەمگە يەنە كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن.

— سىلەر كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى ھەيرانلىق ئىچىدە سەۋرسىزلىنىپ.

— مۇشۇ غېرىبانە كەپىنىڭ ئىگىسى، — دېدى موماي، — بۇ كىشى بولسا مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم، بىز جاھاننامە ئەينىكىدە سېنى كۆردۇق، ھۆسن - جامالىڭ ۋە كېلىشكەن قامىتىڭ بىزنى رام قىلدى، جىددىي بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتقىنىڭ مەلۇم بولدى، تەرىپىڭنى قىلىشتۇق، شۇ ئارىدا دۇنيالىقتا يېگانە نەۋرە قىزىم سۆزىمىزنى ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئاشىق بوپتۇ، بىزدىن سېنى كەلتۈرۈپ بېرىشنى تىلىدى، بىز مەسلىھەت بىلەن سېنى سىناپ باقماقچى بولدۇق، ھەقىقىي مەرد-ئەزىمەت، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان پەزىلەتلىك يىگىت بولساڭ كۈيئوغۇل قىلىشقا، بولمىسا ئۆز يولۇڭدا قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ئىسپاتلاندىكى ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان، مېھىر - شەپقەتلىك ۋە چىدام- غەيرەتلىك يىگىت ئىكەنسەن، ئەمدى قىزىمىزنى ساڭا قوشۇپ قويماقچىمىز، بۇنىڭغا رايىڭ قانداق بىلمىدۇق.

— قېرىنداشلىرىمنى ئىزدەپ يولغا چىققانىدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ئۇلارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ھەم ئۇلارنى تاپماي تۇرۇپ ئىككىنچى بىر ئىشقا مەشغۇل بولماسمەن، ياخشى

كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۈچ ئاكا - ئۇكا قېرىنداش بىرلا ۋاقىتتا ئاتامنىڭ خەزىنىسىدىكى بىر لەۋھەگە نەقىشلەنگەن ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىگە ئاشىق بولغانىدۇق، ئۇنى قايسىمىز بۇرۇن تاپساق شۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلىشقا ئەھدە قىلىشقان، تېخى بۇ ئارزۇدىن كەچكىنىم يوق، مېنى ئۆز يولۇمدا قالدۇرساڭلار.

— قېرىنداشلىق مېھرىڭ ئىشق - مۇھەببىتىڭدىن ئارتۇق بولسا ئۇ سۈرەتتىكى قىزنىڭ ۋەسلى ئۈمىدىدىن ۋاز كەچكىن، — دېدى زەرباب تونلۇق كىشى، — بىز قېرىنداشلىرىڭنى تېپىشقا ياردەم قىلايلى.

— ئەگەر قېرىنداشلىرىم تېپىلىدىغان ئىش بولسا جېنىمدىن كېچىشكىمۇ تەييارمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — سۈرەتتىكى قىزنى دەپ ئىنىم پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن كېچىپ، رىيازەتلىك سەپەرگە ئاتلانغانىدى، ئاقىۋىتى نېمە بولغىنى نامەلۇم. بىر كۈنلەردە مىنىپ كەتكەن مۇشۇ تۇلپىرى يېگانە قايتىپ كەلگەنچە ئۆزىنىڭ دېرىكى بولمىدى، ئىنىمنى دەپ ئاكام شاھلىق تاج - تەختىنى تاشلاپ يەنە مۇشۇ تۇلپار بىلەن چىقىپ كەتكەنىدى، بىر مەزگىل ئۆتۈپ تۇلپار يەنە ئۆزىلا قايتىپ كەلدى، ئاكامنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمىدۇق، ئۇلارنىڭ پىراقىدا مەنمۇ تاج - دۆلەت، راھەت - پاراغەتنى تاشلاپ بۇ يولغا كىردىم، ئاقىۋەت سىلەرگە يولۇقتۇم، ئەگەر ئىككى قېرىندىشىمنى تېپىشىمغا ياردىمىڭلار تېگىدىغان بولسا شەرتىڭلارغا چىن دىلىمدىن رازىمەن.

— شەرتىمىز بىرلا، — دېدى موماي، — نەۋرە قىزىمنى ئەمرىڭگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقىغا بىر ئۆمۈر كۆڭلۈڭنى بەرمەيسەن، ئۆمۈر مۇساپەڭدە بىر ئۇنىلا ھەمراھ قىلىسەن، خارلىمايسەن، تاشلىمايسەن، شۇنداق قىلىشقا ۋەدە قىلساڭ بىز سەندىن ھەرقانداق ياردەمنى ئايىمايمىز، بەلكى بارلىقىمىزنى سەن ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىمىز.

— مەن رازى، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى قەتئىيلىك بىلەن.

— سەمىڭگە سېلىپ قوياي، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى زەرباب تونلۇق كىشى، — قىزىمنىڭ ئەيد-بى كۆپ، ۋۇجۇدى نۇقسان بىلەن تولغان، بېشى تاز، كۆزى قارىغۇ،

پۈتى باسماس، قولى تۇتماس، رەڭگى قارا، بەك كۆرۈمسىز، تىلى گاچا.

— ئوردامدا ئاجايىپ ئۇستا تىۋىپ - ھۆكۈمالار بار، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — تاز بولسا ساقايتىدۇ، پۈتى باسماس، قولى تۇتماس بولسىمۇ كارى چاغلىق، داۋاسىنى قىلىمىز، كار قىلمىسا خىزمەتكە كىنىزەكلەر تەييار، ئۇلار قول - پۇت بولۇپ خىزمىتىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ، كۆزى كۆرمىسە ھېچقىسى يوق، ئەيىب - نۇقسانلىرى بولسا كۆرۈنمەيدۇ، مەنمۇ خىجىللىقتىن خالاس بولىمەن، رەڭگى قارا بولسا ئەيىب ئەمەس، دىلى ئاق بولسا بولغىنى، كۆرۈمسىز بولسا مەنمۇ كۈندەشلىك ئازابىدىن خالىي يۈرىمەن، گاچا بولسا قۇرۇق سۆز - تۆھمەتتىن يىراق بولىدۇ، خارلىماسلىققا، تاشلىۋەتمەسلىككە، بەلكى بىر ئۆمۈر ۋاپادار جۈپتى - نىگارى بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن.

— باريكاللا! — دېدى موماي، — قاقاقلاپ كۈلۈپ، شۇھامان ئۇ گۈل شەكىللىك تاج كىيگەن، شاھانە لىباسلارغا ئورىنىپ، ئاجايىپ ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن بىر پەرىزات ئايالغا ئۆزگەردى.

كەپە ئورنىدا بىر شاھانە قەسىر - ساراي پەيدا بولۇپ، ئىچىدىن ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار بىر زىبا چېھرىلىك پەرى چېھرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا ئاجايىپ نەپىس كىيىملىرىمۇ، قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەتلىرىمۇ ۋۇجۇدىدىكى ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ياپالمىغان، زەرباب تونلۇق كىشى تەسۋىرلىگەندەك بىر بىچارە قىز چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، چاقلىق ئورۇندۇق بولسا سىرلىق بىر كۈچ ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقاندەك ئۆزلۈكىدىن مېڭىۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئېلى:

— ئەلھۆكمىللا! — دەپ زىبا چېھرىلىك پەرى قىزغا قارىماستىن بېرىپ چاقلىق ئورۇندۇقتىكى قىزنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن، — مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشقا رازىمەن، — دېدى مومايغا.

— خالىساڭ ئاۋۇ گۈزەل پەرىنى ئېلىپ كېتىۋەر، — دېدى موماي، — قېرىنداشلىرىڭنى بەلكىم بىزنىڭ ياردىمىمىزسىزلا تېپىۋېلى-

ـشكىمۇ مۇمكىن.
— قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — قېرىنداشلىرىمنى قەيەردىن ئىزدەش، قانداق تېپىش ماڭا نامەلۇم، قارىغۇلارچە بىر ئۈمىد رىشتىسىگە باغلىنىپ، تەۋەككۈل ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ چىققانىدىم، سىلەرگە يولۇقتۇم، شۇتاپتا پەقەت سىلەرنىڭلا ياردەم قىلالايدىغىنىڭلارنى بىلدىم، مەن ھەممىسىگە رازى، تەقدىرى ئەزەلدىمۇ ماڭا بۇيرۇلغان جۈپتۈم شۇ بولسا كېرەك.
— ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي نىكاھ ئوقۇتايلى، — دېدى پەرىزات موماي، ئاندىن ئۇ بىر چاۋاك ئۇرغانىدى، قۇرئان كۆتۈرگەن بىر موللا ئۆلىما پەرى پەيدا بولدى.
— نەۋرە قىزىمنى مانا بۇ ئادەمزات شاھزادىگە نىكاھ قىلىڭ، — دېدى موماي، — ئۇ قۇرئان تۇتۇپ نەۋرە قىزىمنى ھەممە ئەيىب - نۇقسانلىرى بىلەن ئەمرىگە ئېلىشقا، خارلىماسلىققا قەسەم قىلسۇن.
شاھزادە نۇرئېلى ئىككىلەنمەي قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدى، موللا نىكاھ قىلدى.
— مانا سىلەرگە شاھانە ھۇجرا، — دېدى موماي شاھزادە نۇرئېلىگە شاھانە قەسرنى كۆرسىتىپ.
— ئۇنى ئۆز مەملىكىتىمگە ئېلىپ كەتسەم، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ئاندىن ئۇنى ھۆكۈمالىرىمغا داۋالاتسام، ھالىدىن سادىق خىزمەتچىلەر خەۋەر ئالغاچ تۇرسا، مەن قېرىنداشلىرىمنى تېپىۋالغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە مەشغۇل بولسام.
— كۆڭلۈڭدىكىنى دېدىڭ، — دېدى موماي، شۇ تاپتا بىزمۇ سېنى زورلىمايمىز، چۈنكى قېرىنداشلىرىڭ قايغۇسى بېشىڭدىن ئەگىپ كېتەلمەي تۇرغاندا، سېنى مەھبۇبەڭ بىلەن بىللە بولۇشقا زورلاش ئارتۇقچە تەلەپ، ئەمدى قېرىنداشلىرىڭنى تېپىش كويىدا بولايلى، ئەمما خوتونۇڭ قېشىمىزدا قالسۇن، خىزمەتچىلىرىڭگە قارىغاندا بىز ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئالىمىز.
شاھزادە نۇرئېلى ماقۇللۇق بىلدۈردى، موماي قولىنى شىلتىغانىدى، موللا غايىب بولدى، زىبا چېھرىلىك پەرى قىزمۇ، چاقلىق ئورۇندۇقتىكى

قىزمۇ شاھانە قەسرگە كىرىپ كېتىشتى.

موماي بىلەن زەرباب تونلۇق كىشى شاھزادە نۇرئېلىنى باشلاپ بىر گىلەم ئۈستىگە چىقتى، گىلەم ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ ماڭدى، شاھانە قەسىر غايىب بولدى، ئورنىدا بىر كىچىك بوستانلىق پەيدا بولۇپ، تۇلپار شۇ يەردە ئوتلاپ قالدى.

— لازىم بولغاندا تۇلپارنى قېشىڭغا كەلتۈرۈپ بېرىمىز، — دېدى موماي، — بايا كۆرگەنلىرىڭ ئىچىدە موللا بىلەن خوتۇنۇڭدىن باشقىسى خىيالىي كۆرۈنۈش، بىز سېنى ھەقىقىي ماكانىمىزغا ئېلىپ بارىمىز، ئاندىن جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىڭنىڭ دېرىكىنى قىلىمىز.

ئۇچار گىلەم ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ مېڭىۋەردى، بارغانچە ئېگىزلەپ ئۇچۇپ بۇلۇتلار ئۈستىگە يەتتى، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن شاھزادە نۇرئېلى نېرىدا بۇلۇتلاردىن ھالقىغان بىر تاغ چوققىسىنى ۋە چوققا ئۈستىگە جايلاشقان ئالتۇن رەڭلىك ئوردا - سارايلارنى كۆردى.

ئۇچار گىلەم ھايالسىزلا تاغ چوققىسى ئۈستىدىكى ئوردا ئىچىگە — مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان مەيدانغا قوندى. موماي شاھزادە نۇرئېلىنى شاھانە قەسىرگە تەكلىپ قىلدى، زەرباب تونلۇق كىشىمۇ ئەگىشىپ كىردى، ئۇنچە - مەرۋايىتلاردىن گۈل - نەقىشلەر قوندۇرۇلغان ئاق يىپەك داستىخان ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، زەرباب تونلۇق كىشى بىرلا چاۋاك ئۇرغانىدى، ئاي يۈزلۈك پەرى قىزلار ئالتۇن لېگەن - تاۋاقلاردا كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان تۈرلۈك - تۈمەن خىل لەزىز تائاملارنى كەلتۈردى، موماي شاھزادە نۇرئېلىنى تائامغا تەكلىپ قىلدى، شاھزادە نۇرئېلى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق قايتىدىن ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، تارتىنىپ ئولتۇرماستىن تائامغا قول سۇندى، ھەرخىلىدىن ئاز - ئازدىن يەپ نەچچە خىلنى تېتىپ بولغۇچە تويۇپمۇ قالدى، ئارقىدىن كەلتۈرۈلگەن ياقۇت جاملاردىكى گۈل رەڭلىك ئىچىملىكلەردىن ئىچكەنىدى، شېرىن ئۇيقۇ بېسىپ ئولتۇرغان يېرىدىلا قىڭغايدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمىدى.

— ئۇ ئارام ئېلىۋېلىشى كېرەك، — دېدى موماي، — بىز ئۆز

ئىشىمىزغا مەشغۇل بولايلى.

شاھزادە نۇرئېلىنىڭ قانچىلىك ئۇخلىغىنى نامەلۇم، بىر چاغدا ئۇيقۇغا قېنىپ ئويغانغىنىدا، ئۆزىنى ماموق تۆشەك ئۈستىدە كۆردى، يېنىدا بولسا خوتۇنى قولىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

شاھزادە نۇرئېلى يەرگەنەمەستىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى،شۇ ھامان ھەممە يېرى ئەيىب - نۇقسان بىلەن تولغان قىز بىردىنلا رەڭگى - رۇخسارى ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق، ھەممە ئەزاسى بېجىرىم سەرۋى قامەتلىك بىر نازىنىن دىلرەباغا ئۆزگەردى.

شاھزادە نۇرئېلى بولسا كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بۇ مۆجىزىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، نازىنىن پەرى بولسا خىجىللىق ئىلكىدە گۈلدەك رەڭلىنىپ، شەپەقتەك قىزارغىنىچە ھۇجرىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئېلى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۆگى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، پەرىزات موماي كىرىپ:

— مۇبارەك بولسۇن شاھزادە! نەۋرە قىزىمنى سېھرىي جادۇگەرنىڭ قارغىشىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، ئۇ ئەسلىگە كەلدى، — دېدى ھاياجانلانغان ھالدا.

— مەن ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدىمغۇ؟ — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— قۇلاق سال! — دېدى شۇ چاغ زەرباب تونلۇق كىشىمۇ كىرىپ،— بىز ئەمدى ھەممىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەيلى، مەن مۇشۇ قەلئەنىڭ غوجىسى، مۇشۇ قەلئەدىكى پەرىلەرنىڭ شاھى، بۇ بولسا مېنىڭ ئانام، بايىقىسى بولسا دۇنيالىقتا يېگانە قىزىم — مەلىكە دىلرەبا بولىدۇ، ئۇ ئەسلىدە شۇنداق ساھىبجامال ۋە شوخ، لاتاپەتلىك قىز ئىدى، 14 يېشىدا قاراڭغۇ تاغدىكى جادۇگەر پىرىخون ئۇنى ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە دىۋە ئوغلىغا سورىدى، بىز رەت قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەزەپلىنىپ مەلىكەمنى قارغىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەم بىردىنلا ھېلىقىدەك ئەيىبناق قىزغا ئايلىنىپ قېلىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتىلا يۆرىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنى پەقەت ساغلام ۋە كېلىشكەن، كۆپنىڭ كۆزى چۈشكەن، ھەر جەھەتتىن كامىل بىر شاھزادە ئۆزى خالاپ

ئەمرىگە ئالسا ھەم ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆز خوتۇنۇم دەپ مۇئامىلە قىلغانىدىلا ئاندىن ئۇ ئەسلىگە كېلەتتى، ئەمما بۇ سىرنى ئەسلىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئاشكارا قىلساق ئۇ مەڭگۈ شۇ ھالەتتە قالاتتى، بىز بىر كۈنى جاھاننامە ئەينىكىدە سېنى كۆردۇق، ھۆسن - جامالىڭ ۋە تەق - تۇرق، سىياقىڭ ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدۇق، قىزىم ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا سېنى ئارزۇلاپ قالدى، بىزمۇ ئۈمىد بىلەن سېنى يولدىن قويۇپ سىناپ باقتۇق، ھەقىقەتەن قىزىمنىڭ مۇھەببىتىگە لايىق يىگىتكەنسەن، ئەڭ مۇھىمى ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان پەزىلەتلىك يىگىت بولۇپ چىقتىڭ، شۇ خىسلىتىڭ تۈپەيلى قىزىمىز قارغىش بالاسىدىن قۇتۇلدى، ئەمدى ئۇ بىر ئۆمۈر سادىق ھەمراھىڭ بولىدۇ، بىزمۇ سەندىن كۆپ مىننەتدارمىز.

شاھزادە نۇرئېلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدى، لېكىن ئۇنى قېرىنداشلىرىنىڭ قايغۇسى بېسىپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئۇ پەقەت ئېچىلالمىدى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى چۈشەنگەن موماي:

— قېرىنداشلىرىڭدىن كۆپ قايغۇرما، بىز سەن ئۇخلاۋاتقاندا جاھاننامىگە قارىدۇق، يەر يۈزىنى ئالا قويماي كۆزەتتۇق، قېرىنداش بولغاندىكىن ئاز - تولا ئوخشىشىڭلار چوقۇم ئىدى، ئۇلار يەر يۈزىدە كۆرۈنمىدى، — دېدى تەسەللى بېرىپ.

— ئۇنداقتا ئۇلارنى قەيەردىن تاپقۇلۇق، — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى ئەنسىرەپ.

— بەلكىم بىرەر سېھىر - جادۇگەر ياكى دىۋە - پەرى يەر ئاستىغا ياكى باشقا پىنھان جايلارغا ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، سەن ئاۋۋال قايسى تەرەپكە، قەيەرگە ماڭغىنىڭنى ئېيتىپ بەر، — دېدى پەرىزات موماي.

— مەن پەقەت ئاكامنىڭ مەغرىب تامام ماڭغىنىنى كۆرگەن، ئىنىممۇ شۇ تەرەپكە ماڭغان، شۇڭا مەنمۇ ئۇلارنى شۇ تەرەپتىن ئىزدەشكە ئاتلانغانىدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— مەغرىب تەرەپتە چۆل - باياۋان، دەشت - قۇملۇقلار كۆپ، نەچچە ئايلاپ يول يۈرسىمۇ ئادەمزات يولۇقمايدۇ، بەلكى سېھىر-

جادۇگەر، دىۋە - پەرى پەيدا قىلغان تىلسىملار ئۇچراپ تۇرىدۇ، غەلىتە مەخلۇقلارغا يولۇقىدۇ، چۈنكى بۇ يەر جىن، دىۋە، پەرى ۋە پېرىخونلار ماكانلاشقان سىرلىق دۇنيا، قېرىنداشلىرىڭ يا تىلسىمغا چۈشۈپ قالغان، ياكى دىۋە - پەرىلەر، جىنلار قوۋمىدىن بىرەرسىگە تۇتقۇن بولغان، ياكى بىرەر پېرىخونىنىڭ دامىغا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى موماي.

— ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— مەغرىب يولىدا بىر بۇلاق بولىدىغان، — دېدى پەرىزات موماي،— ئۇ مەغرىب تامام ماكانلار ئاۋۋال يولۇقىدىغان سىرلىق جاي، بۇ بۇلاقتا بىر جىن ماكانلاشقان، بەلكىم ئۇ ئاكاڭنىڭ دېرىكىنى بىلىشى مۇمكىن.

— مەن شۇ بۇلاق بويىغا باراي، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ماڭا يول كۆرسەتكەن بولساڭلار .

— سەن شۇنداقلا بارىدىغان بولساڭ جىنغا ئەسىر بولىسەن ئوغلۇم،— دېدى پەرىلەر شاھى، — سەن ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ساڭا ئاتا بولدۇم، شۇڭا بار ئىمكانىمىزچە ھەمدەم بولمىقىمىز زۆرۈر، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلايلى.

— مانا بۇ ئۈزۈكنى تاقىۋال، — دېدى موماي ئۇنىڭغا بىر تال يېشىل ياقۇت كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكنى بېرىپ، — قولۇڭدىن ئايرىما، ئۇ مەرھۇم ئانام كۈيۈيۈمگە ئاتىغان ئۈزۈك ئىدى، بىراق كۈيۈيۈم نەچچە يىل بۇرۇن رەھمەتلىك بولۇپ ئۈزۈك يادىكار قالدى، ئۇ بۇنى نەۋرە كۈيۈئوغلىمىزغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇنىڭ خاسىيىتى، ئۇنى تاقىۋالسا ھەرقانداق تىلسىم بالاسىدىن ساقلاپ، سېھىر - جادۇ كار قىلالماس قىلىدۇ، بىراق ئۇ ساڭا ئۈچ قېتىملا ئەسقاتىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇنىڭ رولىدىن ئۈچ قېتىملا پايدىلىنالايسەن، كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىپ قويما، بىز ساڭا كۆپ ياردەم بېرەلمەيمىز، چۈنكى قەلئەدىن يىراقلاشساق سېھىر - كارامىتىمىز ئاجىزلايدۇ، دۈشمەنلىرىمىز بۇنى پۇرسەت بىلىپ ھۇجۇم قىلسا ھالاك بولىمىز.

— رەھمەت، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ئۈزۈكنىڭ ئۆزىلا

ئەڭ چوڭ ياردەم، ئەمدى مەن يولغا چىقاي.
— سىزنى كۈتىمەن، — دېدى شۇ چاغ مەلىكە يەردىن ئۈنگەن-دەكلا پەيدا بولۇپ، — بۇ مېنىڭ يوللۇقۇم بولسۇن، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر ئالتۇن سېۋەتنى سۇندى، سېۋەتتە بىر كىچىك قاشتاش كومزەك، بىر ئالتۇن تۇخۇم ۋە بىر گۈل كەشتىلەنگەن يىپەك رومال بار ئىدى.
— رەھمەت مەلىكەم، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن بېقىپ.
مەلىكە دىلرەبا خىجىللىق بىلەن موماينىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. پەرىزات موماي:
— ئۇنىڭ بەرگەنلىرى دۆلىتىمىزنىڭ گۆھەرلىرى، خوتۇنۇڭنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى، ئۇلارنى ئويۇنچۇقمىكىن دەپ قالماي، ئوبدان پايدىلان، ئۇچار گىلەم سېنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويسۇن ،خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ئوغلۇم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.
شاھزادە نۇرئېلى ئالتۇن سېۋەتنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغانىدى، ئالتۇن سېۋەت ئۆزلۈكىدىن كىچىكلەپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئۇلار شاھانە قەسىر ئالدىغا چىقتى، شۇ ھامان ئالتۇن يىپچىلاردىن توقۇلغان، تۈزىنىڭ يېپىلىپ تۇرغان قۇيرۇقىدەك رەڭدار ۋە كۆركەم بىر گىلەم شاھزادە نۇرئېلىنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەلدى.
— خۇداغا ئامانەت! — دېدى پەرىزات موماي بىلەن پەرىلەر شاھى.
— تېزرەك قايتىپ كېلىڭ! — دېدى مەلىكە دىلرەبا ئۇنى ئۇزىتىد-ۋېتىپ، — ئاكىڭىز ھەم ئىنىڭىزنى تېزرەك تېپىۋالارسىز ئىلاھىم.
شاھزادە نۇرئېلى خوشلىشىپ گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ گىلەمدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن گىرۋەكلىرىدىن مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇردى. بىر چاغلاردا گىلەم شاھزادە نۇرمۇھەممەتنى جىن تۇتۇپ ئەكىرىپ كەتكەن بۇلاق بويىغا قوندى.
شاھزادە نۇرئېلى گىلەمدىن چۈشتى، شۇ ھامان گىلەم تىكلىنىپ، خۇددى ئادەمدەك سۆزلەپ:
— سېنى مۇشۇ ئەتراپتا كۈتىمەن، لازىم بولغاندا «ئۇچار

گىلەم» دەپ تووۋلىساڭلا بولغىنى، — دېدى - دە، كىچىكلەپ، كىچىكلەپ بىر چاشقانغا ئايلىنىپ يەردىكى بىر كامارغا كىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئېلى بۇنداق غەلىتە ئىش ۋە كارامەتلەرگە خېلىلا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، بەك ئەجەبلەنمىدى، بىراق نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— چوقۇم مۇشۇ بۇلاق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — ئاكام بەلكىم مۇشۇ بۇلاق ئاستىدا.

— شۇنداق، — دېگەن چىرقىراق سادا كەلدى بۇلاق ئاستىدىن، — سەن نېمىشقا بۇلاق سۈيىدىن ئىچمەيسەن، شۇنداق قىلساڭ ئاكاڭنى كۆرەلەيسەن.

شاھزادە نۇرئېلى بۇلاق كۆزىگە نەزەر سالدى، بۇلاق ئاستىدا قارا لايدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىدى، قارىماققا بۇلاق باشقا بۇلاقلاردىن ھېچبىر پەرقلەنمەيتتى.

— ئىچىپ باقايمۇيا، — شىۋىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە مەسلىھەت سالغاندەك، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بەك چاڭقاپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.

— ياق، ياق! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى يىراقلاردىن، — ھەرگىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەڭ، قوينىڭىزدىكى ئالتۇن سېۋەتنى پايدىلىنىڭ.

شاھزادە نۇرئېلى قوينىغا قول سېلىشىغا، ئالتۇن سېۋەت ئۆزىلا قولىغا چىقتى، سېۋەتتىن كەشتىلىك رومالنى ئالغانىدى، رومال يەرگە چۈشۈپ بىردىنلا بۇلاق بويىدا خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەر غوچچىدە مېۋىلەپ، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن، تۈرلۈك - تۈمەن خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان، قۇشلار سايرىشىپ، تورلار يورغىلىشىپ، كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بىر چىمەنزار باغ پەيدا بولدى. شاھزادە نۇرئېلى خۇرسەن بولۇپ مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يېدى، ئۇسسۇزلۇقى ئوبدانلا قاندى، شۇ چاغ بۇلاقتىن پەتەك جىننىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇمۇ چىمەنزار باغقا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئېلى ئەمدى قاشتاش كومزەكنى ئالدى، كومزەكتىن بىر يىپەك داستىخان ئۇچۇپ چىقىپ، ياپىيېشىل گىلەمدەك چىملىقتا يېيىلدى - دە، ئارقىدىنلا كومزەكتىن تۈرلۈك لەززەتلىك تائاملار ئۇچۇپ

چىقىپ داستىخانغا تىزىلدى، شاھزادە نۇرئېلى ھۇزۇرلىنىپ تائاملارنى يېيىشكە تۇتۇندى. پەتەك جىن بۇلاقتىن بىلىنگىچە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، داستىخانغا تەلمۈرۈپ قاراپ، ساقاللىرىنى تۇتاملايتتى.

شاھزادە نۇرئېلى سېۋەتتىن ئەمدى ئالتۇن تۇخۇمنى ئالدى، شۇ ھامان تۇخۇم ئۇنىڭ قولىدىن پوككىدە يەرگە سەكرەپ چۈشتى- دە، ۋاققىدە يېرىلدى، ئىچىدىن بولسا، بويى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان كىچىك پەرىلەر چىقتى. بەزىلىرى تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قۇچاقلىغان، بەزىلىرى مەي- شاراب كومزەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كېلىشتى- دە، چىمەنزاردا مەشرەپ سورۇنى ھازىرلاپ، ناخشا - مۇزىكا ساداسىنى چاك كەلتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا يەنە تۇخۇم ئىچىدىن يەنە بىر توپ پەرى قىزلار چىقىپ سورۇندا ئۇسسۇلغا چۈشتى، يېقىملىق ناخشا - مۇزىكا ۋە نەپىس ئۇسسۇل، قەدەھلەردە ياقۇت رەڭگىدە ئۆزگىچە جىلۋىلەپ تۇرغان شارابلار ئاخىر بويى ئۈچ غېرىچ، ساقىلى توققۇز غېرىچ پەتەك جىننى بۇلاقتىن چىقىشقا مەجبۇر قىلدى، ئۇ لىككىدە بۇلاقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، سورۇنغا چۈشۈپ، شارابنى كومزەك بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىپ، ئاندىن پەرى قىزلار بىلەن تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدى.

شۇ چاغ شاھزادە نۇرئېلىنىڭ قۇلىقىغا:

— ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتىۋال، ساقىلىدىن تۇتىۋال...... — دېگەن شىۋىرلاشلار ئاڭلاندى.

شاھزادە نۇرئېلى پايلاپ تۇرۇپ، پەتەك جىننىڭ ساقىلىغا چاڭگال سالدى، بىراق پەتەك جىن ئۇركۇگەن كېيىكتەك چاپچىپ، ئۆزىنى بۇلاق تەرەپكە ئاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۈچ تال ساقىلى شاھزادە نۇرئېلىنىڭ قولىدا يۇلۇنۇپ قالدى، پەتەك جىن بۇلاققا سەكرەپ غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئېلى سورۇننى قانداق يىغىشتۇرۇشنى ئويلاپ تۇراتتى، چىمەنزار باغ غايىب بولۇپ، داستىخان ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ كومزەككە كىرىپ كەتتى، پەرىلەرمۇ ئالتۇن تۇخۇمغا چىۋىندەك بولۇپ ئۇچۇپ كىرىپ كېتىشتى، ئارقىدىنلا رومال، كومزەك، ئالتۇن تۇخۇملار ئالتۇن سېۋەتتىن ئورۇن ئالدى. ئالتۇن سېۋەت شاھزادە نۇرئېلىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قولىدا جىننىڭ ئۈچ تال ساقىلىلا قالدى.

شۇ چاغ بۇلاقتىن بىر چوڭ ئەجدىھا چىقىپ ئۇنى دەم تارتتى، لېكىن يېشىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكتىن نۇر چاقناپ، ئەجدىھانىڭ بېشىغا بىر ئوت چۈشتى، ئەجدىھا دەرھال بۇلاققا چۆكتى، ئارقىدىنلا پەتەك جىن بۇلاقتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ساقىلىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى چىرقىراق ئاۋازدا.

— ئاكامنى قايتۇرۇپ بەر، — دېدى شاھزادە نۇرئېلىمۇ.

— بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى پەتەك جىن، — ساقىلىم ساڭا ئەسقاتمايدۇ، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر، ھەر تېلى ئۈچۈن ساڭا بىردىن نەرسە بېرەي ياكى ئۈچ تىلىكىڭنى ئورۇنلاي.

— سەن ئاۋۋال ئاكامنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەر، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— بۇ سېنىڭ بىرىنچى تىلىكىڭ، — دېدى جىن، — ئۇنى مەلىكە دىلخۇمار ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ساقىلىمنى قايتۇرۇپ بەر.

شاھزادە ئۇنىڭ بىر تال ساقىلىنى قايتۇرۇپ بېرىپ يەنە سورىدى:

— مەلىكە دىلخۇمار قەيەردە؟

— بۇ سوئالغا جاۋاب ئېلىش ئىككىنچى تىلىكىڭ،— دېدى پەتەك جىن، — ئۇ نۇرلۇق تاغدا، ئەمدى يەنە بىر تال ساقىلىمنى قايتۇرۇپ بەر.

شاھزادە نۇرئېلى ئۇنىڭ يەنە بىر تال ساقىلىنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ سورىدى:

— ئاكامنى قانداق قىلسام قۇتقۇزىمەن؟

— بۇ ئۈچىنچى تىلىكىڭ، — دېدى پەتەك جىن ھولۇقۇپ، — بۇنى سەن سورىمىساڭ بولاتتى، بىراق ئاغزىمدىن چىققان گەپكە ئەمەل قىلمىسام بولمايدۇ، ساقىلىمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق بەدەلگە رازى. ئاڭلا، ئەمدى سەن قۇياشقا ئەگىشىپ ماڭغىن، قۇياش ئەڭ تىك ئۆرلىگەن مەھەلدە بىر ئېگىز تاغقا يېتىپ بارىسەن، تاغ چوققىسىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ، شۇ تاغ باغرىغا يەتكەندە ئەقلىڭگە ھەم ئالتۇن سېۋەتتىكىدىكى ئەڭگۈشتەرىڭگە تايىنىپ مەلىكە دىلخۇمارنى بويسۇندۇرىسەن، ئەگەر ئۇنى بويسۇندۇرساڭ ئېسىڭدە بولسۇن، مېنىمۇ

قوتقۇزۇۋال، ئەمدى ساقىلىمنى بەرگىن، بولمىسا مەن تاشقا ئايلىنىپ قالىمەن.

شاھزادە نۇرئېلى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرقى بىر تال ساقىلىنى قايتۇرۇپ بەردى. پەتەك جىن ساقالنى ئېلىپلا قالغان ئىككىسى بىلەن بىللە ئېڭىكىگە تاڭدى، شۇ ھامان ساقاللار يۇلۇنمىغاندەك بولۇپ ئەسلىگە كەلدى، لېكىن ئۆزى بولسا بۇلاق بويىغا چىقىپ ئولتۇرغانچە كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ جىمىپلا قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى ھەيران بولۇپ.

پەتەك جىندىن سادا كەلمىدى، ھەتتا چىقىۋاتقان سەلكىن شامالدىمۇ ساقاللىرى مىت قىلىپ قويمىدى.

— ئۇ تاشقا ئايلىنىپ قالدى قەدىرلىكىم، — يىراقلاردىن مەلىكە دىلرەبانىڭ يېقىملىق شىۋىرلىشى ئاڭلاندى، — ئۇ سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن غوجايىنى مەلىكە دىلخۇمارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىدى، سىز ئەمدى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، خاسىيەتلىك ئۈزۈك ئەمدى سىزنى پەقەت ئىككى قېتىملا قوتقۇزالايدۇ، ئۈچىنچى قېتىم ئىشلىتىپ بولغان ھامان ئۇنى قولىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلىۋېتىڭ، ئەمدى نۇرلۇق تاغقا قاراپ مېڭىڭ، بىراق ئەڭ ياخشىسى ئەتە ئەتىگەندە مېڭىڭ، كېيىنكى سەپىرىڭىزدە ئەمدى ياردەم بېرەلمەيمەن، چۈنكى بىز سىزدىن يىراقلايسىز، ئاۋازىم بەك يىراققا يەتمەيدۇ، خەير- خوش، ئامان بولۇڭ، كېچىنى ئۇچار گىلەم ئۈستىدە ئۆتكۈزۈڭ، بىخەتەر بولىدۇ.

شاھزادە نۇرئېلى كۆپ خۇرسەن بولۇپ:

— مەن چوقۇم يېنىڭىزغا قايتىپ بارىمەن، — دېدى پىچىرلاپ. ئاندىن ئۇ ئەتراپقا قاراپ توۋلىدى، — ئۇچار گىلەم!

شۇ ھامان بىر كاماردىن بىر ئالتاغىل چاشقان يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئاستا - ئاستا يوغىناپ، ئۆزگىرىپ ئۇچار گىلەمگە ئايلاندى، شاھزادە نۇرئېلى گىلەمگە چىقتى.

— يېتىۋال، — دېدى ئۇچار گىلەم زۇۋانغا كىلىپ.

شۇ ھامان گىلەم ئۇستىدە ئەتىلەس كۆرپە، پەر ياستۇق پەيدا بولدى، شاھزادە نۇرئېلى ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، كۆرپىدە سوزۇلۇپ ياتتى، ئۇچار گىلەم ھاۋادا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئېيتىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئېلى ھايالسىزلا شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، تاڭلا سەھەر قۇياش نۇرى يۈزىگە چۈشكەندىلا ئويغاندى.

— قۇياشقا ئەگىشىپ ئۇچقىن، — قۇياش تىك ئۆرلىگەن جايدىكى نۇرلۇق تاغقا يەتكۈزگىن، — دېدى ئۇ.

ئۇچار گىلەم قۇياشقا ئەگىشىپ يېرىم كۈن ئۇچۇپ، چىڭقىچۈش مەزگىلدە چوققىسى بۇلۇتلار قوينىغا تېشىپ كىرگەن بىر تاغ باغرىغا يەتتى.

— بۇ يەردە بىرخىل سېھرىي كۈچ بار ئىكەن، — دېدى ئۇچار گىلەم، — سېنى تاغ ئۇستىگە ئەچىقىپ قويالمىغۇدەكمەن، ئۇستىگە چىقىش كېرەك بولسا ئۆزۈڭ ئامال قىلارسەن، مەن سېنى مۇشۇ ئەتراپتا ساقلايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچار گىلەم كىچىكلەپ - كىچىكلەپ بىر رەڭدار كېپىنەككە ئايلىنىپ، ياۋا گۈللەر ئۇستىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى .

شاھزادە نۇرئېلى ئەتراپقا نەزەر سالدى، بۇ يەر تۈرلۈك - تۈمەن خىل ياۋا گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن چىمەنزارلىق بولۇپ، رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر توپ - توپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى، بۇلاق سۇلىرى ھەرتەرەپكە كىچىك ئېقىنلار ياساپ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى .

شاھزادە نۇرئېلى غايەت زور ۋە ئېگىز مۇناردەك يېگانە قەد كۆتۈرۈپ، چوققىسى بۇلۇتلار قوينىغا تېشىپ كىرىپ كەتكەن بۇ تاغ چوققىسىغا قاراپ تۇرۇپ بىردەم تاغ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بېقىشنى لازىم تاپتى. شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە ئايلاندى، ئاخىر تاغ تۈۋىدىكى بىرەر ئۆڭكۈر ياكى غار ئاغزىغا بېكىتىلگەن ئىشىكمىكىن، ئەيتاۋۇر بىر ئىشىكنى تېپىۋالدى، ئىشىك تۈچتىن قۇيۇلغان بولۇپ، بىر شىرنىڭ بېشى قاپارتما شەكلىدە نەقىشلەنگەندى. ئەپتى بەك قورقۇنچلۇق، لېكىن كۆزلىرى

يۇمۇق ئىدى.

شاھزادە نۇرئېلى ئىشكنى ئىتتىرىپ باقماقچى بولدى، لېكىن شىر بېشى قولنى چىشلەپ ئۆزۈۋالىدىغاندەك بىر ھالەت يۈز بەردى، ئۇ دەرھال قولنى تارتىۋالدى، ئەمما مۇشۇ ئىشىك كەينىدە بىر سىر باردەك ھېس قىلىپ يىراق كەتمىدى.

«بۇ تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان يولنىڭ ئىشكى بولۇشى مۇمكىن» دېدى شاھزادە نۇرئېلى ئۆز - ئۆزىگە، «چوقۇم ئېچىپ كىرىشىم كېرەك.»

ئۇنىڭ ئىشككە بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئىشكنى ئىتتىرىپ باققىلى يەنە قولىنى سوزدى، بىراق قولى ئىشككە تېگىپ بولغۇچە شىر بېشى نەقىشكە جان كىرىپ ئۇنى دەم تارتتى. بىراق، تەلىيىگە بارمىقىدىكى خاسىيەتلىك ئۈزۈكتىن نۇر چاقناپ، شىر بېشى تىنچلىنىپ قالدى، ئىشىك بولسا ئېچىلمىدى.

«خاسىيەتلىك ئۈزۈك ئەمدى مېنى بىرقېتىملا قۇتقۇزالايدۇ» دەپ ئويلىدى شاھزادە نۇرئېلى.« بىر قېتىملىق خاسىيىتىنى بىھۇدە زايە قىلدىم، ئەمدى بۇنداق خاتالىق سادىر قىلماسلىقىم كېرەك، نېمە قىلسام بولار؟!»

ئۇ بىردىنلا ئالتۇن سېۋەتنى ئېسىگە ئالدى- دە، قوينىغا قول سالدى، قولىغا كەشتىلىك يىپەك رومال چىقتى، ئۇنى يەرگە تاشلىغانىدى، ئىشىك ئالدىدا كۈمۈش چىتلاق بىلەن چىتلانغان بىر كىچىك باغچا پەيدا بولدى، باغچا ئىچىدە بولسا ئالتۇن مۈگۈزلۈك، ئالتۇن تۇياقلىق، كۈمۈش مويلۇق بۇغىلار، قاردەك ئاق، ئالتۇن تۇياقلىق كېيىكلەر، كۈمۈش مويلۇق، ئالتۇن مۈگۈزلۈك قوزا - ئوغلاقلار سەكرەپ- تاقلاپ ئويناقشىپ يۈرۈشەتتى، بۇ ئومۇق جانىۋارلارغا كىشىنىڭ بەكمۇ ھەۋىسى كېلەتتى.

شۇ چاغ ئىشككە نەقىشلەنگەن شىر بېشىنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ ئاخىر پىيالىدەك بولۇپ، چەكچىيىپ، قىپقىزىل قانغا تولدى، ئارقىدىنلا شىر بېشى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى، ئۆلىشىپلا كېلەڭسىز يوغان تېنىمۇ ئىشكتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى- دە، ئورنىدا

يوغان تۆشۈك قالدۇرۇپ، چىتلاقتىن سەكرەپ ئۆتۈپلا كېيىك ـ بۇغا، قوزا ـ ئوغلاقلارغا چاڭ سالدى، شاھزادە نۇرئېلى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تۆشۈككە ئۆزىنى ئاتتى، شىر تۇيۇپ قېلىپ كەينىگە يانغۇچە ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ بولدى، شۇ ھامان شىر تاشقا ئايلىنىپ قالدى، باغچىمۇ، ئوماق جانىۋارلارمۇ غايىب بولۇپ، يېپەك رومال شاھزادە نۇرئېلىنىڭ قويىنىغا ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئېلىنىڭ ئالدىدا تاغ چوققىسىنى يىلاندەك يۆمەپ ياتقان سان ـ ساناقسىز پەشتاقلاردىن ھاسىل بولغان بىر يول پەيدا بولدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئۇ، — ئاخىر يول تاپتىم.

ئۇ شۇ يول بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدى، تاڭ ئاتقۇچە توختىماي ماڭدى، ھېرىپ چېكىلىرىدىن شۇرقىراپ تەر ئاقتى، ئەمما تاغ چوققىسىغا چىققىشقا يەنە ناھايىتى ئۇزۇن ئارىلىق بارلىقىنى ھېس قىلدى، پۇتلىرى بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلاندى، بىر قەدەم چامدىغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى، تاغ چوققىسى بولسا ئەمدى پات ـ پات تەۋرەپ قويۇشقا باشلىدى، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

«نېمە قىلاي؟» ئۇ شۇنداق ئويلاۋېتىپ ئىختىيارسىز ئۈمىد بىلەن سېۋەتكە قول سالدى، قولىغا ئالتۇن تۇخۇم چىقتى، تۇخۇمنى پەشتاققا قويغانىدى، تۇخۇم يېرىلىپ ئىچىدىن ئالتۇن ئېگەرلىك بىر ئاق ئارسلان چىقتى، ئالتۇن سېۋەتكە يەنە قول سالدى، كومزەك چىقتى، كومزەكتىن بولسا بىر پەتنۇستا ئىسسىق تاماق بىلەن بىر جام گۈل رەڭلىك ئىچىملىك چىقتى.

شاھزادە نۇرئېلى تائامنى يېدى، ئىچىملىكنى ئىچتى، شۇ ھامان ۋۇجۇدى پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى، كومزەك بىلەن ئالتۇن تۇخۇم قويىنىغا كىرىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ ئارسلانغا مىندى ـ دە، مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، ئارسلان نەچچە پەشتاقنى بىر ئاتلاپ، قۇيۇندەك ئۆرلەپ، تېزلا ئۇنى تاغ چوققىسىدىكى چىمەنزارلىققا يەتكۈزۈپ قويۇپ غايىب بولدى.

بۇ يەرنىڭ تاشلىرى كەھرىۋا - مارجان، تۇپرىقى مۇشك - ئەنبەر بولۇپ، گۈل - گىياھلىرىنىڭ غول - شاخلىرى ئالتۇن، ياپراقلىرى كۈمۈشتىن، گۈلبەرگلىرى بولسا رەڭگارەڭ ياقۇتتىن، بەكمۇ نۇرلۇق ۋە خۇش پۇراق ئىدى. بۇلاقلىرىدىن گۈل رەڭلىك شاراب ۋە مۇسەللەسلەر ئېقىپ چىقىۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئېلى يەنە نېرىدا نۇرلىنىپ تۇرغان بىر ئالتۇن رەڭلىك سارايىنى كۆردى، سارايىنىڭ تاملىرىغا گۆھەرلەر پاتۇرۇلۇپ، گۈل - نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغاچقا، قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ نۇرلىنىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئېلى گۈللەرنى ئارىلاپ ساراي ئالدىغا بېرىپ توختىدى، ساراي قىرىق پەلەمپەيلىك ئاق قاشتاش سۇپا ئۈستىگە بىنا قىلىنغان، پەلەمپەيلەر ئۈستىگە غايەت زور بىر جۈپ ئالتۇن ئەجدىھا نەقىشلەنگەنلىكىنى كۆردى، بىراق ئەجدىھالارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى.

«بۇ ئەجدىھالاردىمۇ بىر سىر بار» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، «ئەمدى ئۇلارنىڭ خىسلىتىنى زايە قىلماي.»

ئۇ شۇ ئوي بىلەن قويىنىغا قول سالدى، قولىغا ئالتۇن تۇخۇم چىقتى، تۇخۇم ۋاققىدە يېرىلىپ ئىچىدىن قاردەك ئاپئاق بىر جۈپ ئاق ئەجدىھا چىقتى، ئۇلار توپتەك يوغان، قۇياشتەك نۇرلۇق بىر گۆھەرنى ئېتىشىپ - تالىشىپ ئويناشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ قىزىل ياقۇتتەك كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى، ئالتۇن گىرۋەكلىك قاردەك ئاق قاسراقلىرى ۋاللىدايتتى.

شاھزادە نۇرئېلى بۇلارنىڭ ئويۇنىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغىنىدا پەشتاقلارغا نەقىشلەنگەن بىر جۈپ ئالتۇن ئەجدىھانىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ، تاۋاقتەك كۆز چاناقلىرىدا كۆك ياقۇتتەك كۆز ئالماسلىرى پىلدىرلاپ ئويناپ كەتتى، ئاخىر ئاستا - ئاستا پەشتاقتىن ئاجراپ ئۈچۈپ چىقىشىپ، ئاق ئەجدىھالار بىلەن گۆھەر تالىشىپ قوغلىشىپ، چىرمىشىپ ئويناشقا باشلىدى، ئاق ئەجدىھالار ئۇلارنى ئاستا- ئاستا پەشتاقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئازدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، شۇ پۇرسەتتە شاھزادە نۇرئېلى ئېسىنى يىغىپ ئوقتەك تېز سۈرئەتتە يۇقىرىغا

ئۆرلەپ ساراي ئىشىكىگە ئۆزىنى ئاتتى، ئالتۇن ئەجدىھالار ھوشىنى يىغىپ كەينىگە يانغۇچە شاھزادە ساراي ئىشىكىدىنمۇ كىرىپ بولدى، سىرتتىكى ئالتۇن ئەجدىھالار پەشتاق تۈۋىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تاشقا ئايلىنىپ قېلىشتى. ئاق ئەجدىھالار بولسا ئالتۇن تۇخۇم ئىچىگە، ئالتۇن تۇخۇم ئالتۇن سېۋەت ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئېلى ساراي ئىچىگە نەزەر سالدى، ساراي ئىچىنى ئالتۇن شامدانلارغا قويۇلغان تۇپتەك يوغان نۇرلۇق گۆھەر يورۇتۇپ تۇراتتى، ئىچىدىكى جاھازلارمۇ، تام - تورۇس بېزەكلىرىمۇ ھەممىسى ئاجايىپ ئېسىل ۋە كۆركەم بولۇپ، تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى.

شاھزادە نۇرئېلى كۆزلىرى گۆھەرلەر چاقنىغان نۇرغا كۆنۈككەندىن كېيىن، ئۇدۇلدا بوش تۇرغان ئالتۇن تەختنى كۆردى، تەختنى تۆت ئالتۇن شىر كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىككى تەرەپتە بولسا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىدىغان يېرىم ئايلانما پەشتاقلار بار ئىدى.

شاھزادە نۇرئېلى ئوڭ تەرەپتىكى پەشتاققا قاراپ ماڭدى ،بىراق قۇلاق تۈۋىدە كىمدۇر بىرىنىڭ:

— سولغا ماڭ، سولغا! — دېگەن شىۋىرلىشى ئاڭلاندى، بۇرۇلۇپ سول تەرەپتىكى پەشتاققا ماڭغانىدى، يەنە كىمنىڭدۇر:

— ئوڭغا ماڭ، ئوڭغا! — دېگەن شىۋىرلىشى ئاڭلاندى.

شاھزادە نۇرئېلى گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى، تەۋەككۇلگە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بىراق تۇرۇۋەرسە ئاقىۋەتى ياخشى بولماسلىقىنىمۇ ھېس قىلدى، چۈنكى سىرتتا بىر شاۋقۇن - سۈرەن ساداسى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

شۇنداق تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز بىر ئاق مۈشۈك پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ تەخت ئاستىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆردى، زەن قويۇپ قارىغانىدى تەخت ئاستىدا تۆۋەنگە چۈشىدىغان گويا يول - يول سىزىقلارغىلا ئوخشايدىغان پەشتاقلىق يول بارلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ ئىككىلەنمەستىن ئاشۇ پەشتاققا قاراپ مېڭىپ ئاستا - ئاستا تۆۋەنلىدى. دە، بىر يۇملاق ئالتۇن شىرە ئۈستىگە چىقىپ قالدى، شىرە ئۇ چىققان ھامان كۆتۈرۈلۈپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىدىنمۇ ھەشەمەتلىك ۋە ئازادە بىر

سارايغا ئاچىقىپ قويدى، شاھزادە نۇرئېلى بۇ يەردە تۆت ئاق ئالتۇن ئەجدىھا كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تەخت ۋە تەخت ئۈستىدە ئالتۇن قونداقتا ئولتۇرغان كۆك ياقۇت كۆزلۈك، ئالتۇن تۇمشۇق، ئالتۇن پۇتلۇق، پەرى-قاناتلىرى قاردەك ئاق، ئېنى ئۈچ غېرىچچە كېلىدىغان كۆركەم بىر شاتۇتىنى كۆردى، ھېلىقى مۇشۇك بولسا يەنە بىر تەرەپتىكى ئالتۇن سېۋەتكە سېلىنغان مامۇق تۆشەك ئۈستىدە بىرى ئالتۇن مويلۇق، بىرى كۈمۈش مويلۇق بىر جۈپ ئاسلىنىنى ئېمىتىپ ياتاتتى.

شاھزادە نۇرئېلى ھەر تەرەپكە نەزەر سالدى، لېكىن شاتۇتى بىلەن مۇشۇكلەردىن باشقا ئىنس - جىن كۆرۈنمىدى، شۇنداق تۇرغاندا تۇيۇقسىز شاتۇتى ئادەمدەك سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى:

— كىمسەن؟

شاھزادە نۇرئېلى شاتۇتىنىڭ ئاۋازى ئاكىسى شاھزادە نۇرمۇھەممەتنىڭ ئاۋازىدەكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى- دە، «ئۇ شاتۇتىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنمىدۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن:

— مەن سېنىڭ ئىنىڭ نۇرئېلى، ئاكا، بۇ سەنمۇ، — دېدى ئالدىراپ.

— ئۇ سېنى ئەمدى تونۇمايدۇ، — بىر قىزنىڭ ئاۋازى كەلدى شاھزادە نۇرئېلىنىڭ كەينىدىن.

شاھزادە نۇرئېلى كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ھۆسن - جامال ۋە قەددى - قامەتتە گەپ سىغمىغۇدەك بىر گۈزەل رەنانى كۆردى، ئۇنىڭ ئۇنچە-مەرۋايىتلاردىن گۈل - نەقىشلەر بېسىلغان رەڭدار يىپەك كىيىملەرگە ئورانغان نازۇك تېنىدىن ئىپار ھىدى چېچىلىپ، 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدىنمۇ گۈزەل رۇخسارىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— ئۇ راستىنلا مېنىڭ ئاكاممۇ، ئۆزىڭىز كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى ھاڭ - تاڭ بولۇپ.

— شۇنداق! ئۇ راستىنلا ئاكىڭىز، شاھزادە نۇرمۇھەممەت، مېنىڭ مەھبۇبەم، مەن بولسام جىنلار مەلىكىسى دىلخۇمار. يىگىت، بۇ يەرگە قانداق كەلگىنىڭىزگە ھەيرانمەن، — دېدى گۈزەل رەنا.

— ئۇ نېمىشقا مېنى تونۇمايدۇ، نېمىشقا ئۇنى شاتۇتىغا ئايلاندۇرۇپ

قويدىڭىز؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى يەنە.

— بەك كۆپ نەرسىلەرنى سورايدىكەنسىز، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار رەنجىش ئاھاڭىدا، — ئاكىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن سىزگە زىيان يەتكۈزمەيمەن، ھازىرلا مەملىكىتىڭىزگە قايتىڭ، ئاكىڭىزنىڭ تاج - تەختىگە ۋارىسلىق قىلىڭ، ئۇ بۇ يەردە ئەمدى مەڭگۈلۈك قالىدۇ، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولىدۇ، شاھلىق كېرەك بولسا جىنلارغا ھۆكۈمران بولىدۇ، تېز كېتىڭ ياكى مەن سىزنى سېھرىم بىلەن مەملىكىتىڭىزگە ئاپىرىۋېتەي، يەنە مېنى ئاۋارە قىلسىڭىز، سىزنى ئەجدىھا - شىرلىرىمنىڭ قىساسى ئۈچۈن تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىمەن.

— ماڭا سېھىر - جادۇ كار قىلمايدۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى سىلاپ قويۇپ، — شۇڭا، سېھىر - جادۇيىڭىزدىن ئەنسىرىمەيمەن. ماڭا سورىغان سوئالىمنىڭ جاۋابىنى بېرىڭ، ئاكام راستىنلا سىزگە مەھبۇب بولغان بولسا ئۇنى توسۇمايمەن، بىراق ئادەملىك سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويۇڭ.

— ياق-ياق! — تولۇۋەتتى مەلىكە دىلخۇمار، — ئۇنى ئادەملىك سىياقىغا كەلتۈرسەم بولىدۇ، لېكىن بۇرۇنقى ھالىتىگە ئەمەس، پەقەت بىر تاش ھەيكەل ئادەم سىياقىغا كەلتۈرىمەن، چۈنكى ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرسام مېنى ئۇنتۇپ، يەنىلا مەۋجۇت بولمىغان ھېلىقى ساھىبجامالنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ، ئاشۇ نەس باسقۇر لەۋھەنى كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن، مەن ئاكىڭىزنى چۈشۈمدە كۆردۈم ھەم ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولدۇم، ئۇنى بىر ئامال بىلەن قېشىمغا ئەكېلىۋالغۇچە، ئۇ لەۋھەدىن تەڭداشسىز ساھىبجامال بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئاشىق بوپتۇ، ئاشۇ لەۋھەدىكى جانسىز سۈرەت مېنىڭ كۈشەندىم بوپتۇ، شۇڭا مەن ئۇنى يول ئۈستىدە پەتەك جىنغا تۇتقۇزۇپ، بۇ يەرگە ئەكېلىۋالدىم، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدىن سۈرەتتىكى قىزنىڭ سىيماسىنى چىقىرىۋېتەلمىدىم، مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىدىم، نائىلاج شاتۇتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم، ئۇ شاتۇتى سىياقىدا تۇرۇپ ئاستا - ئاستا ھەممىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى، ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنىمۇ تونۇماس ھالەتكە كەلدى. يىگىت، دەرھال كېتىڭ، سېھىر - جادۇ ئىشلەتمىسەممۇ سىزنى

ھەرنىمە قىلىشقا قۇربىم يېتىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئاق مۇشۈككە ئىشارەت قىلدى، ئاق مۇشۈك چاچراپ تۇرۇپ، شاھزادە نۇرئېلىغا پەنجە ئۇردى، شاھزادە نۇرئېلى ئۇنىڭ زەربىسىدە ئۇچۇپ بېرىپ تامغا سوقۇلۇپ يەنە يەرگە چۈشۈپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

— ئۇ بۇ يەردىكى جانىۋارلىرىم ئىچىدە ئەڭ ئاجىزراقى، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز ئاكا - ئۇكا ئۈچ قېرىنداش ئىدۇق، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئۈچىلىمىز ئاشۇ سۈرەتتىكى ساھىبجامالغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى كىم بۇرۇن تېپىۋالسا ئۇ شۇنىڭغا مەنسۇپ بولسۇن دەپ كېلىشتۇق. ھازىر مەن ئۇنىڭدىن كەچتىم، چۈنكى مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق يار- مەھبۇبەمنى تاپتىم، ئاكامغا سىز ئاشىق بوپسىز، بەلكىم ئۇنىڭ تەقدىر - پېشانىسىگە پۈتۈلگەنسىز، ئىنىمىز بولسا ئاشۇ ساھىبجامالنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ بىزگە قارىغاندا ھەقىقىي ئاشىق ئىدى، قالغان ئىككىمىز ئوردىدىن نېرى بولماي بىرىمىز ھوقۇقنىڭ كۈچى، يەنە بىرىمىز پۇلنىڭ كۈچى بىلەن مۇرادىمىزغا يېتىشنى ئويلىغان، بىراق مۇمكىن بولمىدى، مەن قېرىندىشىمنى ئىزدەپ تېپىش يولىدا ئۆمۈرلۈك جۇپتۇمگە يولۇقتۇم، ئاكامۇ قېرىندىشىنى ئىزدەش يولىدا سىزگە يولۇقۇپتۇ، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ، ئىنىمىزنى تېپىشىمىزغا ياردەم قىلىڭ، ئۇ چوقۇم بىر سىزگىلا كۆڭۈل بېرىدۇ، سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

— شۇنداق بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار ئىككىلىنىپقىنا، — بىراق سىز دېگەندەك بولمىسىچۇ؟

— بىز قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمىز، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — ئۇ قېرىندىشىنى تېپىش ئۈچۈن تاج - دۆلەتتىن كەچكەن، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان، سىز سۆزۈمگە ئىشىنىڭ.

— مۇشۇ بىر قېتىم سىزگە ئىشىنەي، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار يۇمشاپ، ئاندىن ئۇ بىر ئالتۇن تاۋاقتا سۇ كەلتۈرۈپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئاق

شاتۇتىغا چاچتى، شۇ ھامان شاتۇتى غايىب بولۇپ، ئورنىدا شاھزادە نۇرمۇھەممەت پەيدا بولدى- دە، تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ، شاھزادە نۇرئېلى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، مەلىكە دىلخۇمار ئۇلارنىڭ ئېچىل- ئىناقلىقىدىن، بىر - بىرىگە مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن خىجىل بولدى، ئاكا - ئۇكىلارنى سىرتقا تەكلىپ قىلىپ، تۆۋەنكى سارايغا ئەچۈشتى، شۇ چاغ ئاسلاندەك بىر قارا مۈشۈك سىرتتىن ئوقتەك تېز كىرىپ شاھزادىلەرگە چاڭگال سالدى، لېكىن شاھزادە نۇرئېلىنىڭ بارمىقىدىكى خاسىيەتلىك ئۈزۈكتىن كۈچلۈك نۇر چاقناپ، ئۇ كۆل رەڭ چاچلىرى ئاياغ ئاستىدا سۆرىلىپ يۈرىدىغان، ھەممە يېرى كۆمۈردەك قارا ۋە بەتبەشرە بىر ئايالغا ئايلىنىپ، پالاققىدە يەرگە يىقىلدى، مەلىكە دىلخۇمار دەرھال بىر تال چېچىنى ئۇنلارچە قىلىچقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى گۆش قىيمىلىغاندەك چاناپ - چاناپ، قىيما- چىيما قىلىۋەتتى، ئارقىدىن بىرلا ئىسقىرتىۋىدى، بىر توپ ئالتۇن مويلۇق پىستە كۈچۈكلەر، كۈمۈش مويلۇق تۈلكىچاقلار شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، گۆش قىيمىلىرىنى تېرىپ يېيىشكە كىرىشتى، پەقەت نوقۇتچىلىك بىر تال قىيما گۆشلا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، قارا قوڭغۇزغا ئايلىنىپ:

— خەپ توختاش، خەپ توختاش! — دەپ چىرىلدىغىنىچە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، كۈچۈك ۋە تۈلكىچاقلارمۇ قانات چىقىرىپ ئۇنى قوغلاپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئېھتىمال تۇتالماسلىقى مۇمكىن، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — ئۇ تېزلا كۆزدىن غايىب بولىدۇ، بىراق ئەمدى ئۇنىڭ ئەندىشە قىلغۇچىلىكى قالمىدى.

— ئۇ كىم؟ نېمىشقا بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئېلى ئەجەبلىنىپ.

— ئۇ قاراڭغۇ تاغدىكى پېرىخون، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — سىلەرنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولسا كېرەك، ئاخىر جاجىسىنى يېدى، ئەمدى ھېچقانداق كارامىتى قالمىدى، چۈنكى ئۇ تېنىدىن ئايرىلدى، ئەسلي بۇ يەرگە شىر بىلەن ئەجدىھالار پاسىبان ئىدى، مەن خالىمىغان

ئىنس - جىن بۇ يەرگە چىقالمايتتى، بىراق سىز نېمە ھۆنەر ئىشلەتتىڭىزكىن، ئۇلار تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يول داغدام ئېچىلىپ، ھەركىم كىرەلەيدىغان بوپتۇ، شۇڭا ھېلىقى پېرىخونمۇ تەپتارتماستىن ئالدىمدىلا سىلەرگە چاڭ سالدى.

شاھزادە نۇرئېلى شۇ چاغ خاسسىيەتلىك ئۆزۈكنىڭ بارمىقىنى ئۆزۈۋەتكۈدەك قاتتىق سىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئالدىراپ ئۇنى سوغۇرۇۋېلىپ تاشلىۋەتتى، ئۆزۈك بىردىنلا تومۇزغا قانىتىدەك بىر جۈپ قانات چىقىرىپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

— بىلمىدىم، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — سىز ئاشۇ ئۆزۈكنىڭ شاراپىتىدىن بولسا كېرەك، پەتەك جىنغىمۇ، باشقىلارنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىغىمۇ تاقابىل تۇرالايسىز، كارامىتى كۈچلۈك پېرىخونمۇ سىزدىن زەربە يېدى، ئەمدى خاسسىيىتى تۈگەپ ئۆزۈك ئۆز ماكانىغا ماڭدى، ئېھتىيات قىلىڭ، ئەمدى سىزگە بۇ دىۋە - پەرى، جىن - پېرىخونلار ئىقلىمىدا ئامانلىق بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ مەلىكە، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — مەندە يەنە تېخى ئۈچ ئەڭگۈشتەر بار.

# تۆتىنچى باب

## جىنلار مەلىكىسىنىڭ يالماۋۇز شاھ ئالدىغا بېرىشى

مەلىكە دىلخۇمار ئەمدى ئۈلارنى چىمەنزارلىقتا باشلاپ چىقتى، قولىغا يىگىنە سانجىپ، بىرقانچە تامچە قېنىنى بىر تاۋاق سۇغا ئاقتۇردى، ئاندىن سۇنى ئۇنچە ـ مارجان قىلىپ ئاسمانغا چاچتى، شۇ ھامان بىر تاۋاق سۇ قىزىل مارجان يامغۇرغا ئايلىنىپ، تاغ ئۇستى ۋە تاغ ئەتراپىغا تۆكۈلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن ئەجدىھالار ئەسلىگە كېلىپ، ئۇچۇپ بارغانچە پەشتاقلارغا چاپلىشىپ يېتىشتى، تاغ تۆۋىنىدىن شىرنىڭ ھۆركىرىگىنى ئاڭلاندى. مەلىكە دىلخۇمار بىر چاۋاك چالغاندى، باشلىرىغا توز پېيى قادالغان ئوتىغاتلىق تاج كىيگەن، خىلمۇخىل رەڭلىك، كەشتىلىك يىپەك پەرتۇقلارنى تارتىۋالغان قاردەك ئاق مۇشۇكلەر ئادەملەردەكلا ئۆرە مېڭىپ كېلىپ، ئالدى ئىككى پۇتلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن تۇرۇشتى.

ــ زىياپەت تەييارلاڭلار، ــ دېدى مەلىكە دىلخۇمار.

شۇ ھامان مۇشۇكلەر مىياڭلاپ قويۇشۇپ، تارقاپ كېتىشتى، ھايالسىزلا چىمەنزارلىقتا يۇملاق شىرە، كۇمۇش كۇرسىلارنى كەلتۇردى، شىرەگە ئاپئاق يىپەك داستىخان سېلىپ، ئالتۇن تاۋاق، خىرۇستال جاملاردا لەززەتلىك تائام، شېرىن ـ شەربەت مېۋىلەرنى، ياقۇت قەدەھلەردە گۈل رەڭلىك خۇشبۇي ئىچىملىكلەرنى ھازىرلىدى، خۇددى ئادەملەردەك ماھىرلىق بىلەن خىزمەت قىلىشتى.

مەلىكە دىلخۇمار شاھزادىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدى،شاھزادىلەرمۇ تارتىنماستىن نازۇنېمەتلەردىن بەھىرە ئېلىشتى ۋە شۇنداق ئولتۇرۇپ

سورىدى:

— ئەي مەلىكە، ئىنىمىز ھەققىدە بىر ئۇچۇر بەرسىڭىز؟

— ئۇ سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى ئىزدەپ يۈرگەن بولسا كېرەك، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار كۈلۈمسىرەپ.

— بىراق جاھاننامىدە كۆرۈنمەپتۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— جاھاننامىدە يەر يۈزىدىكى، ئادەمزات دۇنياسىدىكى نەرسىلەر، ھادىسىلەرنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، ئىنىڭلار يەر يۈزىدە، ئادەمزات دۇنياسىدا كۆرۈلمىگەن بولسا چوقۇم دىۋە - پەرى، جىنلار ئىقلىمىدا يا بىر تىلسىمغا چۈشۈپ قالغان، يا بىرەر جادۇگەرگە تۇتقۇن بولغان، ياكى بىرەر دىۋە - پەرىگە ئەسىر بولۇپ، پىنھان جايلارغا ئېلىپ كېتىلگەن گەپ، ھېلىقى لەۋھەمۇ چوقۇم سېھىر - جادۇگەرلىكنى كەسىپ قىلغان بىرىنىڭ پەيدا قىلغان نېمىسى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق سىلەرنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئاراڭلاردىن بىرىگە ئېرىشمەكچى بولغان بولسا كېرەك.

— ئۇنى رەھمەتلىك شاھ ئاتىمىز ھايات چېغىدا پېچەتلەپ خەزىنىگە قويغان، — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ ئەسل - ۋەسلىدىن ئايرىلغان بىر بىچارە سودىگەر شەھرىمىزگە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ مۇددىئاسىمۇ سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى تېپىش ئىكەن، بىز ئۇنىڭ بىرەر سېھىر - جادۇگەر بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى بىلمەيمىز، بىزگە ياردەم قىلىڭ، ئىنىمىزنى تاپساقلا مەن ھەممىدىن كېچىپ، سىز بىلەنلا ئۆتۈشكە رازى.

— سىز ئۇچۇن ھەممىگە تەييار مەن، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — بىراق، بۇ تاغدىن يىراقلىغانسېرى كارامىتىم ئاجىزلاپ، ئاسانلا دۈشمەنلىرىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىمەن، مېنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس، بىراق مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ سىزگە ياردەم قىلىمەن، ئۈمىدىم، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، ئۆمۈرلۈك چۆپتى - نىگارىڭىز بولسام.

— مەن رازى، — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت خۇرسەنلىك بىلەن، — سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن ھەم سىزدىن باشقا ئايال زاتىغا

كۆڭۈل بەرمەسلىككە ئەھدە قىلىمەن. بىراق، شەرتىم شۇكى، بىز ئىنىمىزنى تاپقان ھەم ئۇمۇ مەھبۇبەسىگە ئېرىشكەن كۈنى ئۇچىمىزنىڭ توي مەرىكىسىنى بىر قىلىپ، ئاندىن بىللە بولىمىز.

— شۇ كۈننى كۈتىمەن، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار خۇشاللىقىدىن چېھرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، — مېنى ھازىرلا نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ، كۆڭلۈم تىنسۇن، قالغان ئىشلار سىز دېگەندەك بولسۇن.

شاھزادە نۇرمۇھەممەت رازىلىق بىلدۈردى، مەلىكە دىلخۇمار چاۋاك ئۇرغانىدى، بىر قاناتلىق پىستە كۈچۈك پەيدا بولدى.

— دەرھال موللام ئېلىپ كەل، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار ئۇنىڭغا.

كۈچۈك ھاۋشىپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن قورققىنىدىن رەڭگى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەن بىر موللامنى چىشلىگەن پېتى پەيدا بولدى، موللام كۈچۈك يەرگە قويغاندىن كېيىنمۇ قورقۇنچتا تىلى سۆزگە كەلمىدى.

— قورقماڭ موللام، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— سىزگە زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ، سىز ھازىر مانا بۇ ئىككىيلەننىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويسىڭىزلا بولدى، ئاندىن يەنە ساق-سالامەت ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ قويىمىز.

— مېنى بۇ ناپاك ئىت چىشلەپ ئەكەلدى، — دېدى موللام دۇدۇقلاپقىنە، — كىيىمىم ناپاك بولدى، بولسا كىيىم يۆتكىۋېلىپ، تەرەت ئېلىۋېلىپ ئاندىن نىكاھ قىلسام.

مەلىكە دىلخۇمار يەنە چاۋاك ئۇرغانىدى، بىر توپ خىزمەتكار مۇشۇكلەر پەيدا بولدى.

— موللامنى خاس خانىغا ئەكىرىپ يېڭى كىيىم بېرىڭلار، — ئەمر قىلدى ئۇ، — ئاندىن تەرەت ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇشقا ھازىر بولسۇن دېدى.

خىزمەتكار مۇشۇكلەر موللامنى خاس خانىغا ئەكىرىپ كېتىشتى، ئۇزاق ئۆتمەي موللام يېپيېڭى زەرباب كىيىملەرگە ئورىنىپ، قاردەك ئاق يېپەك سەللە ئوراپ، نىكاھ قىلىشقا تەييارلىنىپ چىقتى ھەم ئادەمزات رەسىم - قائىدىسى بويىچە مەلىكە دىلخۇمارنى شاھزادە نۇرمۇھەممەتكە

نىكاھ قىلدى.

مەلىكە دىلخۇمار: «نىكاھ ھەققى» دەپ موللامغا بىر خۇرجۇن ئالتۇن، بىر خۇرجۇن گۆھەر بەردى، ئاندىن ئىككى قاناتلىق پىستە كۈچۈك خۇرجۇنلارنى ئۈستىگە ئارتىپ ۋە يەنە بىرى موللامنى كىيىمىدىن چىشلەپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

مەلىكە دىلخۇمار ئەمدى ئۆزىگە زور ئۈمىد باغلاپ تۇرغان شاھزادىلەرنى باشلاپ ئالتۇن سارايغا كىردى، شۇ ھامان ئوڭ - سولدىكى پەشتاقلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن سادا كەلدى:

— مەن تەرەپكە، مەن تەرەپكە!

بىراق مەلىكە دىلخۇمار شاھزادىلەرنى ئۇدۇلدىكى تەخت ئاستىدىكى پەلەمپەيلەر بىلەن ئېلىپ ماڭدى، ئالدىدا تۇرغان شىرەگە قولىنى شىلتىغانىدى، شىرە غايىب بولۇپ ئورنىدا قوش قاناتلىق بىر ئىشىك پەيدا بولدى، مەلىكە دىلخۇمار پىچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇغانىدى، ئىشىك ئۈچەيلەننى سۈمۈرۈپ، قاپقاراڭغۇ بىر ھۇجرىغا ئەكىرىپ تاشلىدى.

مەلىكە دىلخۇمار يەنە بىر چاۋاك ئۇرغانىدى، ھۇجرا ئىچى گۇڭگا يورۇدى، شاھزادىلەر بۇ ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىدىن بىر خىل سۈر يېغىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، قانداقتۇر بىرنېمىلەر ھەر تەرەپتىن خىرىس قىلىۋاتقاندەكلا بىلىندى.

شاھزادىلەر ھۇجرىنىڭ تۆت تەرىپىگە زەن قويۇپ قاراۋېتىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى، چۈنكى ھۇجرا تاملىرى ئاجايىپ - غارايىپ يىرتقۇچ ھايۋان، ۋەھشىي ئەجدىھالارنىڭ باشلىرى بىلەن بېزەلگەن، بۇ باشلارنىڭ بەزىلىرى چىشلىرىنى كىرىسلاتسا، بەزىلىرى قىپقىزىل تىللىرىنى سوزۇشۇپ، ئۇلارنى ھېلىلا يالماپ كېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا تۇراتتى، گاھىلىرىنىڭ كۆزلىرى قانغا تولۇپ، كۆز قارىچۇقلىرى چانىقىغا پاتماي ئېتىلىپ چىقايلا دەپ قالغان بولسا، گاھىلىرىنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن رەڭگارەڭ ئىس - تۈتەكلەر چىقىپ تۇراتتى، گاھىلىرى دەھشەتلىك چىرقىرىسا، گاھىلىرى ئادەمدەك قاقاقلاپ كۈلەتتى ۋە گاھىلىرى ۋەھىملىك ھۆركىرەيتتى.

— يورۇقلۇق بۇلارنى ۋەھشىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — ئۇلار مۇشۇ مەخپىي خانىغا بەند قىلىنغان، ئۇلارنىڭ قايسى زامانلاردا بەند قىلىنغىنىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئۇلار بۇ مەخپىي خانىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، ھەربىرى بىر خىل نەرسىگە مۇئەككەل قىلىنغانىكەن، بەزىلىرىنىڭ نېمىنى ساقلاۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيمەن، مەرھۇم ئۇستازىم بۇ مەخپىي خانىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىدا، پەقەت بىرنەچچىسىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرگەن، بىراق ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇلار مېھمانلىرىمغا چېقىلمايدۇ، پەقەت ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى مەخلۇققا يېقىنلاشمىساڭلارلا بولىدۇ.

شاھزادىلەر ئۇ كۆرسەتكەن بۇلۇڭغا قارىدى، لېكىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، مەلىكە دىلخۇمار شۇ بۇلۇڭغا پۈۋلىگەنىدى، بۇلۇڭ ئاستا - ئاستا يورۇپ، چوڭ بىر پەتنۇس كۆرۈندى، پەتنۇس ھاۋادا مۇئەللەق تۇراتتى، گويا كۆرۈنمەس بىر قول كۆتۈرۈپ تۇرغاندەكلا، پەتنۇس ئۈستىدە بولسا توققۇز باشلىق بىر رەڭدار يىلان بار ئىدى.

شاھزادىلەر ئۇنىڭ نېمە كارامىتى بارلىقىنى سوراي دېگۈچە، بىردىنلا توققۇز باشلىق يىلان شىر باشلىق بۈركۈتكە ئايلىنىپ، ھېلىلا ئۈچۈپ كېتىدىغاندەك قانات قاقتى، ئەمما ئۈچۈپ كەتمەستىن يەنە ئۈچ باشلىق ئەجدىھاغا، ئارقىدىنلا شىر، يولۋاس، ئېيىق باشلىق غەلىتە ھايۋانغا، ئارقىدىنلا يەنە بەتبەشىرە يايلىلىق كەسلەنچۈككە ئايلاندى. ئەيتاۋۇر نەچچە مىنۇتتا بىر خىل كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندى.

— ئۇ ئۆزگىرىشچان مەخلۇق، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — ئاشۇ پەتنۇسقا بەند قىلىنغان، ئۇ كەينىدىكى ئاۋۇ تىلسىم ئەينەكنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭ جان رىشتى ئاشۇ تىلسىم ئەينەككە باغلانغان، تىلسىم ئەينەك بولسا ئۇستازىمدىن قالغان تەۋەررۈك ئەنگۈشتەر، سىلەر ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇغاچ، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇققا يېقىنلاشتى، ئەپسۇنىنىڭ كۈچى بىلەن ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق بىر بېشى ئىت، بىر بېشى مۈشۈك سىياقىدىكى غەلىتە ھالىتىدە بۈركۈت

پەنجىسىدەك پۇتلىرى ئۈستىگە باشلىرىنى قويۇپ ياتتى، كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلدى، سىياقى قايتا ئۆزگەرمىدى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ كەينىدىن بىر قارا پەردە ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، چۆرىسىگە كۆك رەڭلىك گۆھەرلەر بىلەن نەقىشلەر چىقىرىلغان يۇمىلاق ئالتۇن ئەينەك زاھىر بولدى، ئەينەك ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقان ئىككى باشلىق بىر جىن كۆرۈندى، جىننىڭ ئېنى بىر غېرىچ، بېشى ئالمىدەك بولۇپ، بىر بېشى كۆمۈردەك قارا، بىر بېشى سۈتتەك ئاق تەنلىك ئادەم بېشى ئىدى.

— ئويغان، سوئاللىرىمغا جاۋاب بەر! — دېدى مەلىكە دىلخۇمار.

شۇ ھامان ئىككى باشلىق جىن كۆزىنى ئاچتى، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلمەكچى بولغانلىرىڭىزنى بىلىمەن مەلىكەم، سىز ئەمدى ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ.

— قېنى سۆزلە! — دېدى مەلىكە دىلخۇمار تەقەززالىق بىلەن.

ئاۋۋال جىننىڭ قارابېشى سۆزلىدى:

— شاھزادە نۇرئەزىز يەر ئاستىدا، لەۋھەدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ ئاشىق بولغان ساھىبجامال پەرىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپ خەتەرگە يولۇقتى، خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، قۇتۇلمىقى بەك مۈشكۈل، ئۇنىڭغا سىزمۇ، ئۇ ئىككىسىمۇ ياردەم بېرەلمەيسىلەر، چۈنكى ئۇ بەك يىراق، بەك يىراقتا، سىزنىڭ كارامىتىڭىز يەتمەيدىغان بىر جايدا، ئۇ ئەڭ يامان پېرىخوننىڭ تىلسىمىدا قاماقلىق.

ئەمدى جىننىڭ ئاق بېشى سۆزلىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى چاقناپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا بىرسى ياردەم قىلىدىكەن، خەتەر ئىچىدە بولسىمۇ تېخى تىنچ ـ ئامان ئىكەن، ئۇ تىلسىمدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن دىدارلىششىڭلار مۇمكىن.

— ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەڭلار! — دېدى جىننىڭ قارا بېشى.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار! — دېدى جىننىڭ ئاق بېشى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە دىلخۇمار كەينىگە بۇرۇلدى، ئىككى

باشلىق جىن ئاستاغىنە قىڭغىيىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. قارا پەردە چۈشۈپ، تىلسىم ئەينەك كۆرۈنمىدى، ئۇخلاپ قالغان ئۆزگىرىشچان مەخلۇق ئويغىنىپ، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوت چىقىپ تۇرغان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئىسكىلىت باشلىق بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ خىرىس قىلىپ قويدى، ئارقىدىنلا ئۇ تۇرغان بۇلۇڭ يەنە قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماس ھالغا كەلدى.

— جىننىڭ قارا بېشىغا بەكلا ئوچ بولدۇق، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى.

— بىراق ئۇ راست سۆزلىدى، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — ئۇنىڭ ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگىنى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك.

— يىراق دېگىنى قانچىلىك يىراقتۇ؟ — دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت مەخپىي ھۇجرىدىن چىققاندىن كېيىن، — ئىنىمىز قانداق خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندۇ، بىز ئۇنى تاپمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايمىز.

— مەن بىرىپ كېلەي، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — سىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئەڭ يامان پىرىخون بولسىمۇ بىرىپ كېلەي، ھېچبولمىغاندا شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ نە ھالدىلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەرمەن.

— سىزنى يالغۇز ئەۋەتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ،— دېدى شاھزادە نۇرمۇھەممەت، — مەن بىللە باراي.

— سىز بىر ئاددىي ئىنسان، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — بارسىڭىز ئاسانلا تىلسىملارغا دۇچار بولىسىز ياكى سېھىر - جادۇغا مۇپتىلا بولىسىز، سىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ، ئىشلىرىمىزغا دەخلى يېتىدۇ، شۇڭا ئۆزۈم يالغۇز بارغىنىم تۈزۈك، ئىككىڭلار بۇ تاغدا مېنى ساقلاڭلار ياكى شەھىرىڭلارغا قايتىپ ئۆز ئورداڭلاردا مېنى كۈتۈڭلار.

شاھزادە نۇرمۇھەممەت نائىلاج ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى، ئوردىغا قايتماقچى بولدى.

— بۇلاقتىكى جىننىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويسىڭىز، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى مېڭىش ئالدىدا.

مەلىكە دىلخۇمار كىچىككىنە بىر ئالتۇن قاپاققا سۇ ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئاسمانغا ئاتتى، قاپاق ئىككى يېنىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتى.

مەلىكە دىلخۇمار ئەمدى قاناتلىق شىر قوشۇلغان بىر ئالتۇن رەڭلىك پەيتوننى پەيدا قىلىپ، ئىككى شاھزادىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەمر قىلدى.

— بىزنى تاغ تۈۋىگە يەتكۈزۈپ قويسىلا بولىدى، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — تۆۋەندە ئۇچار گىلەم مېنى كۈتۈۋاتقان.

— سىز دېگەندەك بولسۇن، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار خۇشلىنىشىپ، — مېنىڭ خەۋىرىمنى كۈتۈڭلار، ئەمدى ئۆز مەيلىڭلارچە ئىش قىلماڭلار، باشقا تەرەپلەرگە كېتىپ قالماڭلار، سىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خېيىم - خەتەرلەر قەدەمدە بىر يولۇقۇپ قالىدۇ، ئۆزۈڭلەرنى ئۇچار گىلەمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرساڭلارلا بولغىنى، ئۇ مەنزىلگە تىنچ - ئامان يەتكۈزىدۇ.

شاھزادىلەر پەيتونغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى، قاناتلىق شىر پەيتوننى سۆرەپ ئۇچۇپ ناھايىتى تېزلا تاغ تۈۋىگە قوندى، شاھزادىلەر چۈشۈۋالغان ھامان قاناتلىق شىر بىلەن پەيتون ئالتۇن رەڭلىك قوڭغۇزغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۇچار گىلەم، قېنىسەن؟ — دەپ توۋلىدى شاھزادە نۇرئېلى.

شۇ ھامان ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر توپىدىن بىرسى ئايرىلىپ چىقىپ غۇدۇرىغىنىچە يېتىپ كەلدى:

— مېنى بەك ئۇزاق ساقلىتىۋەتتىڭ، تېخى مېنى لازىم قىلمايدىغان چېغى، ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئېلى، — سەن مېنىڭ سادىق دوستۇم بولۇپ قالغان تۇرساڭ، قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، بىزنى مەلىكەم قېشىغا ئېلىپ بارغان بولساڭ.

كېپىنەك چوڭىيىپ، چوڭىيىپ ئۇچار گىلەمگە ئايلاندى، شاھزادىلەر ئۈستىگە ئولتۇرغان ھامان ئۇ خىيالدەك تېز سۈرئەتتە، ئەمما بەكمۇ سىلىق ئۇچۇپ ئۇلارنى تېزلا پەتەك جىن ماكانلاشقان تىلسىم

بۇلاق بويىغا ئېلىپ باردى.

— رەھمەت ساڭا شاھزادە! — دېدى پەتەك جىن تۇيۇقسىزلا بۇلاقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، — لازىم بولسام مېنى ئىزدىگىن. ئۇ شۇنداق دەپلا بۇلاققا كىرىپ كەتتى، ئۇچار گىلەم داۋاملىق ئۇچۇپ كېتىۋەردى، ئاخىر مەلىكە دىلرەبانىڭ خاس قەسرى ئالدىغا بېرىپ قوندى، پەرىلەر شاھى، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە مەلىكە دىلرەبا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

ئەمدى سۆزنى مەلىكە دىلخۇماردىن ئاڭلىماق كېرەك. ئۇ شاھزادىلەرنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە مەخپىي ھۇجرىسىغا كىردى- دە، چاۋاك ئۇردى، ھۇجرا ئىچى گۈگگاغىنە يورۇدى، ئاندىن ئۇ تامدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ باشلىرىغا قاراپ، ئارىدىن قاپقارا تۈتەك پۇرقۇپ تۇرغان شەپەرەڭ بېشىغا ئىشارەت قىلدى. شۇ ھامان شەپەرەڭنىڭ ئاغزى يوغىناپ - يوغىناپ، ھەرە چىشلىرىدەك چىشلار ئارىسىدىن توپتەك - توپتەك ئۈچ ئالتۇن تۇخۇم ئۇچۇپ چىقتى، مەلىكە دىلخۇمار ئالقىنىدا بىرئالتۇن سېۋەت پەيدا قىلىپ، ئالتۇن تۇخۇملارنى سالدى- دە، مەخپىي ھۇجرىدىن چىقتى، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىغانىدى، شاھانە قەسىر - سارايلىرى غايىب بولۇپ، ئورنىدا تاپتا- قىر تاشلىق تاغ چوققىسى قالدى، ئالدىغا بولسا ئالتۇن رەڭلىك سۇمۇرغ قوشۇلغان ئالتۇن پەيتون ھازىر بولدى.

مەلىكە دىلخۇمار پەيتونغا ئولتۇردى، سۇمۇرغ پەيتوننى سۆرىگىنىچە مەغرىب تامام ئۇچۇپ كەتتى. نەچچە ئون كۈنلەر ئاقار يۇلتۇزدەك توختاۋسىز ئۇچۇپ، چەت - ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز بىر دەشت قۇملۇق ئاسمىنىغا يەتتى، مەلىكە دىلخۇمار پەيتوننى شۇ يەردە قوندۇرۇپ، قۇملۇققا چۈشتى، سۇمۇرغ بىلەن پەيتون كىچىكلەپ، چاچ قىسقۇچقا ئايلىنىپ ئۇنىڭ سومبۇل چاچلىرىغا قادالدى.

شۇ چاغ ھەممىدىن ئېگىز ۋە چوڭ قۇم بارخان يېرىلىپ، ئاستىدىن غايەت زور بىر يالماۋۇز بېشى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۆككۈردەك كۆزلىرىدىن ئوت، كۆلدەك ئاغزىدىن زەھەرلىك تۈتەك پۇركۈلۈپ تۇراتتى، چاچلىرى ئورنىدا ساناقسىز يىلانلار كۈشۈلداپ يۆرەتتى.

— مەرھابا! مەرھابا! — شۈنداق سادا كەلدى يالماۋۇز بېشىدىن،— ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئىشىكىم ئالدىغا كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن، سېنى كۆرۈشكە تاقەتسىز تاق ئىدى.

— قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار تەمترىمەستىن، — مېھمان ئورنىدا كۈتىسىڭىز ئالدىڭىزغا كىرىمەن، بولمىسا كېتىمەن.

— سوۋغاتلار ياراپ قالسا ئەلۋەتتە مېھمىنىم بولىسەن، — شۈنداق سادا كەلدى يالماۋۇز بېشىدىن، — يارىمسا«دۈشمەن» دەپ بىلىمەن، قېچىشنى خام خىيال قىلماي، تەلىيىڭنى سىناپ باق، كەلمىگەن بولساڭ ئۆزۈم ئىزدەپ بارار ئىدىم، ئىشىكىم ئالدىغا كەلگۈچى رۇخسىتىمسىز قايتالىغان ئەمەس.

مەلىكە دىلخۇمار سۆز قايتۇرماستىن ئالتۇن سېۋەتتىكى ئالتۇن تۇخۇملاردىن بىرىنى ئېلىپ چاقتى، ئىچىدىن يۇلتۇز باشلىق بۆك، يۇلتۇز سۈرەتلىك تون ۋە يۇلتۇز قوندۇرۇلغان كەش كىيگەن، يۈزلىرى ئالىپاساق بويالغان، قولىغا يۇلتۇز باشلىق ھاسا تۇتقان بىر قىزىقچى قورچاق چىقتى- دە، ھاسىنى پىرقىراتتى، شۇ ھامان ئۈنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئالتۇن مويلۇق، كۆك ياقۇت كۆزلۈك پىستىلەر ۋە كۈمۈش مويلۇق، قىزىل ياقۇت كۆزلۈك كىچىك شىرلار پەيدا بولۇپ، توپ- چەمبىرەكلەرنى پىرقىرىتىپ، موللاق ئېتىپ سەكرىشىپ، قىزىق ئويۇنغا چۈشتى. قىزىقچى قورچاق يۇلتۇز باشلىق ھاسىنى ئوينىتىپ، ھاۋادا گاھ رەڭگارەڭ ساليۇت ئېتىلغان كۆرۈنۈشلەرنى، گاھ نۇردىن ھاسىل بولغان خىلمۇخىل مەخلۇقلارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

— بۇ كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇقىكەن، — ئۇ شۈنداق دەۋاتقاندا ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تۈتەك غايىب بولدى، قىزىقچى قورچاق ۋە ئۈنىڭ ئۇماق ھايۋانلىرىمۇ ئالتۇن رەڭلىك تۇخۇم ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

مەلىكە دىلخۇمار ئىككىنچى ئالتۇن تۇخۇمنى چاقتى، تۇخۇمدىن بىر كىچىك يۇملاق شىرە ئۈچۈپ چىقتى، شىرەنى توققۇز ئالتۇن شىر كۆتۈرۈپ تۇراتتى، شىرە بارا - بارا چوڭىيىپ، ئۈستىدە ئاپئاق بۇلۇت- تۇمانلار پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىدىن

خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆتۈرۈۋالغان، گاھىلىرى ئالتۇن مويلۇق، گاھىلىرى كۈمۈش مويلۇق، گاھىلىرى قارىدەك ئاق ۋە گاھىلىرى تەڭگە گۈللۈك ئوماققىنە كىچىك ھايۋانلار پەيدا بولدى- دە، بەزىلىرى ئالتۇن كۇرسىلىرىدا ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپ، قارىدەك ئاق بىر كىچىك شىرنىڭ ئادەمدەك تىك تۇرۇپ دىرىژورلۇق قىلىشى بىلەن مۇقام مۇزىكىسى ئورۇنلاشقا، پەي قاناتلىرى ئەتلەستەك ئالىيېشىل ۋە كۆركەم، ئېنى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان بىرچۈك شاتۇتى مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ياڭراق ۋە خويمۇ يېقىملىق ئاھاڭدا مۇقام ناخشىلىرىدىن ئېيتىشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىدىن بويۇنلىرى ئۇزۇن، بويلىرى زىلۋا، نازۇك، قارىدەك ئاق ئون ئىككى مۈشۈك چېكىپ دەسسەپ چىقىپ، نازىنىن رەققاس قىزلاردەك جىلۋە - ناز بىلەن تەزە ئۇسسۇلغا چۈشتى، نەغمە- ناۋا، ئۇسسۇل راسا ئەۋجىگە چىققاندا يالماۋۇز بېشىدىن سادا كەلدى:

— بۇ ياشلار قىزىقىدىغان نەرسىكەن.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئوڭ كۆزىدىكى ئوت ئۆچۈپ، قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ قالدى، شۇ ھامان ناخشىچى - ئۇسسۇلچى، سازەندىلەر يەنە بۇلۇت - تۇمانلار ئارىسىدا غايىب بولۇپ، شىرە كىچىكلىدى، ئاخىر ئالتۇن تۇخۇم ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى، مەلىكە دىلخۇمار ئۈچىنچى ئالتۇن تۇخۇمنى چاقتى، تۇخۇم ئىچىدىن نەپىس ئىشلەنگەن، ئالتۇن چاق بېكىتىلگەن ئالتۇن سېۋەت غىلدىرلاپ چىقتى، سېۋەت ئىچىگە مامۇق تۆشەك سېلىنغان بولۇپ، بەكمۇ ئوماق ۋە بۇدرۇققىنە بىر جۈپ بوۋاق — بىر ياشلاردىكى ئالتۇن كوكۇلىلىق ئوغۇل ۋە كۈمۈش كوكۇلىلىق قىز قوللىرىدىكى يۇمران مەڭزلىرىدەك قىزىل ئالمىلىرىنى ئويناپ، تېپىچەكلەپ ياتاتتى.

ئۇلار نېمىدىنىدۇر خۇشال بولغاندەك ۋىلىقلاپ كۈلگەنىدى، شۇ ھامان ئەتراپتا گۈللەر ئېچىلىپ، ئاسماندىكى بۇلۇت - تۇمانلار تاراپ، قۇياش تېخىمۇ پارلاپ نۇر چاچتى، يەنە بىردەمدە نېمىدىنىدۇر رەنجىپ يىغلىغانىدى، ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت - تۇمانلار قاپلاپ، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، شۇ چاغ يالماۋۇزنىڭ

ئاغزىدىن بىر ئالتۇن دەستىلىك كۆنلۈك ئۇچۇپ چىقتى- دە، بوۋاقلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، ئۇلارنى يامغۇردىن ئاسرىدى، پىرقىرىغانىدى، گىرۋەكلىرىگە ئېسىلغان كۈمۈش قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ، بوۋاقلارنى بەزلىدى، ئۇلارنىڭ يىغىسى توختىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يامغۇرمۇ توختاپ، ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈشكە باشلىدى، ئارقىدىنلا بوۋاقلارنىڭ ۋىلىق - ۋىلىق كۈلكىسى بىلەن تەڭ ئالەم-جاھان ۋاللىدە ئېچىلىپ، نۇر ۋە ئاپتاپقا چۆمۈلدى.

— بۇ سوۋغىتىڭدىن تولىمۇ رازىمەن! — شۇنداق سادا كەلدى يالماۋۇز بېشىدىن يېقىملىققىنە. شۇ ھامان ئۇنىڭ سول كۆزىدىكى ئوتمۇ غايىب بولدى، بېشىدا مىغىلداپ يۈرگەن يىلانلارمۇ ئۇچتەك ئاقارغان چاچلارغا ئايلىنىپ قالدى، ئاندىن يالماۋۇز بېشىدىن بىر شامال چىقىپ سوۋغاتلار قاچىلانغان ئالتۇن سېۋەتنى ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى- دە:

— مەرھەمەت!— دېگەن سادا كەلدى.

مەلىكە دىلخۇمار كۆز شامىلىدا ئۇچقان غازاڭدەك يەڭگىل ئۇچۇپ، يالماۋۇزنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى، بۇيەر بىر غارغىلا ئوخشايتتى، لېكىن ئاستى ۋە ئۈستىدە خەنجەردەك سوغۇق نۇر چېچىپ، يالتىراپ، دەھشەت يېغىپ تۇرغان قوزۇق چىشلار بار ئىدى.

مەلىكە دىلخۇمار ئېھتىيات بىلەن ئۇچۇپ، تىمساھتەك بىر جۈپ چايان بېقىپ ياتقان ئىشىككە دۈچ كەلدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ يەنە:

— مەرھەمەت! — دېگەن سادا كەلدى.

مەلىكە دىلخۇمار ئىشىك ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە تۈرلۈك يىلان-چايانلار، ئۆمۈچۈكلەر مىغىلدىشىپ، خىرىس قىلىشىپ تۇراتتى، يەر يۈزىگە دەسسىمەكچى بولغانلار شۇلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، بىراق مەلىكە دىلخۇمار بۇنداق گېزەندىلەرنى ئىلگىرى كۆرۈپ، ئۇچرىتىپ تۇرغان بولغاچقا، قورقماستىن يەڭگىل ئۇچۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە تېگىپ كەتمەي، يەنە بىر ئىشىككە يەتتى، ئىشىكنى كۆمتۈرۈپ قويۇلغان چوڭ قازاندەك، پۇتلىرى ھاسىدەك بىر جۈپ ئۆمۈچۈك ئارغامچىدەك تۇم ۋە زەھەرلىك تورى بىلەن پەردىلەپ،

تۆكلۈك پۈتلىرى بىلەن قاماللاپ ياتقانىدى.

— مەرھەمەت! — دېگەن سادا بىلەن تەڭ ئۆمۈچۈكلەر پۈتلىرىنى يىغىۋالدى، تورمۇ ئىككى تەرەپكە تارتىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن يېرىق ئېچىلدى. مەلىكە دىلخۇمار يېرىقتىن ئوقتەك شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ بىر سارايغا كىردى، ساراي تاملىرى قوڭۇر رەڭلىك كەھرىۋادىن بولۇپ، ئىسكىلىت شامدانلاردا چاچ ئورنىدا ياپىپىشىل يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈپ تۇرغان شاملار سارايىنى گۆڭگاغىنە يورۇتۇپ تۇراتتى. يەردە قازاندەك يوغان چارپاقلار سەكرىشىپ، تىمساھتەك يوغان كەسلەنچۈكلەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. سارايىنىڭ تۆرىدە ۋەھشىي ھايۋان شەكلىدىكى تەخت ئۈستىدە گاھ كۆمۈردەك قارىداپ، گاھ بوردەك ئاقىرىپ، گاھ سامانىدەك سارغىيىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئىسكىلىتى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئورنىتىلغان ئۈستىخان ھاسىنى سىقىملاپ ئولتۇرغانىدى.

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن! — دېدى مەلىكە دىلخۇمار سالام ئورنىدا.

— تىلىكىڭ ئىجاۋەت بولغاي، — دېدى ئىسكىلىت پېرىخون، — مەرھابا! سارىيىمغا قورقۇنچتىن يۈرىكىڭ يېرىلىپ كەتمەي، تىنچ-ئامان كىرەلىگىنىڭنى تەبرىكلەيمەن.

— ھەممىسى ھىممىتىڭىزدىن بولۇۋاتىدۇ، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار كۈلۈمسىرەپ، — سوۋغىتىممۇ، تىلىكىممۇ سىزگە ياققىنىدىن خۇرسەنمەن.

— ئالدىراپ خۇرسەن بولۇپ كەتمە، — دېدى ئىسكىلىت پېرىخون، — شاگىرتىم قاراڭغۇ تاغ پېرىخونىغا قىلغىنىڭنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

— ھېچ ئىش نەزەرىڭىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار بىمالال، — ئۇ مېنىڭ خاس ئوردامغا بۆسۈپ كىرىپ، مېھمانلىرىمغا چاڭ سالدى، ئامالسىز جاجىسىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئۆزىڭىزگە ئايان، سەۋەبسىزلا بىر-بىرىمىزگە ئالدىراپ زىيان يەتكۈزمەيتتۇق.

— ھازىر سەنمۇ ماڭا مېھمان بولدۇڭ، — دېدى پېرىخون، — شۇڭا، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تەگەپ يۈرمەي، ھازىرچە بولدى قىلاي، بىراق ھېزى بول، ھامان سەندىن قىساس ئالىمەن، ئەمدى كېلىش مۇددىئايىڭ ئۈستىدە سۆزلىشەيلى، ئېھتىمال زىياپەت بېرىشىمنى خالىمىساڭ كېرەك.

— قانداق مۇددىئا بىلەن كېلەي، سىزدىن يوشۇرغىلى بولاتتىمۇ، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — زىياپىتىڭىزگە كەلسەك، ھەرقانداق ھىممىتىڭىزگە نائىل بولۇش مەن ئۈچۈن شەرەپ ئىدى. ئەپسۇس، ئېتىقادىمىز، ئادىتىمىزدىكى پەرق تۈپەيلى سىز داستىخانغا كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنى مەن ئىستېمال قىلالمايمەن، ئەپۇ قىلارسىز.

— گەپلىرىڭ بەكمۇ چىرايلىق، — دېدى پېرىخون تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن، — بوپتۇ، سېنى زىياپەتكىمۇ زورلىماي، «ئادەمگەرچىلىكى يوقكەن» دەپ قالمىساڭلا بولغىنى، ئەمدى نەق گەپكە كېلەيلى، سەن ئىزدەپ كەلگەن ئادەمزات ھازىر يېنىمدا ئەمەس.

مەلىكە دىلخۇمار «ئۇنىڭغا خەۋپ يەتمىگەندۇ- ھە؟!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بىراق، كۆپ ئەندىشە قىلما، — دېدى ئىسكىلىت پېرىخون، — شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىكەن، ئىشق - مۇھەببەت زەنجىرىگە باغلىنىپ، مەنزىلىدىن بىخەۋەر بۇ تەرەپلەردە تېنەپ يۈرگىنىدە تۇتۇۋالغانىدىم، ئەمما توققۇز كۈننىڭ ئالدىدا بەندىتىن قانداق قۇتۇلغىنى نامەلۇم، غايىب بولدى، بىخەستەلىك قىلىپ ئۇنى تىلسىم زىندانغا تاشلىماي، قەپەسكە سولاپ قويۇپلا بولدى قىلغان سەۋەنلىك ئۆزۈمدە، ھازىر دېرىكىنى قىلىۋاتىمەن، مەنمۇ ئۇنىڭ ھۆسن- جامالى، قەددى - قامىتىگە ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم، شۇ سەۋەبلىك بىر تال مويىغىمۇ چېقىلمىغان.

— سىز دېگەن پېرىخونلارنىڭ ئانىسى، جادۇگەرلەرنىڭ شاھى، كۆپكە قادىرسىز، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار تىلىدىن شېكەردەك سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ، — ھېچ نەرسە ئالىقىنىڭىزدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس، سىزدىن ئۆتۈنىمەن، كارامىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى، نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەرسىڭىز، بۇنىڭغا دىۋە - پەرى، جىن-

پېرىخونلار قوۋمى ئىچىدە سىزدەك ئۇلۇغىمىزدىن باشقا كىممۇ قادىر بولالىسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە كىمگە يېلىناي.

مەلىكە دىلخۇمارنىڭ ماختاش ۋە ئۆتۈنۈشلىرىدىن ئېرىگەن ئىسكىلىت پېرىخون:

— بوپتۇ، ھېچكىم مېنى بۇنداق رەھىم - شەپقەتلىك قىلىۋېتەلمىگەن، توققۇز يۈز يىل ياشاپ، قېرىپ ئەتلىرىممۇ سېزىپ، قۇرۇق ئىسكىلىت بولۇپ قالغان مۇشۇ كەمگىچە، ھېچكىمدىن بۇنداق شېرىن سۆزلەرنى ئىشىتمىگەن، ھېچكىمدىن سەن ئەكەلگەندەك ياخشى سوۋغاتلارغا ئېرىشمىگەنىدىم، سۆزلىرىڭ دىلىمنى ياشارتتى، سوۋغاتلىرىڭ ئارمانلىرىمنى ئەسلەتتى، شۇلارنىڭ يۈز - خاتىرىسى، ئۆمرۈمدە ئاخىر بىر قېتىم بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ، مۇشۇ تەلىپىڭنى ئورۇنلاي، — دېدى.

— تەشەككۈر سىزگە، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار خۇشال بولۇپ،— ئۆمرىڭىزدە ئۆزگىگە ياخشىلىق قىلماسلىقنى ئادەت قىلغانىدىڭىز، مەن ئۈچۈن ئادىتىڭىزنى بۇزغىنىڭىز ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ شەرەپ، پەخرلىنىشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر ئىش.

ئۇ شۇنداق ماختاپ - ئۈچۈرۈپ يۈرۈپ ئىسكىلىت پېرىخوننى ئېرىتتى، ئىسكىلىت پېرىخون كامارەدەك ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، ئەپسۇن ئوقوشقا باشلىغانىدى، تەخت قاراسلاپ يېرىلىپ، ئاستىدىن بىر قۇدۇق ئاغزى كۆرۈندى، ئاندىن ئۇ مەلىكە دىلخۇمارنىڭ قولىدىن تارتىپلا، چاقماق تېزلىكىدە قۇدۇققا شۇڭغۇدى، شۇ ھامان تەخت يەنە ئەسلىگە كېلىپ، قۇدۇق ئاغزى ئېتىلدى، قۇدۇقنىڭ تاملىرىدىن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ باشلىرى سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇلارنى چىشلىۋېلىش قەستىگە چۈشتى، لېكىن ئىسكىلىت پېرىخوننىڭ ئەپسۇنى ۋە چاقماقتەك تېزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي قۇدۇق ئاستىغا يەتتى.

ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قۇدۇق ئاستىغا تېگىشى، قۇدۇق ئاستى بىردىنلا چوغلىنىپ، لاۋۇلداپ ئوت يېنىشقا، ئارقىدىنلا لاۋا ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ئىسكىلىت پېرىخون بولسا ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن مەلىكە

دىلخۇمارنى تارتىپ، ياندىكى بىر ئاق ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر مۇزدىن ياسالغان ئۆي ئىچىدە كۆردى، ئۆيدىكى مۇز شىرە ئۈستىدە ھەر بىتى داستىخانچىلىك يوغان ۋە خىرىس قىلىپ تۇرغان يالماۋۇز باشلىرى نەقىشلەنگەن، قان - يىرىڭلار بىلەن بۇلغانغان بىر كىتاب تۇراتتى.

بۇ يەرگە يەتكۈچە قورقۇنچتىن ھوشىنى يوقاتقان مەلىكە دىلخۇمار تۆت تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ، نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇق شامال ۋە دەسسەپ تۇرغان مۇزنىڭ تەپتىدىن ئەندىكىپ ئېسىنى تاپتى.

ئىسكىلىت پېرىخون ئەمدى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ھاسا بىلەن كىتابقا ئىشارەت قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىدى. مەلىكە دىلخۇمارغا بولسا سۆزلىمەسلىككە ئىما قىلدى، مەلىكە دىلخۇماردا بولسا شۇ تاپتا سۆزلەش تۇگۇل بەكرەك تىنىشقىمۇ جۈرئەت يوق ئىدى.

شۇ چاغ ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ ھاسىسى بېشىدىكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى زۇۋانغا كېلىپ، كىتابقا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي قۇدرەتلىك چەكسىز كىتاب، جاھاندىكى ئەڭ كارامەتلىك كىتاب، جاھالەتنىڭ كۈچ مەنبەسى كىتاب، ياخشىلارغا ئەجەل سىرتمىقى كىتاب، پېقىر قۇلۇڭغا جاۋاب بەر، ئادەمزات ئېلىدىن كەلگەن شاھزادە نۇرئەزىز قېنى؟ ئۇ ھازىر قەيەردە؟ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل؟

باش سۆڭىكىدىن سادا چىققان ھامان كىتابتىكى يالماۋۇز باشلىرى قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكۈدەك سەت چىرقىرىشىپ، سۆزلەۋاتقان باش سۆڭەكنى چىشلىۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرىغا ئېتىلدى. بىراق، باش سۆڭىكىگە قىلدەك ئازىلىق قالغاندا كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ئۆرۈلۈپ، ئۇلار غايىب بولدى- دە، يېڭى بەتتە قان - يىرىڭ قايناپ تۇرغان بىر دورداي كالپۇكلۇق چوڭ ئېغىز پەيدا بولۇپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇ ئالۋاستىلار شاھى، پېرىخونلار پېشۋاسى ئالۋاستىلارغا بەرپا قىلدۇرغان يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇنارغا كەتتى، ئۇ مۇنارغا چىقىپ تىلسىمنى بويسۇندۇرۇش كويىدا، ھازىر مەغرىب كۆلى بويىدا يۈرۈپتۇ.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە ئىسكىلىت پېرىخون مەلىكە دىلخۇمارنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئاتتى، مۇز تام

قاراسلاپ يېرىلىپ، ئۇلار ئاق ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىقتى، ئەمما ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىڭلارچە غالجىر ئىتنىڭ تەڭلا ھاۋشىغىنىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، قاردەك ئاق، ئەمما ھەممە يېرى ئىغىزلار بىلەن توشقان بىر كاللا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى، تۆۋەندىن بولسا گۈر قىلىپلا ئوت يېنىپ، قۇدۇق ئاستى يېرىلدى- دە، پىتىقلاپ قايناۋاتقان قىپقىزىل لاۋا كۆرۈندى. ئىسكىلىت پېرىخون بولسا مەلىكە دىلخۇمارنى سۆرەپ، كىرگەندىكىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە يۇقىرىغا ئېتىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇدۇق ئاغزىغا يەتتى، تەخت يېرىلىپ ئۇلار چىقىۋالغان ھامان يەنە ئەسلىگە كەلدى، تەخت ئاستىدىن قاتتىق بىرنەرسە سوقۇلغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تەخت سىلكىنىپ توختىدى. ئىسكىلىت پېرىخون ئاللىبۇرۇن يەنە ھوشىدىن كەتكەن مەلىكە دىلخۇمارنى تەخت ئالدىغا تاشلاپ، ئاندىن يۈزىگە پۈۋلىدى، مەلىكە دىلخۇمار يۈزىگە ئۇرۇلغان بەتبۇي تىنىقتىن سەسكىنىپ ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىسكىلىت پېرىخونغا تەزىم قىلدى- دە:

— ھىممىتىڭىزگە كۆپ تەشەككۈر، جاھاندا سىزدىنمۇ قۇدرەتلىك يەنە بىرىنىڭ يوقلۇقىغا تېخىمۇ ئىشەندىم، دوستلىرىڭىز ئەزىز، دۈشمەنلىرىڭىز خار بولغاي، بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي خەۋپ-خەتەرگە يولۇقتۇم ۋە قورقۇنچىنىڭ تەمىنى تېتىدىم، — دېدى پېشانىسىدىن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تەپچىپ چىققان تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئاگاھ بول! — دېدى ئىسكىلىت پېرىخون، — قۇدۇق ئاستىدا كۆرگەنلىرىڭنى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، بولمىسا مەبۇدەم يالماۋۇز كىتابىنىڭ قارغىشىغا كېتىپ، تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن، ئۇنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ، مەندىن باشقا بىرسى ئۇ يەرگە كىرىشكە قادىر ئەمەس ھەم مەندىن باشقا قۇدۇق ئاستىغا ۋە مۇز ئۆيگە كىرىپ، يەنە تىنچ - ئامان چىقالىغان پەقەت سەن بىرلا، مېنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان خۇشاللىق تۇيغۇلىرى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى قوزغىتىپ، خۇرسەن قىلغان تۆھپەڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى ئۇ يەرگە ئەكىردىم ھەم

ساق-سالامەت ئېلىپ ئەچىقتىم، ئەمدى مەندىن يەنە ياخشىلىق تەمە قىلما، يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇنارنى ئالۋاستىلار شاھى، ئۇلۇغ پېشۋايىمىز بىنا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ يېقىنلىشالمايدىغانلىقى ھەم ئۇيەردە يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە بار مەۋجۇداتلارنى مەبۇدەم يالماۋۇز كىتابتىن باشقىلارنىڭ بىلەلمەيدىغانلىقى بىر ماڭىلا ئايان، بۇگۈن يېنىغا سېنى ئېلىپ كىرگىنىم ئۈچۈن تولىمۇ غەزەپلەندى، ئەمدى خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن، ھېلىقى ئادەمزات مەغرىب كۆلىدىكى يېگانە ئارالدا، ئۇنىڭ قەپىسىمدىن قانداقلارچە ئازاد بولۇپ شۇ يەرگە بارغانلىقىدىن ھەيرانمەن، ھەممە جادۇگەر، پېرىخونلارنىڭ ئاتىسى شەيتان ياردەم قىلدىمىكىنتاڭ.

— نېمىشقا بۇ ئىشنى يالماۋۇز كىتاب ئېيتىپ بەرمەيدۇ؟ — سورىدى مەلىكە دىلخۇمار.

— ئۇ پەقەت سەن بىلمەكچى بولغان ئۈچ مەسىلىگىلا جاۋاب بەردى، مەنمۇ سەن ئۈچۈن جاۋاب ئېلىش مەقسىتىدە كىرگەچكە باشقا مەسىلە كاللامغا كەلمەپتۇ، كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت ھەرقېتىم كىرگەندە ئۈچ مەسىلىگىلا جاۋاب بېرىدۇ، ئەمدى قايتىلاپ مەسىلە سوراپ كىرگۈم يوق، ئەگەر مەغرىب كۆلى تەرەپتىكى ئىشلار مېنىڭ جادۇ ئەينىكىمدە ئايان بولغان بولسىدى، ئۇ يەرگە كىرىپ يۈرمەيتتىم، بىراق مەغرىب كۆلى تەرەپنىڭ ئەھۋالى ھېچقانداق جادۇ ئەينەك ياكى باشقا كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلاردا كۆرۈنمەيدۇ، ئىلگىرىكىدەك كۈچ - ماغدۇرۇم قالمىدى، شۇ ئەھۋالدىمۇ سېنى ئەڭ خەتەرلىك جايغا ئېلىپ كىرىپ، ساق ئەچىقالىغىنىم مېنىڭ ھەم سېنىڭ تەلىيىڭ، ئەمدى بۇ يەردىن دەرھال كەت، ھېلىقى ئادەمزاتنى ئۆلدى دەپ بىل، ئۇ مەغرىب كۆلى ئەتراپىدا بولسا شەپەرەڭ پالۋانلىرىم تۇتۇپ كېلىدۇ، مەغرىب كۆلىگە تەۋەككۈل قىلىپ كىرگەنلا بولسا ئۆلگىنى شۇ، مەندىنمۇ تەلەيلىك چىقىپ، ئۇنى مەندىن بۇرۇن تېپىۋالىدىغىنىڭغا ئىشەنمەيمەن، ئەگەر ئۇنى مەندىن بۇرۇن تېپىۋالساڭ، سېنىڭ بولسۇن، بىراق بۇ دېگەن خام خىيال.

— سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار يەنە تەزىم قىلىپ، — ئەمدى مەن قايتاي، سىزدەك ئۇلۇغ سېھىرگەر، قۇدرەتلىك پېرىخونلار شاھى بىلەن قارشىلىشىپ، بىر ئادەمزات ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئەخمەقلىق، خەير - خوش.

— ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، — دەپ تووۋلىدى ئىسكىلىت پېرىخون ھاسا بىلەن ئىشارەت قىلىۋېتىپ.

شۇ ھامان ھاسا ئۇچىدىن دەھشەتلىك بىر قارا قۇيۇن پەيدا بولۇپ، مەلىكە دىلخۇمارنى يۆگەپ ئۇچقانچە ئاچىقىپ، قۇملۇققا تاشلىدى، ئارقىدىنلا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئۆكتۈرۈلگەندەك گۈلدۈر-قاراسلىغان ئاۋاز ياڭراپ، يالماۋۇز بېشى قۇملۇق ئاستىغا چۆكتى. مەلىكە دىلخۇمار بېشىدىكى ئالتۇن چاچ قىسقۇچنى ئېلىپ تاشلىغانىدى، سۇمۇرغ قوشۇلغان پەيتونى ھازىر بولدى، ئۇ پەيتونغا ئولتۇردى، سۇمۇرغ پەيتوننى سۆرەپ ئاسمانغا ئۆرلىدى، كەلگەن تەرەپكە قاراپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلدى. شۇ ئۇچقانچە ئارىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندە تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى بۇلۇتلار دولقۇنلىنىپ، بۇلۇت ئارىسىدىن سۇغا چۈشكەن كۆلەڭگىدەك بىر سۈرەت چىقىپ كەلدى، زەرباب تون كىيىپ، ئاپئاق سەللە ئورىغان، قولىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ مۇقاۋىلىق كىتاب كۆتۈرۈۋالغان موللا - ئۆلىما كىشىنىڭ سىيماسى ئېنىقلىقى مەلۇم بولدى.

— كىمسەن؟ — تووۋلىدى مەلىكە دىلخۇمار، — يولۇمنى توسۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟

— ھولۇقماڭ مەلىكە، — زەئىپ، ئەمما يېقىملىق بىر ئاۋاز كەلدى كۆلەڭگىدىن، — مەن مىڭ يىل مۇقەددەم ياشىغان پەرىلەر ھۆكۈماسىنىڭ ئەرۋاھى، سىزگە تاپىلايدىغىنىم، سىز ئىسكىلىت پېرىخوننىڭ سىرلىق قەلئەسىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭىزنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن دىدارلىشىش نېسىپ بولغاندا، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك، بولمىسا جاھاندا تىنچلىق بولمايدۇ، سىزگىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمىنلىك بولمايدۇ، ئەمما مەن بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزنى ھېچ كىشىگە تىنىغۇچى بولماڭ ھەم شاھزادە نۇرئەزىزنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقۇچە بىر شامال چىقىپ، كۆلەڭگىنى تۇماندەك تارقىتىۋەتتى، مەلىكە دىلخۇمار گاڭگىراش ئىچىدە يولنى داۋام قىلدى، ئۇ كېتىۋېتىپ بىر چاغدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئادەم يۈزلۈك شەپەرەڭگە يولۇقتى، شەپەرەڭنىڭ چوڭلۇقى ۋە بەتبەشىرىلىكىدىن كۆرگەن كىشىنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

— يول بولسۇن، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار.

— پېرىخونلار شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى ئادەم يۈزلۈك شەپەرەڭ، — مەغرىب كۆلى تەرەپكە كېتىۋاتقانلار بارمۇ-يوق، پايلاۋاتىمىز.

— ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا يەتكۈزۈپ قوي، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — ئەمدى ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن، ئۆمرۈمنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈشىنى خالايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يولىغا راۋان بولدى، ئادەم يۈزلۈك شەپەرەڭمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى.

## بەشىنچى باب

# گۈزەللىك شەرم ـ ھايا بىلەن قوشماق

ئەمدى سۆزنى شاھزادە نۇرئەزىزدىن ئاڭلىماق كېرەك. ئۇ شۇتاپتا مەيىن شامالدا يەڭگىل دولقۇنلىنىپ، قۇياش نۇرىدا زۇمرەتتەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان، چەت ـ ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭ بىر دېڭىزدەك كۆل بويىدا يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ باشلىق، مويىلىرى قاردەك ئاق بىر قاناتلىق شىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ، يورغىلاپ يۈرەتتى.

ــ تېززەك ئامال تاپساڭچۇ، ــ دېدى ئۇ بىر ۋاقىتتا يورغىلاشتىن توختاپ. ئاۋاز ئۇنىڭ ئۈچ بېشىدىكى ئۈچ ئېغىزدىن تەڭلا چىقىۋاتاتتى،ــ سېنى قانچىلىك زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنىم بىكار كەتمىسۇن، پېرىخونلار شاھى دېگەن قېرى جادۇ ھامان بۇنى بىلىپ قالىدۇ ھەم بىزنى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالىدۇ، مەن شۇ تاپتا بىر خەۋپنى سېزىۋاتىمەن.

ــ بىلىدىم، ــ دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كەيپىسىزلىنىپ، ــ يىراقلاردىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتتەك بىرنېمىلەرنى دەۋاتـ ـقانسەن، ئۇلارنى بايىلا مەنمۇ كۆرگەن.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئۈچ باشلىق شىر، ــ قانداق بالاغا دۇچ كېلىشىمىزنى بىلمەيمىز، تېز بىر ئامال تاپقىن.

ــ بىردەم ئاغزىڭنى يۇمساڭچۇ، ــ دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، ــ ھۆكۈمانىڭ ئەرۋاھى ئېيتقان ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئەسلىيەلـ ـ

ـمەيۋاتىمەن، ئۇ نېمە دېگەن بولغىيتتى، ئاۋازى بەك زەئىپ بولغاچقا ئېنىق ئاڭلىيالمىغانىدىم. توغرا، پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندەك قىلدىغۇ دەيمەن، يەنە بېلىق...... دېگەندەك قولاشمىغان بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلغان.

— يۇنۇس بېلىقى، كالۋا،— تووۇلدى ئۈچ باشلىق شىر، — يۇنۇس بېلىقى دېگەندۇ.

— شۇنداق! يۇنۇس بېلىقى، — تووۇلۇشىدى شاھزادە نۇرئەزىزمۇ خۇشال بولۇپ.

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن قارا بۇلۇتتەك تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بىرنېمىلەر قۇيۇندەك تېز سۈرئەتتە يېقىنلاشتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ يوغان شەپەرەڭلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

— تووۋا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەجەبلىنىپ! — مەن شەپەرەڭلەرنىڭ كۈندۈزى ئۇچقىنىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بەك يوغان مەخلۇقلار ئىكەن.

— ئۇلار دېگەن ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ ئادەم يۇزلۇك شەپەرەڭلىرى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھودۇقۇپ، — ئۇلار بەك يامان نېمىلەر، تېز ئەرۋاھ ھۆكۈمانىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئەسلەپ، قۇتۇلۇش يولنى تاپ.

— بىراق؟ قالغان سۆزلىرى پەقەتلا ئېسىمدە يوق، «پەقەت شۇ يۇنۇس بېلىقى» دېگەن سۆزىلا ئېسىمدە قاپتۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئېزىز .

شۇ چاغ كۆل سۈيى داۋالغۇپ، تېرىسى سىپىسلىق بىر كۆل رەڭ بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— مېنى چاقىرىۋاتامسىلەر؟! — دېدى يېقىملىق ئاۋازدا، ئۇنىڭ چوڭلۇقى چوڭ بىر كىتتەك بار ئىدى.

— شۇنداق دېدى،— چۆچۈپ كەتكەن شاھزادە نۇرئەزىز، — ئەرۋاھ ھۆكۈما ئىسمىڭنى تىلغا ئالغاندەك قىلىشىدى.

— ئۇ «يۇنۇس بېلىقى !» دەپ ئۈچ قېتىم چاقىرىڭلار دېگەن

بولغىيتتى، — دېدى چوڭ بېلىق.

— شۇنداق، شۇنداق دېگەنـدەك قىلغان، بىـز كۆلـدىكى يېگـانە ئارالغا بارماقچىدۇق، لېكىن ئەرۋاھ ھۆكۈما بىزنىڭ ئۇچۇپمۇ ياكى ئۈزۈپمۇ بارالمايدىغىنىمىزنى ئېيتقان، ئاندىن ئىسمىڭنى تىلغا ئالغان.

— بەلكىم «يۇنـۇس بېلىقـى! دەپ ئـۈچ قېـتىم چاقىرساڭلار ئـۇ چىقىپ سىلەرنى ئارالغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ»، — دېگەن بـولغىيتتى، — دېدى يۇنۇس بېلىقى.

— ئاز گەپ قىلىپ بىزنى نىجاتلىق يولىغا باشلا! — دېـدى ئـۈچ باشلىق شىر تاقەتـسىزلىنىپ، — ئـادەم يۈزلـۈك شـەپەرەڭلەرگە تۇتۇلـۇپ قالمايلى يەنە.

شۇ چاغ ئـادەم يۈزلـۈك شـەپەرەڭلەر ئۇلارنىـڭ قەسـتىدە گـاھىلىرى ئاغزىدىن ئـوت، گـاھىلىرى سـۇ، گـاھىلىرى تـۇتەك پۈركـۈپ، گـاھىلىرى شۇئىرغان چىقىرىپ، قار - مۆز ياغدۇرۇپ يېقىنلاپ كېلىشتى.

— تېز ئاغزىمغا كىرىـۋېلىڭلار، — دېـدى يۇنـۇس بېلىقـى غـاردەك ئاغزىنى ئېچىپ، — سىلەرنى ئارالغا تىنچ - ئامان يەتكۈزۈپ قويىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا سەكرىدى، ئارقىـدىن ئـۈچ باشـلىق شـىرمۇ سـەكرىدى، يۇنـۇس بېلىقـى دەرھـال ئـاغزىنى يۇمـۇپلا، كەينىگە بۇرۇلۇپ، بېشىنى يېـرىمىغىچە سۇدىن چىقىرىۋالغـان ھالىتىـدە ئـۈزۈپ كەتتـى، ئـادەم يۈزلـۈك شـەپەرەڭلەر بولسا ئـۇنى قـوغلاپ كـۆل ئاسـمىنىغا ئۇچـۇپ كېلىـشتى، يېتىـشىۋېلىپ يۇنـۇس بېلىقنىـى تۇتـۇش ئۈچۈن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، چاڭگـال سوزۇشـقاندا، كـۆل يۈزىـدە بىـردىنلا دەھـشەتلىك دولقـۇنلار پەيـدا بولـۇپ، ئاجايىـپ - غارايىـپ سـۇ مەخلۇقـاتلىرى ئوقچـۇپ چىقىـشتى. دە، ئـۇلارنى چىـشلەپ ئەكىرىـپ كېتىشتى، كۆل ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كەلگەن ئادەم يۈزلۈك شـەپەرەڭلەردىن بىرىمۇ ئامان قالمىدى، پەقەت سەپنىڭ ئەڭ كەينىدە سۆرىلىپ قېلىپ، تېخى قىرغاقتىن ئايرىلمىغان بىـر چـولاق شـەپەرەڭلا تەلىيـى ئۆڭـدىن كېلىپ ئامان قالدى. دە، ئالاقزادىلىك بىلەن دەرھال كەينىگە ياندى.

يۇنۇس بېلىقى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئـۈزۈپ كەتتـى، بىـر ۋاقىتتـا كۆل سۈيى مەۋج ئۇرۇپ، دولقۇنلار سوقۇلۇپ تۇرغان بىر قىيا تـاش ئـارال

يېنىغا كېلىپ، بېشىنى سۇدىن پۈتۈن چىقىرىپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى، كۆل سۈيىنىڭ قىيا تاشقا شارىلداپ ئۇرۇلغاندىكى دەھشەتلىك ئاۋازى يۇنۇس بېلىقنىڭ ئاغزى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ھوشىدىن كەتكەن شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىرنى ھوشىغا كەلتۈردى.

— تېز ئۈستۈمگە مىنىۋال، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — يۇنۇس بېلىقى ئاغزىنى يۇمۇۋالماستا چىقىپ كېتەيلى، ئارالغا يېتىپ كەپتۇق.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى، شىر قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يۇنۇس بېلىقنىڭ ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىقتى - دە، ئارالنىڭ گىرۋىكىگە قوندى، شۇئان ئارالنىڭ گىرۋىكىدىن ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا ئوت ئەجدىھاسىدەك ياماشتى، ئۈچ باشلىق شىر دەرھال بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈگەنىدى، ئوت ئۆچتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ھەر ھالدا سېنىڭ بولۇپ قالغىنىڭ.

— بۇنداق قەدەمدە بىر خەتەرگە دۇچ كېلىدىغان سەپەردىن بەك بىزار بولدۇم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر غۇدۇراپ.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كۈلۈپ، — سېنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم، يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇنار قېشىغىمۇ كېپ قاپتۇق، ئەنە قارا، تۈتەك - تۇمانلار ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇنار شۇ بولسا كېرەك.

ئۈچ باشلىق شىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئارال ئاسمىنىنى قاپلىغان تۈتەك - تۇمانلار ئىچىدە خۇددى يەتتە تەخسىلىك شامدانغا ئوخشايدىغان بىر مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇلۇت - تۇمانلار قوينىغا تېشىپ كىرىپ كەتكەن ئۈستى تەرىپىگە نېمىلەر ئورۇنلاشقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، مۇنارنىڭ ئۆزى غايەت زور ۋە ئېگىز تۈۋرۈك بولۇپ، يانلىرىدىن شاخ - پۇتاقتەك يەتتە قول سوزۇلۇپ چىقىپ، ھەربىر قولغا بىر چوڭ تەخسە تۇتقۇزۇلغانىدى، ئەڭ تۆۋەندىكى قولغا تۇتقۇزۇلغان تەخسىمۇ يەر يۈزىدىن ئالاھازەل نەچچە مىڭ غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولۇپ قالغانلىرى بىر - بىرىدىن شۇنچىلىك ئارىلىقتا ئېگىزلىكتە ئىدى،

چىقىدىغانغا نە بىر پەلەمپەي، نە بىر شوتا يوق، ئۇچۇپ چىقىشتىن باشقا ئىمكان يوق ئىدى.

— مۇنارغا يېقىنلاشقۇم يوق دېدى، — ئۈچ باشلىق شىر يەنە غۇدۇراپ، — ئۇنىڭغا نېمە بالايىئاپەتلەر يوشۇرۇنغىنىنى كىم بىلسۇن.

— قورققان بولساڭ مۇشۇ يەردە قال ياكى يۇنۇس بېلىقى يەنە سېنى كۆلنىڭ گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — خەتەرگە مەن بىلەن تەڭ تەۋەككۇل قىلىشىڭ ھاجەتسىز، چۈنكى بۇ مېنىڭ ئىشىم.

— مېنى تېرىكتۇرمە، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر رەنجىگەندەك، — سەن مېنى قورقۇنچاق ھەم دوستىنى خەتەرگە دۇچ كەلگەندە تاشلاپ قاچىدىغان نامەرد دېمەكچىمۇ، مەن تېخى سەندىن ئايرىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم، مېنىڭسىز مۇنارغا چىقىش تۈگۈل، يېقىنلىشىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— توغرا ئېيتتىڭ دوستۇم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كۈلۈپ، — مۇشۇ كەمگىچە دوستلىرىم شاراپىتىدىن تىنىچ - ئامان تۇرۇۋېتىمەن، سەن بولغاچقىلا قەپەستىن قۇتۇلۇپلا قالماي، نىشانغا يېقىنلىشىشقا ئىمكان بولدى، يەنە شۇنداق ئەسقاتىدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن.

— بولدى، قۇرۇق گەپنى قويۇپ ماڭايلى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئويناقشىپ، — مېنى تولا غۇدۇرايدىكەن دەپ قوغلىۋەتمىسەڭلا ئاخىرغىچە سەن بىلەن بىللە بولىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى، ئۈچ باشلىق شىر بىر سەكرەپلا مۇنار قېشىغا چۈشتى، ئەمما بۇ يەردە مىغىلدىشىپ يۈرگەن ھېسابسىز يىلان - چايانلار ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. ئۈچ باشلىق شىر قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر بېشىدىن ئوت پۈركۈگەندى، تۆۋەندىكى گېزەندىلەرنىڭ بىرى قالماي يوقىلىپ، ئورنىدا بىر دۆۋە كۈل قالدى، زەھەرلىك تۈتەك - تۇمان پەيدا بولدى، ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى يەنە بىر بېشىدىن شامال چىقاردى، شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، بورانغا ئايلاندى - دە، كۈل ۋە تۈتەك - تۇماننى ئۇچۇرۇپ كەتتى.

— كارامىتىڭ قالتىس- دە، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
— ماختىغىنىڭغا رەھمەت، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئەمدى نېمە قىلىمىز؟
— بىرىنچى تەخسە ئۈستىگە ئۈچۈپ چىقىپ، نېمە كارامەتلەر بارلىقىنى كۆرىمىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
ئۈچ باشلىق شىر دەرھال تىلسىم تەخسە مۇنارىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدىكى بىر قول تۇتۇپ تۇرغان تەخسىنى كۆزلەپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچتى. شۇئان ئۈستى تەرەپتە سان - ساناقسىز قارا قاغىدەك قۇشلار پەيدا بولۇپ تۆۋەنگە شۇڭغۇدى، ئۇلار يېقىنلاشقاندا بۈركۈت باشلىق قاناتلىق شىرلار ۋە شىر باشلىق بۈركۈتلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، بۈركۈت باشلىق شىرلارنىڭ تۇمشۇقى پولاتتىن ئىدى، شىر باشلىق بۈركۈتلەرنىڭ قانىلىق ئېغىزلىرىدا خەنجەردەك چىشلار سوغۇق يالتىرايتتى، ئۇلار ھەممىسى تەڭلا خىرىس قىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال مىسران قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇردى، بىراق ئۇلاردىن بىرى چىپپىلسا ئىككى بولۇپ، ئىككىسى چېپىلسا تۆت بولۇپ كۆپىيىۋەردى، ئاخىر ئۈچ باشلىق شىر تاقەتسىزلىنىپ، بىر بېشىدىن ئوت، بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈدى، يەنە بىر بېشىدىن كۈچلۈك شامال چىقاردى، غەلىتە قۇشلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتا ئۆلدى، بەزىلىرى قانىتى ھۆل بولۇپ ئۇچالماي تۆۋەنگە موللاق ئاتتى، بەزىلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى، شامالدا كۆل يۈزىگە بېرىپ قالغانلىرىنى سۇ مەخلۇقاتلىرى ئوقچۇپ چىقىپ يېۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، تېزلا ھەممىسى يوقالدى، ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى توسالغۇسىز ئۇچۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى تىنچ - ئامان تىلسىم مۇنارىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدىكى بىرىنچى گىگانت قول تۇتۇپ تۇرغان تەخسىگە ئېلىپ چىقتى.
شاھزادە نۇرئەزىز بۇ يەردە قاردەك ئاق قارقۇر خىشلاردىن قوپۇرۇلغان ۋە قاردەك ئاق ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن بىر چوڭ گۈمبەزلىك سارايىنى كۆردى، ساراي گۈمبىزىنىڭ قۇببىسىدە توپتەك يوغان بىر تال ئاق گۆھەر نۇرلىنىپ تۇراتتى، ساراي ئالدىدا قاردەك ئاق ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان بولۇپ، گۈللەرنىڭ غول، ياپراقلىرىمۇ ۋە

گۈل كۆچەتلىرى تىكىلگەن تۇپراقمۇ ئاق ئىدى، گويا ھەممىسى ئاق فارفۇردىن ئاپىرىدە قىلىنغانىدى، بۇ يەردە ئاقتىن باشقا رەڭدىكى نەرسىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەستەكلا قىلاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ، بىردىنلا ئۈچ باشلىق شىرنىڭ مىت قىلماي، تاشتەك قېتىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى، ئۈچ باشلىق شىر پۈتى تەخسە يۈزىگە تېگىشى بىلەنلا ئاق فارفۇر شىرغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىر ئۈچۈن ئېچىندى. بىراق، نېمە ئامال، ئۇ ئەمدى ئۆزىمۇ تۆۋەنگە چۈشكەن ھامان شۇنداق ئاقتۇەتكە قالىدىغىنىغا كۆزى يەتتى- دە، يەرگە چۈشمەي قوينىغا قول سېلىپ، رەڭگارەڭ گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن رەڭلىك كۆن مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئالدى، كىتابتىن يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى كەلدى.

شاھزادە نۇرئېزىز كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئاچتى، شۇ ھامان مۇزىكا توختاپ:

— ئارامىمنى بۇزۇپ، شۇنداق ياخشى مۇزىكىدىن بەھرە ئېلىشىمغا دەخلى يەتكۈزدۈڭ، — دېگەن رەنجىشلىك ئاۋاز كەلدى.

— كەچۈرگىن! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز مۇلايىملىق بىلەن، — يول كۆرسىتىشىڭگە موھتاجمەن، ماڭا ياردەم قىل.

شۇئان كىتابنىڭ بەت يۈزىدە بىر سۈرەت زاھىر بولۇپ، بارا - بارا روشەنلەشتى، ئاخىر بېشى ئالمىدەك، بويىنى ساپاقتەك، بويى بىر غېرىچ كېلىدىغان، يۈلتۈز باشلىق يېشىل بۆك، يۈلتۈز سۈرەتلىك قىزىل چاپان، يۈلتۈز سۈرەتلىك قىسقا بوغما ئىشتان كىيىپ، پۇتلىرىدا زىيادە ئۇزۇن ئالتۇن رەڭلىك كەشنى سۆرەلتىۋالغان بىر قورچاق بالا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قولىدا بويى بىلەن تەڭ بىر كاناي بار ئىدى .

ئۇ كانايىنى دۇربۇن ئورنىدا كۆزىگە تۇتۇپ، سارايىنى ئۇزاققىچە كۆزەتتى، ئاندىن:

— خەتەرلىك، خەتەرلىك، ئىچىدە ئاق دىۋىنى كۆردۈم، گۈل شەكىللىك تەختنى كۆردۈم، ئىسكىلىت يېنىدا ئاق كىيىملىك پەرىزاتنى كۆردۈم، پەرىزاتنىڭ قورسىقىدا بىر ئاچقۇچنى كۆردۈم، — دېدى

ئەنسىزلىك بىلەن.

— يەنىچۇ؟ — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— كۆرەلمىدىم، — دېدى قورچاق بالا، — قالغىنىنى كىرسەڭ بىلىسەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ كىتابنىڭ ئېچىلغان بېتىدىكى زەن قويۇپ قارىمىسا بار - يۇقلۇقنى بىلگىلى بولمايدىغان سۇ بوياق رەسىمدەك بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى، كىتاب يېپىلىپ يەنە ھېلىقى يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز كىتابنى قوينىغا تىقىپ، قىلىچىنى قولىغا ئالدى، ئۈچ باشلىق شىر ئۈستىدىن يەرگە چۈشمەكچى بولدى، لېكىن يەنە خاتىرجەمسىزلىنىپ توختاپ قالدى، شۇئان قوينىدىكى كىتابتىن كانايىنىڭ دۈت - دۈت قىلىپ چېلىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، نېرىدىكى سارايىنىڭ ئىشىكى جالاققىدە ئېچىلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا بىر شامال كېلىپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ ساراي ئىشىكىدىن ئەكىرىپ تاشلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ساراي ئىچىگە نەزەر سالدى، ئۇدۇلىدا بويى ئۆزىدىن ئۈچ ھەسسە ئېگىز، قار ھەيكەلدەك ئاق بىر دېۋە قولىدا بويى بىلەن تەڭ بىر گۇرزىنى تۇتۇپ، يېنىدىكى گۈل شەكىللىك تەخت ئۈستىدە بوردەك ئاقىرىپ ياتقان ئىسكىلىت ئۈستىخانىغا مېھرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. تەختنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا قاردەك ئاق يىپەك كىيىملەرگە ئورانغان نازاكەت بېغىنىڭ نازۇك نىھالى، ئاي يۈزلۈك بىر پەرى جىلۋە - ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ۋۇجۇد ئالتۇنى ئىشتىياق ئوتىدا سىمابتەك ئېرىپ كېتەيلا دەپ قالاتتى.

مەرھابا! — دېدى دېۋىمۇ، پەرىزاتمۇ تەڭلا، — تىلسىم قەسرىمگە قەدەم قويغىنىڭىزغا مەرھابا!

شاھزادە نۇرئەزىز بىرىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قورقۇنچلۇق، يەنە بىرىنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قايسىسىغا ئاۋۋال سالام بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سەن ماڭا سەت - چىرايلىقنى ئايرىپ بەر! — دېدى ئاق دېۋە يەنە گۈركىرەپ، — توغرا ئايرىپ بەرسەڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسەن، خاتا

ئايرىپ قويساڭ جازاسىنى تارتىسەن.

— ئەلۋەتتە توغرا ئايرىشقا تىرىشىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز دادىللىق بىلەن.

— قارا، سۆيۈملۈكۈم شاھزادە! — دېدى ئاق كىيىملىك پەرىزات خۇيمۇ مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئەلپازدا، — مانا بۇ تەخت ئۈستىدىكى قۇرۇق ئېسكىلىت بىلەن ماڭا قاراپ، قايسىمىز چىرايلىق، شۇنى ئايرىپ بېرىسەن.

ئۇ شۇنداق دەپ ھاياسىزلىق بىلەن كۆز قىسىپ جىلمايدى، ناز-كەرەشمە بىلەن ئاق يىپەك كىيىملىرىنى سىلىۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ بولدى. قاشتاشتەك سۈزۈك ۋە سىلىق، تولغان بەدەنلىرىنى كۆز - كۆز قىلدى، بىراق تەخت ئۈستىدىكى ئېسكىلىت بولسا مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، ئەمما بىر ئاق چۈمبەل ئېسكىلىتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىپ قالدى.

— سىزنى «چىرايلىق» دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز پەرىزاتقا يىرگىنىش بىلەن قاراپ، — شۇ تۇرقىدا تەخت ئۈستىدىكى ئېسكىلىت بولسىمۇ سىزدىن چىرايلىق.

شۇئان پەرىزاتنىڭ رەڭگى - روخسارىدىكى گۈزەللىك نۇرى ئۆچۈپ خۇنۇكلەشتى، ئارقىدىنلا سەت چىرقىراپ، بەتبەشىرە ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالدى، تەخت ئۈستىدىكى ئېسكىلىت بولسا ئاق پەرەنجىگە ئورانغان دىۋە قىزغا ئايلاندى .

ئاق دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، شاھزادە نۇرئەزىزغا چاڭگال سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئالۋاستىغا گۈرزە ئۇردى، ئالۋاستى «ئاھ!» تارتقىنىچە قان قۇسۇپ يىقىلىپ ،جىسمى «لاپپىدە» يانغان ئوت ئىچىدە قېلىپ، تېزلا كۆيۈپ، بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندى، كۈل ئىچىدە بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچ سەكرەشكە باشلىدى.

— ئۇنى تۇتۇۋال! — دېدى ئاق دىۋە، — قېچىپ كەتسە تاپالمايسەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاچقۇچقا تاشلاندى، ئاچقۇچ چېكەتكىدەك سەكرەپ قېچىپ، تۇتقۇق بەرمىدى. ئاق دىۋە دەرھال بىر ئاق خورازغا ئايلىنىپ ئالتۇن ئاچقۇچنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر چوقۇشىدىلا

تۇتۇۋالدى، ئاندىن يەنە ئەسلىگە كېلىپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى شاھزادە نۇرئەزىزغا بەردى- دە:

— سارايى ساڭا قالدى، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن، — مەھبۇبەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭغا رەھمەت، ئىزىنقۇ ئالۋاستى ئازدۇرۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىۋىدىم، ئەزىمەت ئىكەنسەن، مەھبۇبەم تىلسىم بىنا قىلىنغاندا ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇلۇپ، تىلسىمدىكى بىر مۇئەككەل قىلىنغان، تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنى «چىرايلىق» دېمىگەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇمۇ تىلسىمدىن ئازاد بولالماي، بىز بۇ يەردىن كېتەلمىگەن، ئەمدى كېتىمىز، نەسىھەتىم، كۆپ ئېھتىيات قىل، كۆزۈڭگە ئىشەنمە، كۆڭلۈڭگە ئىشەن.

— چۈشەندىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بولسا سىرتتا فارفۇر ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان ئۈچ باشلىق شىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسەڭ، سەندىن مىننەتدار بولاتتىم.

— تىلسىمنى بويسۇندۇرساڭ ئەسلىگە كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئاق دىۋە مەھبۇبىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاق قۇيۇنغا ئايلىنىپ، سارايى ئىچىدە بىر پىرقىرىۋېتىپلا ئىشىكتىن غۇيۇلداپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ يوقاپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز سارايى ئىچىگە يەنە نەزەر سالدى، سارايى ئىچىدىكى جاھازلار ھەممىسى ئاق فارفۇردىن ياسالغان بولۇپ، سوغۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. نە بىر ئىشىك ياكى بۇ سارايىدىن چىقىدىغانغا نە باشقا يولمۇ يوق ئىدى، تۆت تاممۇ فارفۇردىن بولۇپ، ھەر تامدا بىردىن پۈتۈن - پۈتۈن خىرۇستال ئەينەك سېلىنغان دېرىزە بار ئىدى، بۇ دېرىزىلەرنى چېقىۋەتمىگۈچە ئېچىلمايدىغاندەك قىلاتتى. دېرىزە سىرتىدا بولسا، پاختەكتەك، پاختەكتەك قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان كۆرۈنۈش زاھىر بولۇپ تۇراتتى، شاھزادە نۇرئەزىز سىنچىلاپ قارىغانىدى، ھەربىر قار ئۇچقۇنىدا بىردىن ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك چىرايىنى كۆردى، تۇرۇپلا قار ئۇچقۇنلىرى يەنە ئاق گۈللەرگە ئايلاندى، ئەمما ھەر گۈلنىڭ ھەربىر تال گۈل بەرگىدە بىردىن

كۆمۈش رەڭلىك چايان بار ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز تېنى شۈركۈنۈپ، دېرىزە تۈۋىدىن نېرىغا كەتتى، ئاچقۇچنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى، قۇلاق تۈۋىدە ھېلى بىرسىنىڭ قورقۇنچلۇق سەت كۈلكىسى ياڭرىسا، ھېلى بىرسىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىشى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى، ئۇ بۇنداق تۇرۇۋەرسە ئەقلىدىن ئازىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، فارفۇر تامنى چېقىۋېتىپ، يول ئېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى- دە، ئۆيدىكى جاھازلاردىن بىرسىنى ئېلىپ تامغا ئاتتى، ئەمما ئېتىلغان نەرسە تامغا تەگكەن بولسىمۇ، تېشىشسىزلا قاڭقىپ كېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا چۈشتى، نە تامدا، نە شۇ ئېتىلغان جاھازدا چېكىتچىلىكمۇ ئىز قالمىدى ياكى دەز كۆرۈنمىدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز سارايدىن چىقىپ كېتىش نىيىتىدىن يېنىپ، ھەربىر بۇلۇڭ، ھەربىر جابدۇقنى زەن قويۇپ قاراپ بېقىشنى لايىق تاپتى.

— مانا، — دېدى ئۇ ئاق ئەتىرگۈللەر چىلانغان ئاق فارفۇر گۈلدان قويۇلغان ئاق فارفۇر شىرەنى ئايلىنىۋېتىپ، — شىرە ئۈستىدە ئاچقۇچ تۆشۈكىدەك بىر يېرىقچىنى كۆردى.

ئۇ ئاچقۇچنى شۇ يېرىقچىغا سېلىپ، سىناپ باقماقچىمۇ بولدى. بىراق، يەنە ئاق دېۋىنىڭ «كۆزۈڭگە ئىشەنمە، كۆڭلۈڭگە ئىشەن» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ توختىۋالدى، ئىككىنچى قېتىم قارىغانىدى، يېرىقچە چوڭىيىپ، سىرلىق ھەجىيىپ تۇرغان ئالۋاستى چىراي كۆرۈندى - دە، ئارقىدىنلا بىركىچىك يالماۋۇز بېشى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنى چىشلىۋېلىشقا تاسلا قالدى. شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن ئامان قالدى، يالماۋۇز بېشى بولسا بەك كۈچەپ ئېتىلغانلىقى ئۈچۈن، بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ،توككىدە يەرگە چۈشتى - دە:

— خەپ توختا، خەپ توختا! — دەپ تۈۋلىغىنىچە ئېرىپ، ئاق سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ كەتتى، شىرەدىكى يېرىقچىدىنمۇ قان چىقىپ توختاپ قالدى .

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى تەخت يېنىغا باردى، تەخت ئەتىرگۈل

شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە بىر جۈپ چوڭ يوپۇرماق قايرىلىپ تۇرغان ئەگمەچ شاخ ئۈستىدە ئىدى .

ئۇ تەختنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆردى، شۇ چاغ قولىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچ قوتولۇشقا ئۇرۇنۇپ، بەكلا تىپىرلاپ كەتتى.

«ئاچقۇچنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن مۇشۇ تەختتە بولسا كېرەك ئويلىدى» شاھزادە نۇرئەزىز، «ئاق دىۋە مەھبۇبىنى تىلسىمدىكى بىر مۆئەككەل دېگەندەك قىلغان، ئېھتىمال ئۇ مۇشۇ تەختنى بىكاردىن بىسىپ ياتمىغان بولغىيتتى.»

خۇددى ئۇنىڭ ئويىنى ئىسپاتلىغاندەك گۈل شەكىللىك تەخت ئۆزلۈكىدىن سۈرۈلۈپ، ئۇ تۇسۇپ تۇرغان كىچىككىنە بىر ئىشىك ۋە ئىشككە سېلىنغان قۇلۇپ زاھىر بولدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئاچقۇچنى سالاي دەپ بولۇپ يەنە توختىۋالدى، چۈنكى باياتىندىن بېرى تىپىرلاپ جىم تۇرمىغان ئاچقۇچ ئەمدى تىنچلىنىپلا قالغانىدى.

— ياق! — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ،— بۇ ئەمەس. شۇنداق دېيىشى ھامان قۇلۇپ بىردىنلا ئەجدىھا بېشىغا ئايلىنىپ، شاھزادە نۇر ئەزىزغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى، ئەمما ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى، ئەجدىھانىڭ بېشمۇ ئۇنى چىشلىيەلمەي ئۆزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ ئېرىپ غايىب بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئەجدىھانىڭ بېشى چۈشكەن يەردە مۆرەككەپ نەقىشلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بىر سىرلىق قۇلۇپنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى، ئاچقۇچ ئەمدى شىددەت بىلەن تىپىرلاپ قېچىشقا ئۇرۇندى.

— تاپتىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئىشەنچ بىلەن، — دەل شۇ قۇلۇپ.

ئۇ ئاستا قۇلۇپقا يېقىنلىدى، قۇلۇپتا ئۆزگىرىش بولمىدى، ئېھتىيات بىلەن ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالماقچى بولدى، ئەمما تۇيۇقسىزلا قۇلۇپ تۆشۈكى قانلىق ئېغىزغا ئايلىنىپ، ھاپ قىلىپلا ئاچقۇچنى يۇتۇۋالدى، شاھزادا نۇرئەزىز چۆچۈپ قولىنى تارتىۋالدى، قولى ئاچقۇچ سۇغۇرۇلۇپ چىققاندا بىرئاز سىيرىلىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچنېمە بولمىدى، قۇلۇپتىن بولسا ئاچقۇچنى چاينىغاندىكى غۇچۇرلىغان ئاۋاز ۋە

بىرىنىڭ ئازابلىق نالە - پەريادى ئاڭلاندى. بىرئازدىن كېيىن غۇچۇرلىغان ئاۋازمۇ، ئازابلىق نالە - پەريادمۇ توختاپ، قۇلۇپ تىنچلاپ قالدى- دە، ئۆزلۈكىدىن شالاقىدە ئېچىلىپ كەتتى، شۇ هامان گۈلدۈر- قاراسلىغان بىر سادا ياڭراپ، سارايدىن ئاستىغا چۈشىدىغان پەلەمپەيلىك بىر يولنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

— مەرهابا! — شۇنداق يېقىملىق سادا كەلدى ئىشىكتىن.

شاهزادە نۇرئەزىز ئېهتىيات بىلەن پەلەمپەيگە قەدەم باستى، پەلەمپەي تۈيۈقسىزلا تۆۋەنلەپ، ئۇ پەلەمپەي ئاستىدىكى گۆردەك قاراڭغۇلۇقتا موللاق ئېتىپ چۈشكىلى تاس قالدى، دەرهال پەلەمپەينىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى، ئۈستىدىكى ئىشىك يېپىلىپ قالغىنى ئۈچۈن زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغاندەك بولدى، ئىككى ياندىن كىملەردۇر ئۇنى تارتقۇشلاشقا، كىملەردۇر چاقىرىشقا باشلىدى. دەهشەتلىك چىرقىراشلارمۇ، يېقىملىق ئاۋازلارمۇ، بىرلىرىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىمۇ، يەنە بىرلىرىنىڭ هۆركىرەپ يىغلاشلىرىمۇ، كىملەرنىڭدۇر تەهدىتلىرىمۇ، يەنە كىملەرنىڭدۇر يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ چۈشۈۋاتقان پەلەمپەيدىن سىلجىمىدى، كۆڭلىدە بىرى:

— مىدىرلىما، باشقىلارغا پەرۋا قىلما، ئۆزۈڭ توغرا تاپقان يولدا ماڭ، — دەپ يول كۆرسىتىۋاتقاندەكلا ئىدى. ئاخىر ئايىغى چىقمايدىغاندەكلا بۇ تۆۋەنلەش توختاپ، شاهزادە نۇرئېزىز هېچقانداق سادا يوق هەم سوغۇق بىر جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى، ئەمما يەنىلا مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— قورقما ئوغلۇم، ئەمدى چۈشكىن، — دېگەن زەئىپقىنا بىر ئاۋاز كەلدى يان تەرىپىدىن .

ئارقىدىنلا «ۋاللىدە» قىلىپ بىر تال شام ياندى، بىراق شامنىڭ كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغىنى مەلۇم ئىدى.

شاهزادە نۇرئەزىز ئاجىز شام يورۇقىدا ئۆزىنىڭ بىر چوڭقۇر زىندان ئاستىدا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلدى، زىنداننىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنغان بورا ئۈستىدە چاچ - ساقاللىرىدىن تارتىپ قاش - كىرپىكلىرىگىچە ئۇچتەك

ئاقىرىپ كەتكەن، قورايدەك ئورۇق ۋە تولىمۇ زەئىپ بىر بوۋاينىڭ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

— شام ئۆچۈپ قالماستىن بۇرۇن بۇ يەردىن چىقىپ كەت، — دېدى بوۋاي بىر تال قىزىل ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — بۇنى ياخشى ساقلا، ئۇ بولمىسا مەھبۇبەڭگە ئېرىشەلمەيسەن، ئۇنى تاپقاندا «بۇ ئالما ئاتاڭنىڭ سوۋغىسى» دېگىن، ئەمدى كۆرۈشمىكىمىز قىيامەتكە باقىي قالدى، تېز ماڭ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالمىنى ئالغان ھامان شامال چىقىپ بوۋايغا ئۆرۈلدى، بوۋاينىڭ جىسمى تۈتەككە ئايلىنىپ، شامالدا تاراپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئويلىنىپ تۇرمايلا ئالمىنى قوينىغا سېلىپ، پەلەمپەيگە چىقتى، پەلەمپەي ئەمدى شىددەت بىلەن ئۈستىگە يېغىلىپ ئۆرلەشكە باشلىدى، ئەتراپتىن ھەسرەتلىك پىغان ۋە ھۆركىرەپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، تۆۋەندىكى شام يورۇقى بولسا بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. شاھزادە نۇرئەزىز « شام كۆيۈپ تۈگەپ قالسا نېمە ئىشلار يۈز بېرەر» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. خۇددى ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندەك ئىككى ياندىن ئەجدىھالارنىڭ، ياۋۇز ئالۋاستى - يالماۋۇزلارنىڭ قورقۇنچلۇق سىماسى زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. شام يورۇقى ئاجىزلاشقانسېرى ئۇلار شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈپ، بارغانسېرى يېقىنلىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانلىرى ئاڭلاندى، شاھزادە نۇرئەزىزنى سۈر بېسىپ، پەلەمپەينىڭ يۇقىرىلاش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىنى تىلىدى، مىسران قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋالدى، شام ئۆچكەن مەزگىلدە ئىشىككىمۇ يەتتى، شۇ ھامان كەينىدىن ۋە ئەتراپتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كېلىپ، يالماۋۇز، ئەجدىھالار، ئالۋاستىلار ۋە غەلىتە مەخلۇقلار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىشتى، ئەمما چاڭگال سالغۇچە ئارىلىقتا ئىشىك ئېچىلىپ، شاھزادە نۇرئەزىز بىر سەكرەپلا چىقىپ كەتتى، شۇ ھامان ئىشىك يېپىلىپ، بىرنەچچە يالماۋۇز، ئەجدىھانىڭ بېشى ۋە نەچچىلىگەن قوللار تېنىدىن ئۈزۈلۈپ، ئىشىك سىرتىغا چىقىپ قالدى - دە، سۇسىز تۇپراقتا جان تالىشىۋاتقان بېلىقتەك سەكرەپ - سەكرەپ، كېيىن جىمىپلا قالدى، ئارقىدىن گۇررىدە ئوت يېنىپ، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ، تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋەتتى،

گۈل شەكىللىك تەخت ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلدى، ئارقىدىنلا گۈلدۈر - قاراسلىغان سادا بىلەن تەڭ ساراي گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن چاراسلاپ يېرىلغان تام يېرىقىدىن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى، يەرگە چۈشكۈچە ئۈچ باشلىق شىر كېلىپ كېيىمىدىن چىشلەپلا تۇتۇۋالدى، ئاندىن بىرلا سىلكىنىپ، ئۇنى ئۈستىگە مىندۈرۈۋالدى، ئۈستىگە ئۆرلەپ ئۇچۇپ، مۇئەللەقتە توختاپ، تۆۋەندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە نەزەر سالدى.

ساراي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندىن كېيىن، خارابىلىكتىن ئاق ئىس كۆتۈرۈلۈپ ھېچنېمە قالمىدى، ئارقىدىنلا گىگانت قول تۇتۇپ تۇرغان غايەت زور تەخسىمۇ چاراسلاپ يېرىلىپ، قۇمدەك ئۇۋۇلىپ تۇزۇپ كەتتى، توزان ئىچىدىن گىگانت بىر قول سوزۇلۇپ چىقتى.

— تېز ئۇچ! — توۋلىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

ئۈچ باشلىق شىرمۇ خەۋپنى سەزگەنىدى، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئۇچۇپ كەتتى، گىگانت قول ئۇلارنى تۇتالماي تولغىنىپ، تولغىنىپ ئۇزۇلۇپ قۇمدەك توزۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، — بىرىنچى تىلسىمنى بويسۇندۇردىڭىز.

— مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرمۇ، — تېخى «فارفۇر قورچاق شىر بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىۋىدىم، بۇنداق ئوي نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە؟! ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ مىت قىلالمىساڭ، شۇ تاپتا سېھىر - جادۇ بىلەن تاشقا ئايلىنىپ قالغانلارنى ئويلىسام بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— چوقۇم ھەممە تىلسىمنى بويسۇندۇرىمىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئىشەنچ بىلەن.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

## ئالتىنچى باب

# ياخشىلىق يەردە قالماس

ئۇلار ئەمدى ئىككىنچى گىگانت قول تۇتۇپ تۇرغان تەخسىگە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز ئەتراپتا بىر توپ ساھىبجامال پەرىزاتلار پەيدا بولۇپ، جىلۋە - ناز بىلەن چەمبىرەك شەكلىدە قورشىۋالدى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر بار ئىدى، گۈللەردىن ئادەمنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراق تارقىلاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز بېشى قايغاندەك بولۇپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى، ئۈچ باشلىق شىر:

— ئاگاھ بول! — دەپلا ئۇنى پەرىزاتلارنىڭ قورشاۋىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز بېشىنى سىلكۋېتىپ ھوشىنى يىغىۋالدى، ئەمما ھايالسىز پەرىزاتلار يەنە قوغلاپ كېلىپ قورشىۋالدى، ئۈچ باشلىق شىر غەزەپلىنىپ، بىر بېشىدىن ئوت پۈركۈدى، ئەمما پەرىزاتلارغا كار قىلمىدى، يەنە بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈدى، ئۇلارغا كار قىلمىدى. ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئوقيا بىلەن ئاتقىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىزغا.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئوقياسىنى ئېلىپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈردى - دە، پەرىزاتلارنى نىشانلاپ ئاتتى، شۇ ھامان پەرىزاتلار بەتبەشىرە ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ، سەت چىرقىراشقىنچە قوللىرىدىكى گۈللەر ئورنىدا پەيدا بولۇپ قالغان غەلىتە - غەلىتە قوراللىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەمدى شاھزادە نۇرئەزىز مىسران قىلىچى بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى، قىلىچى تەگكەن ئالۋاستىلارنىڭ تەنلىرى پارە -

پارە بولۇپ، قاغا - قۇزغۇنلارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى، ئاخىر ھەممىسى غايىب بولدى، لېكىن ئۈچ باشلىق شىرغىمۇ، شاھزادە نۇرئەزىزغىمۇ زەررىچىلىك زىيان - زەخمەت يەتمىدى.

ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى بىمالال ئۇچۇپ، مۇنارنىڭ ئىككىنچى تەخسىسى ئۈستىگە يەتتى. پۈتى تەخسە يۈزىگە تەگكەن ھامان بىر يېشىل تاشقا ئايلىنىپ قالدى، شاھزادە نۇرئەزىز چۆچۈپ، تۆۋەنگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى- دە، تەخسە يۈزىگە نەزەر سالدى.

تەخسىنىڭ يۈزىمۇ، ئىېرىدىكى چىمەنزارلىقمۇ، چىمەنزارلىق ئوتتۇرىسىدىكى سۇ پۈركۈپ تۇرغان چوڭ شىر ھەيكەلمۇ، پۈركۈلۈۋاتقان سۇمۇ ياپيېشىل، لەيلەپ يۈرگەن تۇتەك - تۇمانلارمۇ يېشىل ئىدى.

شۇ چاغ تۆۋەندىن ياپيېشىل پىلەكلەر بىخ سۈرۈپ چىقىپ ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتلىرىغا يامىشىپ ئۆسۈشكە باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز يېگى بىر خەۋپنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سەزدى. چۈنكى، يېشىل پىلەكلەرنىڭ ئۇچلىرىدا كىچىككىنە يالماۋۇز باشلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، تەققەززالىق بىلەن ئۈستىگە ئۆمتۈلمەكتە ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچى بىلەن چاپتى، لېكىن بىرسىنى چېپىۋەتسە ئورنىغا نەچچىسى ئۈنۈپ چىقىۋەردى، قىلىچ بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قوينىغا قول سالدى، خاسىيەتلىك كىتاب قولىغا چىققىشى بىلەن تەڭ بىرسىنىڭ تووۋلىغىنى ئاڭلاندى:

— ئىككىنچى بەتنى ئاچ، ئىككىنچى بەتنى، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلما.

شاھزادە نۇرئەزىز ۋاراقلاي دېگۈچە ئىككىنچى بەت ئۆزلۈكىدىنلا ئېچىلدى- دە، غىچچىڭشىپ تەۋرىنىپ تۇرغان ئالتۇن بۆشۈكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوماققىنە بىر قورچاق بالا زاھىر بولدى.

— ئويغان! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز پۇتلىرىنى چىشلىۋالاي دەپ قالغان كىچىك يالماۋۇز باشلارنى چېپىۋېتىپ، — مەن ياردىمىڭگە موھتاج.

شۇ هامان بۆشۈك تەۋرىنىشتىن توختاپ، قورچاق بالا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتىم، چۈشۈمنى بۇزدۇڭ، مېنى نېمىشقا ئاۋارە قىلدىڭ؟!

ئۇ شۇنداق دەپ قاتتىق بىر ئەسنىۋەتتى، شۇ هامان بىر قاتتىق سوغۇق شامال چىقىپ، شاهزادە نۇرئەزىزغا چاڭ سالغان يېشىل پىلەكلىك يالماۋۇزلارنى توكۈلتىپ قويدى.

— نېمىنى بىلمەكچى بولغىنىڭنى بىلىمەن، — دېدى قورچاق بالا، — كۆرۈۋاتىمەن، چىمەنزارلىقتىكى گۈللەرنىڭ هەممىسى يالماۋۇز، يېشىل شىر هەيكەل ئىچىدىمۇ يالماۋۇز، يالماۋۇزنىڭ يېنىدا بىر سېھۋەت دان تۇرۇپتۇ، ئارىسىدىن بىرسىنىلا تېرىساڭ بولغۇدەك، ئۇنى تېرىغاندىلا ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە بولالىغۇدەكسەن. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپلا يەنە بىر ئەسنىدى - دە، بۆشۈككە موك يېتىپلا كۆزىنى يۇمدى، بۆشۈك يەنە غىچىلداپ تەۋرىنىشكە باشلىدى، كىتابمۇ ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ، شاهزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، قورچاق بالا ئەسنىگەندە قوزغالغان سوغۇق شامال بارغانسېرى كۈچەيدى، چىمەنزارلىقتىكى گۈللەرمۇ، يېشىل شىر هەيكەلنىڭ ئاغزىدىن پۇركۈلۈۋاتقان يېشىل رەڭلىك سۇمۇ توڭلاپ قېتىپ قالدى، ئارقىدىنلا بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سوغۇق شامال شاهزادە نۇرئەزىزنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، يېشىل شىر هەيكەل تۇرغۇزۇلغان تاش سۇپىغا تاشلىدى. شاهزادە نۇرئەزىز يېشىل تاشقا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىسمىئەزەمنى زىكرى قىلىپ تۇردى. ئەمما، ئۇ ئەندىشە قىلغاندەك تاشقا ئايلىنىپ قالماستىن، بەلكى بارغانسېرى يەڭگىللەپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. سوغۇق شامالمۇ توختىدى، توڭلاپ قالغان گۈل - گىياهلار ئاستا - ئاستا ئېرىلىشكە، يېشىل تاش شىر يەنە سۇ پۇركۈشكە باشلىدى، چاچراپ كەتكەن بىر تامچە سۇ شاهزادە نۇرئەزىزنىڭ قولىدىكى مىسران قىلىچقا چۈشۈپ، تۆشۈك ئېچىپ قويدى.

— ئېهتىيات قىلسام بولغۇدەك، — دېدى شاهزادە نۇرئەزىز شۇركۈنۈپ.

شۇ چاغ چىمەنزارلىقتا گۈللەرنىڭ تۆكۈلۈپ قالغان غۇنچىلىرى بەس- بەستە پورەكلەپ ئېچىلدى - دە، بىردىنلا ھەممىسى شاھزادە نۇرئىبىزغا غالجىر ئىتتەك ئېتىلدى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قىلىچى بولسا ئۇلارغا تەگكەن ھامان پۇچۇلۇپ كېتىپ كار قىلمىدى، شۇ خەتەرلىك مىنۇتلاردا ئۇ شىر ھەيكەلنىڭ قورسىقىدا بىر ئىشىك بارلىقىنى بايقاپ قالدى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزىنى ئاتتى، ئىشىك ئېچىلىپ ئۇ شىر ھەيكەلنىڭ ئىچىگە چۈشتى، ئىشىك غايىب بولدى.

— مەرھابا! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرغۇچە ئۇدۇلىدا يېشىل چاچلىق، سېرىق يۈزلۈك، يېشىل لىباسلىق بىر يالماۋۇز موماي پەيدا بولۇپ،— جاسارىتىڭگە قايىلمەن، ئەمدى بۇ ئالتۇن ئورۇقلاردىن تېرىغىن. شۇنداق دەپلا ئۇ بىر غەلۋىر ئالتۇن داننى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا تۆكۈۋەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قايسىنى تېرىيدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، دانلار بولسا يەرگە چۈشۈپلا:

— مېنى تېرىڭ، مېنى تېرىڭ! — دەپ توختىماي سەكرىشەتتى ھەم ھەربىرى ئۆزىنىڭ بىر خىل ئەھمىيەتلىك تەرىپىنى سۆزلەيتتى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى يالماۋۇز موماي ئەسكەرتىپ، — دانلاردىن بىرسىلا ساڭا كېرەكلىك، قالغىنىنى سۈپۈرۈپ تاشلىۋەت، چاشقان يېسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز قۇلاق سالسا ھەربىر داننىڭ سۆزلىگىنى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بىر ئىش ئىكەن، شۇڭا ھېچقايسىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكۈسى كەلمىدى ھەم قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشىنى بىلمەي، خېلىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

موماي ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن سۈپۈرگە بىلەن ئالتۇن گۈرجەكنى تاشلاپ بېرىپ:

— بۇ سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ، گۈرجەككە ئالساڭ ھازىر ساڭا كېرەكلىك بولغان بىرسىلا قالىدۇ، قالغىنىنى ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلا، شۇ يەردە چاشقانلارغا يەم بولسۇن، — دېدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ كۆرسەتكەن بۇلۇڭغا قارىدى، بۇلۇڭدا

ئەخلەتلەرنى غاجاپ يەۋاتقان بىر تـوپ رەزگـى چاشقاننى كـۆردى، ئـۇلار شاھزادە نۇرئەزىزغا قاراپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قويدى.

شـاھزادە نـۇرئەزىز بـىر سـۇپۇرگە بـىلەن گـۇرجەككە، بـىر ئـالتۇن دانلارغا قارىدى، ئالتۇن دانلار دەرھال چۇرقىرىشىپ كەتتى:

ــ بىزنى تاشلىۋەتمە، بىزنى چاشقانلارغا يەم قىلىۋەتمە.

شاھزادە نۇرئەزىز بۇلارنى تاشلىۋېتىشكە قىيمىدى، بەلكى:

ــ كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىش ئىسراپچىلىق، مەن بـۇلارنى تاشلىۋېتــــشنى خالىمــــايمەن، كېرەكلىـــــك بــــولغىنىنى ئالـــــدىرىماي ئىلغىۋالسامۇ بولىدىغۇ،ــ دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇ ھامان نـېمە ئـويلىغىنىنى بىلىۋالغـادەكلا ئـالتۇن دانـلار سـەبىي بـالىلاردەك كۈلۈشـۈپ، تەنـتەنە قىلىـشىپ، ئارىـسىدىن بـىر تـال داننـى قالدۇرۇپ قالغان ھەممىسى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى- دە:

ــ سـاڭا كېرىكـى ئەنە ئـۇ، بىزنـى سـۇپۇرۇپ تاشـلىمىغىنىڭغا رەھمەت، بىز ھامان ساڭا ئەسقاتىمىز، ــ دەپ چۇرقىراشقىنىچە غايىـب بولدى.

ــ شاھزادە، ئوردىدا تەييارغا ھەييار بولۇپ تۇرمۇش ئۆتكـۈزگەن بولــساڭمۇ، ھەرھالـــدا ئەمــگەك مېۋىــسىنى قەدىرلەشــنى، كېرەكلىــك نەرسىلەرنى ئاسراشنى بىلىدىكەنسەن، ــ دېدى يالماۋۇز موماي بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، ــ ئـالتۇن دانـلار ھەممىـسى ئەزىـز پەرزەنتلىـرىم، ئـۇلارنى «چاشـقانلارغا يەم قىلىۋېتەرمـۇ» دەپ كۆڭلۈمـدە ئەندىـشەم بـار ئـىدى، ئەگەر راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولساڭ چاشقانلار كۆچلىنىپ، سېنىمۇ، مېنىمــۇ قوشــۇپ يېــۋەتكەن بــولاتتى. بەختىمىــزگە يارــشا ئۇنــداق قىلمىدىڭ، رەھمەت ساڭا، ئەڭ مۇھىم سىناقتىن ئۆتتۈڭ، ئەمدى قالغان ئىشلار ساڭا قالدى.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىر تـۈپ دەرەخـكە ئايلىنىـپ قالـدى، دەرەخنىـڭ بـىر شـېخىدا بۇغـداي، بـىر شـېخىدا قونـاق، بـىر شـېخىدا ئارپـا...... ئەيتاۋۇر جاھاندا بارلىكى ھەممە زەل - زىرائەتلەرنىڭ باشاقلىرى ئۇنىـڭ بىردىن شېخىدا ئورۇن ئالغانىدى.

ــ خەيـر - خـوش، شـۇنداق سـادا كەلـدى دەرەخـتىن، ــ

ئىشلىرىڭغا ئۇتتۇق تىلەيمەن.
ئاندىن ئۇ بىر چۆرگۈلەپ غايىب بولدى، شۇ چاغ بۇلۇڭدىكى چاشقانلار بىردىنلا يوغىناپ، غايەت يوغان قاۋان توڭگۇزلارغا ئايلىنىپ، شاھزادە نۇر ئەزىزغا ھۇجۇم باشلىدى. شاھزادە نۇر ئەزىز ئۇلارغا دەرھال قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇردى، ئەمما بىرنى ئۆلتۈرسە ئورنىغا ئىككىسى پەيدا بولۇپ، تالاپ - چىشلەپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بويىۋەتتى، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى، شۇ چاغ يەردىن تۇيۇقسىزلا بىر تۇپ ئالتۇن باشاقلىق مايسا ئۈنۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا يەنە بىر تۇپ، يەنە بىر تۇپ...... ئارقا - ئارقىدىن نەچچە يۈز تۇپ ئالتۇن باشاقلىق مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپ، قاۋان توڭگۇزلارنى چىرمىۋالدى. يەنە بىرھازادىن كېيىن «ۋالللدە» بىر يانغىن پەيدا بولدى - دە، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى، ئاندىن بايا يالماۋۇز موماي غەلۋىردىن تۆكۈۋەتكەن ئالتۇن دانلار قېلىپ باشقا ھەممە نەرسە غايىب بولدى.
— مېنى يېگىن، — دېدى ئالتۇن دانلاردىن بىرسى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا سەكرەپ چىقىپ.
— شاھزادە نۇر ئەزىز داننى ئاغزىغا سالدى. ئالتۇن دان ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆزىلا ئۆتۈپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۆمرىدە ئۇنىڭدىنمۇ لەزىز، شېرىن نەرسىنى تېتىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدى تاغقا پەنجە ئۇرسا تالقان قىلىۋەتكۈدەك كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ، تېنىدىكى جاراھەتلىرى سەللىمازا ساقايدى، ھەتتا پۇچۇلۇپ كەتكەن قىلىچىمۇ ئەسلىگە كېلىپ، تىغى ئالماستەك نۇرلىنىپ كەتتى.
— بۇ بىرنى چاشقانلارغا يېگۈزۈۋەتمىگەنلىكىڭنىڭ مۇكاپاتى، — دېيىشتى ئالتۇن دانلار، — سەن ئەمدى چارچىمايدىغان، تىغ كار قىلمايدىغان تەنگە ئىگە بولدۇڭ، ئۆز خاھىشىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئۆز قىلىچىڭنى سالمىساڭلا بولغىنى، قىلىچىڭمۇ ئەمدى پۇچۇلۇپ كەتمەيدۇ، ھەرقانداق نەرسىنى ياغدەك كېسىدۇ، «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەرجايدا بار» دېگەننى ئېسىڭدە تۇت، ئەمدى ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بول.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار غايىب بولدى، ئەمما يەردە دەسلەپ

ئايرىلىپ قالغان بىر تال ئالتۇن دان قالدى.

— مېنى تېرىغىن، — دېدى ئۇ، — ئاندىن مول ھوسۇلنى يىغىۋالغاندا ئەڭ كېرەكلىك جايغا ئىشلەتكىن.

ئۇ شۇنداق دەپ دىككىدە سەكرەپ شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ئالقىنىغا چىقتى. شۇ ھامان شاھزادە نۇرئەزىز دەسسەپ تۇرغان يەر يېرىلىپ، ئۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى، پۇتى يەرگە تەگكەندە ئۆزىنى بىر ئېتىز بويىدا كۆردى. قىردا بىر ئالتۇن ساپلىق كۈمۈش كەتمەن بىلەن، ئالتۇن ساپلىق كۈمۈش ئورغاقمۇ بار ئىدى. كەتمەننى ئېلىپ، ئېتىزلىقنى چېپىپ، داننى تېرىدى.

— سۇ، سۇ! — شۇنداق سادا كەلدى ئېتىزلىقتىن. شاھزادە نۇرئەزىز سۇ ئىزدەپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، نېرىدا بىر فونتان كۆرۈندى، لېكىن فونتان بولۇپ ئېتىلغان سۇ يەرگە چۈشمەيلا پارنىپ كېتەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز شۇ يەرگە باردى، كۆزى تاۋاقنىڭ ئاغزىچىلىك بىر بۇلاقنى كۆردى. بۇلاقتا كۆزلىرى يېشىل مەرۋايىت ۋە تېنى قىزىل ياقۇتتىن يارىتىلغاندەك رەڭدار ۋە كۆركەم بىر بېلىق ئاسمانغا سۇ پۈركۈپ ئويناۋاتاتتى.

— ساڭا سۇ كېرەكمۇ؟ — سورىدى ئۇ شاھزادە نۇرئەزىزنى كۆرۈپلا سۇ پۈركۈشنى توختىتىپ.

— شۇنداق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ئالغان ھوسۇلۇڭغا شېرىك قىلساڭ سۇ بېرىمەن، — دېدى بېلىق.

— بىر بۆلۈكى سېنىڭ بولسۇن، — دېدى شاھزادە نۇر ئەزىز.

بېلىق شۇ ھامان كۆچەپ سۇ پۈركۈدى، پۈركۈلگەن سۇ ئېتىزلىققا ئۇنچە - مارجاندەك چېچىلىپ، ئېتىزنى سۇغاردى، دان كۆمۈلگەن جايدىن ياپيېشىل ياقۇت ياپراقلىق مايسا باش كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

— ئوغۇت، ئوغۇت...... — توۋلىدى مايسا ياپرىقىدا بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ. شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئۇنى نېمە بىلەن ئوغۇتلاشنى بىلەلمەي ئەتراپقا نەزەر سالدى، نېرىدا ئالتۇن مويلۇق، كۈمۈش تۇياقلىق بىر كېيىكنى كۆردى.

— ساڭا ئوغۇت كېرەكمۇ؟ — سورىدى كېيىك يۈگۈرۈپ كېلىپ.
— شۇنداق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
— ھۇسۇلۇڭدىن بىر بۆلۈكىنى ماڭا بېرىدىغان بولساڭ ئوغۇت بېرىمەن، — دېدى كىيىك.
— بىر بۆلۈكى سېنىڭ بولسۇن، — دېدى شاھزادە نۇر ئەزىز.
كېيىك ئېتىزلىققا كىرىپ، مايسا تۈۋىگە تېزەكلىدى، بىراق ئۇنىڭ تېزىكى ئالتۇن رەڭلىك، ئېپار ھىدلىق كۆمىلاچلار ئىدى، ھەممىسى مايسا تۈۋىگە سىڭىپلا كەتتى، مايسا ئەمدى ئۈچ غېرىچچە ئۆسۈپ باشاقلىدى، بىر تۈپ مايسىدا نەچچە ئون تال باشاق بولدى.
بېلىق سۇغىرىپ تۇردى، كېيىك ئوغۇتلاپ تۇردى، ئاخىر باشاقلار سارغىيىپ، ئالتۇندەك رەڭلىنىپ پىشتى.
— ھەققىمنى بەر، — دېدى بېلىق.
— ھەققىمنى، — بەر دېدى كېيىك.
— شاھزادە نۇرئەزىز باشاقلارنى ئۈزمەكچى بولدى، بىراق ئۈزەلمىدى، ئورغاقتا ئورىۋالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئورغاقنى ئالاي دېگەنىدى، بىر قۇشقاچ كېلىپ ئېلىپ قاچتى، قۇشقاچنى قوغلىدى، قۇشقاچ بىر چىغلىق ئارىسىغا قونۇپ، ئورغاقنى تاشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بېرىپ ئورغاقنى ئېلىۋېتىپ نېرىدا بىر قۇشقاچ ئۇۋىسىنى كۆردى، ئۇۋىدا قۇشقاچنىڭ بەش بالىسى ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپ دان تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھالسىزلىقىدىن ئاۋازى چىقماي قالغانىدى.
شاھزادە نۇرئەزىز گەپ- سۆز قىلماي يانىدى، شۇھامان يېنىدا زەرباب تونلۇق بىر كىشى پەيدا بولدى - دە:
— ھوسۇلۇڭنى ماڭا سېتىپ بەر، بۇ بايلىق خالتىسى سېنىڭ بولسۇن، — دېدى بىر خالتىنى سۇنۇپ.
شۇنداق دەپ ئورغاققا قول سۇندى، لېكىن شاھزادە نۇرئەزىز پەرۋا قىلماي ئالتۇن باشاقلار يېنىغا كەتتى .
— ماڭا قارا! — دېدى ھېلىقى كىشى، — جاھاندىكى ھەممە ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلارنى يىغساڭمۇ بۇ خالتىدىكىچىلىك

بايلىقا ئېرىشەلمەيسەن.

ئۇ شۇنداق دەپ خالتىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىپ، ئاغزىنى يەرگە قاراتتى، خالتىدىن شارىلداپ ئالتۇن ـ يامبۇ، گۆھەرلەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى، يەرگە چۈشۈپلا بىرى ئون بولۇپ، تۆگمىدەكلىرى چىلگىدەك يوغىناپ، تېزلا بىر كىچىك دۆڭ بولدى، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنىڭ ۋاللىداپ چاقناشلىرىدىن شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ كۆزلىرى قاماشتى.

شۇ چاغ بايلىق دۆۋىسى كەينىدىن ھېلىقى كىشى چىقىپ، خالتىسنى تەڭلەپ شۇنداق دېدى:

ــ قېنى ئورغاقنى بەرگىن، ھوسۇلنى ئۆزۈملا يىغىۋالاي، خالىساڭ يەنە يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىنى قولۇڭغا ئېلىپ بېرەي.

شاھزادە نۇرئەزىز نېرىدا تېپىرلاپ، باللىرى ئۈستىدە پەرۋانە بولۇۋاتقان قۇشقاچنى كۆردى، ئۈمىدسىزلىنىپ سۇ پۈركۈپ ئويناشتىنمۇ زېرىكىپ، بۇلاقتا چۆكۈۋالغان بېلىقنى كۆردى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان كېيىكنى كۆردى.

ــ ياق! ــ دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، ــ ماڭا خالتاڭمۇ، شاھىنشاھلىقمۇ كېرەك ئەمەس، ھەممىسى ئۆزۈڭدە قالسۇن، مەن بۇ يەرگە بۇلارنى كۆزلەپ كەلمىگەن، بۇلارغا ھاجىتىممۇ يوق، ھوسۇلۇمنى ھېچكىمگە ساتمايمەن، كېرەكلىك بولغان يەرگە ئىشلىتىمەن.

ــ ھاماقەت! ــ دېدى ھېلىقى كىشى چىرايى ئۆڭۈپ.

بىراق، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ئالتۇن باشاقنىڭ غولىغا ئورغاق سالغۇچە، ئالتۇن باشاقلار ئۆزىلا ئۈزۈلۈپ چىقتى، ھېلىقى كىشى غايىب بولۇپ، بايلىق دۆۋىسى بىر تېزەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ــ مانا ساڭا! ــ دېدى شاھزادە نۇرئەزىز بىر تال باشاقنى قۇشقاچقا تاشلاپ بېرىپ.

قۇشقاچ خۇشال ـ خۇرام چۇرۇقلاپ كېلىپ، باشاقنى چىشلەپ، ئۇۋىسىغا كەتتى .

ــ مانا ساڭا! ــ دېدى يەنە بىر تال باشاقنى بۇلاقتىكى بېلىققا تاشلاپ بېرىپ.

بېلىق پىلتىڭشىپ چىقىپ باشاقنى يۇتۇۋالدى.

— مانا ساڭا! — دېدى يەنە بىر تال باشاقنى كېپىككە تاشلاپ بېرىپ.

كېپىكمۇ ئەمدى ئويناقشىپ كېلىپ، باشاقنى چىشلىۋالدى- دە،— رەھمەت! — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

— مانا سىلەرگە! — دېدى ئۇ يەنە قولىدا قالغانلىرىنىمۇ قاچانلاردىدۇر ئەتراپىغا يىغىلىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرغان كىچىك جانىۋارلارغا تاشلاپ بېرىپ.

كىچىك جانىۋارلارمۇ دەرھال بىر تالدىن باشاقنى چىشلەپ كېتىشتى، ئېشىپمۇ، كېمىيىپمۇ قالمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاسماندا بايىلا بالىلىرىغا دان ئېلىپ كەتكەن قۇشقاچ پەيدا بولۇپ، بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچنى تاشلاپ بەردى، شاھزادە نۇرئەزىز ئاچقۇچنى تۇتۇۋېلىشى ھامان بىر قويۇن كېلىپ، ئۇنى يەنە يېشىل تاش شىر ھەيكەلنىڭ قويىنىغا ئەكىرىپ تاشلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىشلىتىدىغان ئورۇننى ئىزدەپ ھەرتەرەپكە قارىدى، شۇ چاغ بويىنىغا بىر قۇلۇپ ئېسىلغان چاشقاننى كۆرۈپ قالدى، چاشقان تىنىمسىز ھالدا ئۇيانىدىن - بۇيانىغا يۈگۈرۈپلا يۈرەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز چاشقاننى قوغلىدى، تۇتالمىدى، ساق ئۈچ كېچە- كۈندۈز قوغلىدى، يەنىلا تۇتالمىدى، لېكىن بەل قويۇۋەتمىدى، شۇ چاغ يېشىل كىيىملىك يالماۋۇز موماينىڭ سىيماسى غىل - پال پەيدا بولۇپ يوقىدى. يەرگە بىر تال دان چۈشتى، چاشقان ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ داننى يۇتۇۋالدى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن مىت قىلالمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاچقۇچنى ئۇنىڭ بويىنىدىكى قۇلۇپقا سالدى، شۇ ھامان يېشىل تاش شىر ھەيكەل تاراسلاپ يېرىلىپ، قۇمدەك توزۇپ غايىب بولدى، ئورنىدا يېشىل تاش سۇپا قېلىپ، سۇپىنىڭ بىر چېتىدە بىر كىچىك گۈمبەز پەيدا بولدى.

— بۇياققا كىر ئوغلۇم! — دېگەن ئاۋاز كەلدى گۈمبەزدىن زەئىپقىنا.

ئۇ گۈمبەزنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، ئىچىدە جايناماز ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان بىر ئۆلىما كىشى ئايان بولدى.

— مەھبۇبىڭنى تاپقاندا ئۇستازىڭ سالام ئېيتتى دېگىن، — دېدى ئۇ بىر تال ئەتىرگۈل كامالچىسىنى بېرىپ، — ئاندىن بۇنى ئۇنىڭغا تۇتقىن، ئەمدى بېرىپ شىرىڭغا مىنىۋال، تېز بول، باشقا نەرسىلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەتىرگۈل كامالچىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ئۆلىما كىشىنىڭ بارا - بارا بىر كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ غايىب بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆردى ۋە دەرھال كەينىگە يېنىپ، نېرىدا تۇرغان ئۈچ باشلىق شىر تەرەپكە يۈگۈردى، ئۈچ باشلىق شىرمۇ ھازىرلا تېخى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بېشىنى سىلكىپ، سىلكىپ قويۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۈستىگە مىندۈردى - دە، ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنىڭ پۇتى دەسسىگەن يەردىن كۆتۈرۈلۈشى كىچىك گۈمبەز يېرىلدى، ئارقىدىنلا تىلسىم تەخىمۇ چاراسلاپ يېرىلىپ، تېزلا غازاڭغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى، گىگانت قول بولسا غازاڭلار ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىرنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، لېكىن تۇتالماي ئۈزۈلۈپ چۈشتى - دە، سان - ساناقسىز غازاڭغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — شۇنداق سادا ياڭرىدى بوشلۇقتا، — ئىككىنچى تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇردىڭىز.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئاچچىقى كەلگەندەك، — بۇ يەردە مەن يوقتەكلا سىېنىلا مۇبارەكلەيدىكەن.

— رەنجىمە، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — شەرەپ ئىككىلىمىزگە ئورتاق، سەن بولمىساڭ قانداق قىلىپ كۈرمىڭ خەتەردىن ئامان قېلىپ، تىلسىملارنى بەربات قىلالايتتىم، ئۇ چاغدا مۇبارەكلەشلەر كىمگە بولاتتى.

— كۆڭلۈمنى ئۆستۈرۈپ قويغىنىڭغۇ بۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، بىراق ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، مەمنۇنلۇقىنى يوشۇرالمىدى.

بىزگە ھەممە تىلسىمنى بويسۇندۇرمىغۇچە ئارامچىلىق بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ يەنە.

شۇنداق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز! — بىراق نە ئۇيقۇ، نە ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇق دېگەنلەر خىيالىمغا كىرىپ چىقمىدى، قارىغاندا بۇ ئەرۋاھ ھۆكۈما بەرگەن ئانارنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك، يەنە تېخى بىر تال خاسىيەتلىك دانىمۇ نېسىپ بولغان.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرمۇ، — بولمىسا بۇرۇن گېلىمغا خېلى ئامراق ئىدىم.



# يەتتىنچى باب

## ئەقىل ئەڭ توغرا يېتەكلىگۈچى

— ئاگاھ بول! — دېدى ئۇ يەنە ھودۇقۇپ، — ئۈستىمىزدىن بىرنېمىلەر چۈشۈۋاتىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈستىگە قاراپلا چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئۈستى تەرەپتىن يامغۇردەك سان - ساناقسىز مخلىق چويۇن توپلار چۈشۈپ، ئۇدۇل ئۇلار تەرەپكە ئاقار يۇلتۇزلاردەك كېلىۋاتقانىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى، ئۇچ باشلىق شىرمۇ ھودۇقۇش ئىچىدە قالدى.

— ئامال تاپ! — دېدى ئۇ ئالدىرىتىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز بىردىنلا ئەرۋاھ ھۆكۈما بەرگەن ئەڭگۈشتەر ئەينەكنى ئېسىگە ئالدى - دە، قويىندىن ئالتۇن تۇتقۇچلۇق بىر كۈمۈش ئەينەكنى چىقاردى.

«بۇ نېمىگە ئەسقاتار». ئۇ شۇنداق ئويلاۋاتقاندا ئەينەكتىن بىر ئاق قۇيۇن چىقىپ، ئۇلارغا يۈزلەنگەن ئاپەتنى يوق قىلدى، ئۇچ باشلىق شىر ئەمدى بىمالال ئۈستىگە ئۆرلىدى.

— مېنى ئۈچ قېتىملا ئىشلىتەلەيتتىڭ، — شۇنداق سادا كەلدى ئەينەكتىن، — بىر قېتىملىقى تۈگىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئەينەكنى قويىنغا سالدى. ئۇچ باشلىق شىر بارغانسىرى تېز ئۇچۇپ، بىر چاغدا ئۇچىنچى گىگانت قول تۇتۇپ تۇرغان تىلسىم تەخسە يۈزىگە يەتتى، لېكىن ئىلگىرىكى ساۋاقلارغا

ئاساسەن تەخسە يۇزىگە قونمىدى، شۇنداقتىمۇ يەردىن ئالىيپشىل ھور كۆتۈرۈلۈپ، پۈتلىرىغا تەگكەن ھامان تاشتەك قېتىپ، تەخسە يۇزىگە پوككىدە چۈشتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىمۇ پالاكەتكە دۇچار بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، دەرھال پۈتلىرىنى يىغىۋالدى، ئالىيپشىل ھورمۇ غايىب بولدى .

شاھزادە نۇرئەزىز تەخسە يۈزىگە نەزەر سالدى، ئەمما ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، چۈنكى، تەخسە يۈزى ئاپئاق بۇلۇت - تۇمانلار بىلەن قاپلانغانىدى، تۆۋەنگە چۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن يەنە قولىنى قوينىغا سېلىپ، خاسىيەتلىك كىتابنى ئالدى.

— ئۇچىنچى بەتنى ئاچ، ئۇچىنچى بەتنى، — دېگەن سادا كەلدى كىتاب ئىچىدىن.

ئارقىدىنلا شاراق - شۇرۇق قىلىپلا ئىككى بەت ئۆرۈلدى، ئېچىلغان بەتتە ئۆزى يالغۇز تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇرغان ئوماققىنە بىر قورچاق قىزنىڭ سىيماسى زاھىر بولدى.

— ئويۇنۇمنى بۇزماڭ، — دېدى قورچاق.

شاھزادە نۇرئەزىز سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى، قىزچاق بىرھازادىن كېيىن ئويۇننى يىغىشتۇرۇۋەتتى - دە:

— كۆرۈۋاتىمەن، بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىدە بىر چىمەنزارلىق، چىمەنزارلىقتا بىر كۆل، كۆلدە نىلۇپەر گۈلى، نىلۇپەر ئۈستىدە بولسا غوڭقا پەرى بولسا...... بولدىلا، ئاخىرىنى ئېيتىشقا تىلىم بارمىغۇدەك، — دېدى توپىنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇرۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توپىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە ئولتۇردى - دە، ئاندىن:

— ئاشۇ مەخلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىڭ، — دەپلا يەڭگىل پۇۋلىدى، شۇ ھامان كىتاب يېپىلىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا بىر شامال چىقىپ، بۇلۇت - تۇمانلارنى ھەيدەپ كەتتى.

— ئەمدى قورقماي تۆۋەنگە چۈشۈڭ، — دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز كەلدى ئۇنىڭ قوينىدىكى كىتابتىن. شاھزادە نۇرئەزىز ئىككىلەنمەستىن

دىككىدە سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ ئۈچ باشلىق شىرنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— سېنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن دوستۇم، — دېدى - دە، چوك - چوك چامداپ نېرىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكلەمزارلىققا قاراپ ماڭدى، كۆكلەمزارلىق زىچ ئۆسكەن گۈل - چېچەكلىك دەرەخلەر بىلەن قاشالانغانىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز يېقىنلاشقان ھامان گۈل - چېچەكلەر تۆكۈلۈپ، ھەممىسى ئوق بولۇپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلدى، شاھزادە نۇرئەزىز قېچىشقا ئۈلگۈرمىدى، لېكىن ئوقلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭغا كار قىلمىدى، شۇ ھامان دەرەخلەر بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئىشىك ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكتىن كىرگەن ھامان يەنە جېپسىلىشىپ، دەرەخ سېپىل ھاسىل قىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇدۇلغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇدۇلىدا ئاجايىپ رەڭدار ۋە كۆركەم گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان چىمەنزارلىق، چىمەنزارلىق ئوتتۇرىسىدا كۆل، كۆلدە گۈل بەرگلىرى ياقۇتتەك نۇرلۇق ۋە جۇلالىق بىر چوك نىلۇپەرگۈلى، گۈل بەرگلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈمۈش تارلىق بىر غوڭقا، غوڭقىنىڭ جازىسى بىلەن بىلىنىڭ تۆۋىنى بىرلىشىپ كەتكەن، ئەمما ئاجايىپ ساھىبجامال بىر نازىنىن پەرى نازۇك قوللىرى بىلەن غوڭقىنىڭ تارىسىنى چېكىشكە تەمشىلىپ تۇرغان، لېكىن شۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈش ئىچىدە كۆرگەنلا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ، قورققاقلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىۋەتكۈدەك قورقۇنچلۇق بىر ئادەم يۈزلۈك بەتبەشىرە قارا ئۆمۈچۈك پەرىزاتنى قاپقارا تۈكلۈك پۇتلىرىدا مەھكەم قاماللىۋالغان.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىچىدە ئاللادىن پاناھلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. دۇئا قىلىۋېتىپ، ئەتراپتىن سەت ۋىشىلدىغان ئاۋازلار كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئەتراپىغا قاراپ، تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى، ھەممە تەرەپتىن كۆزلىرى قىپقىزىل چوغدەك، قالغان ھەممە يېرى قاپقارا، چوڭلۇقى چاقتەك، چاقپەلەكتەك ئۆمۈچۈكلەر چىمەنزارلىقنى چەيلەپ كېلىۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، جەڭگە ھازىر

بولدى، يېقىنلاشقانلا ئۆمۈچۈكنى چاپتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى، بىراق ئۆمۈچۈكلەرنى يوقىتىپ بولالمىدى، بىرسىنى يوقاتسا، ئورنىغا يەنە بىرسى كېلىپ تۇردى. ئاخىر جەڭ قىلغاچ ئۆمۈچۈكلەرنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە يۈگۈردى، بىر چاغدا چىمەنزارلىقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئاجايىپ زور بىر چىشى ئۆمۈچۈكنى كۆردى، چىشى ئۆمۈچۈك توختىماي تۇخۇملاپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ، چىشى ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ئاتتى، شۇ ھامان چىشى ئۆمۈچۈكنى بىر ئوت قاپسىۋېلىپ، كۆيدۈرۈپ، تېزلا بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئەمدى شاھزادە نۇرئەزىزغا قالغان ئۆمۈچۈكلەرنى يىغىشتۇرۇش خېلىلا ئاسانغا چۈشتى، شۇنداقتىمۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى، خاسىيەتلىك ئالتۇن دانىنىڭ شاراپىتىدىن ھېرىش - چارچاش ھېس قىلمىدى، بەلكى باشتىن - ئاخىر تېتىك ۋە غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالىتىدە تۇردى.

ئۆمۆچۈكلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن يەنە كۆل بويىغا باردى، ئادەم يۈزلۈك قارا ئۆمۈچۈكمۇ، غوڭقا تەنلىك پەرىزاتمۇ مىت قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كىمدۇر بىرسىنىڭ يېقىمسىز شىۋىرلىشى ئاڭلاندى:

— ئۇخلا، ئۇخلىغىن، تېزرەك، شېرىن چۈشلەر قوينىغا بۆلەنگىن، مەڭگۈ ئاراملىق تاپىسەن......

شاھزادە نۇرئەزىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي كۆزلىرى يۇمۇلدى، تاتلىق بىر ئۇيقۇ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلدى، بىر چاغدا ئۇ چۈشىدە غوڭقا تەنلىك پەرىنى كۆردى:

— كۆزۈڭنى ئاچ، تېز ئويغان، بولمىسا ھالاك بولىسەن! — دەۋاتاتتى ئۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئاپئاق مەشۇتتەك ئۆمۈچۈك تورى بىلەن چىرمىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆزىگە نەشتەر سېلىشقا ئۇمتۇلۇپ تۇرغىنىنى كۆردى - دە،

جان ـ جەھلى بىلەن بىرلا كۈچىنىپ، ئۆمۈچۈك تورىنى پاراسلىتىپ ئۈزۈۋەتتى، پۇت ـ قولى ئازاد بولدى، ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈك دەرھال كەينىگە يېنىپ زەھەر پۈركۈدى، شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ، ئامان قالدى، پۈركۈلگەن زەھەر چۈشكەنلا يەرنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ، ئويۇپ كىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز يەنە ئوقيانى قولىغا ئالدى، ئوقنىمۇ بەتلىدى، شۇ ھامان قۇلاق تۈۋىدە:

ـــ كۆزىگە ئات، ئاغزىغا ئات، بېشىغا ئات، پۇتىغا ئات......

دېگەندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى يۈزلەرچە ئادەم تەڭلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقاندەك بىلىنىپ، قۇلاق ـ مېڭىسى زىڭىلداپلا كەتتى، پىكرى چېچىلىپ، بىر ئۆمۈچۈك كۆزىگە نەچچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز بېشىنى سىلكىۋېتىپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇدى، ئاندىن كىرىچنى كۈچ بىلەن تارتتى، قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ، توختىماي ۋاڭ ـ چۇڭ سادالارنى پەيدا قىلىشقان ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىنى نىشانلىدى، نەچچە كۆرۈنگەن ئۆمۈچۈكتىن ئەمدى بىرسىلا قالدى، ئوق ۋىژىلداپ بارغانچە ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىدىن بىر قۇيۇن چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز پۇتى يەرگە تەگكەندە بىر قاراڭغۇ ھۇجرىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈككەندىن كېيىن ئالدىدا ئۈچ ئىشىك بارلىقىنى بايقىدى، ھەربىر ئىشىك بېشىغا بىردىن لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، لەۋھەلەردىن بىرىگە «كىرسەڭ چىقارسەن»، يەنە بىرىگە «كىرسەڭ يا چىقارسەن، يا چىقماسسەن»، ئۈچىنچىسىگە «كىرسەڭ چىقماسسەن» دەپ يېزىلغانىدى. ھەرپىلەرگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ۋە ئالتۇن رەڭلىك نۇر چاقناپ تۇرغاچقا، قاراڭغۇلۇقتىمۇ ئوقۇغىلى بولاتتى.

شۇئان ھەربىر ئىشىكتىن شۇنداق سادا كەلدى:

«ئاچقۇچ مەندە، ئاچقۇچ مەندە!»، «مېنى ئېچىپ كىرگىن، مېنى ئېچىپ كىرگىن!»

بۇلاردىن «كىرسەك چىقارسەن» دەپ يېزىلغان لەۋھە ئېسىلغانىنىڭ ساداسى ئۈنلۈكرەك، «كىرسەك چىقماسەن» دەپ يېزىلغان لەۋھە ئېسىلغانىنىڭ ساداسى بوشراق ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز تۇرۇپلا بىر ۋاقىتلاردا مەدرىسەدىكى ئۇستازى ئېيتقان:

«قۇرۇق تۇلۇڭ بەك داراڭلايدۇ، ئەقىللىك كىشىلەر قۇرۇق سۆزگە ئالدانمايدۇ» دېگەن پەند - نەسىھەتلىرىنى ئەسلەپ قالدى - دە، ئىككىلەنمەستىن:

«يا تەۋەككۈل، چىقىش - چىقماسلىق ئۆزۈمگە باغلىق» دېگىنىچە «كىرسەك چىقماسەن» دېگەن لەۋھە ئېسىلغان ئىشىككە قاراپ ماڭدى، باشقا ئىشىكلەر بىردىنلا ئاجايىپ بەتبەشىرە يالماۋۇز باشلارغا ئايلىنىپ، شاھزادە نۇرئەزىزغا ئېتىلدى، بىراق شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ كېتىپ ئامان قالدى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بىر قۇملۇق - باياۋاندا كۆردى، قۇملۇقتىن بولسا شۇنداق سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، بوستانلىق ئىدىم، سۇسىراپ قۇملۇق-باياۋان بولۇپ قالدىم، سەۋەبىنى بىلگەچ كەل.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى، ئاچقۇچنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمىگەچ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋەردى. كېتىۋېتىپ بىر ئېگىز تاغقا دۇچ كەلدى، تاغ كەينىدە نېمە بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تاغقا ياماشتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ-تىرمىشىپ تاغ ئۈستىگىمۇ چىقتى، تاغ كەينىدە قۇرۇپ قالغان بىر كۆلنى كۆردى.

شۇ چاغ كۆلدىن سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، ماڭا قۇيۇلىدىغان دەريا ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قالدى، نېمە توسۇۋالغىنىنى بىلگەچ كەل.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ تاغدىن چۈشتى، كۆلدىن ئۆتۈپ، كۆلنىڭ يەنە بىر گىرۋىكىگە ئۆتۈپ قۇرۇپ قالغان دەريا يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. گاھى - گاھى ئاجايىپ - غارايىپ يىرتقۇچلارغا

يولۇقتى، ئۇلارغا قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ماڭدى، يەنە ئۈچ كېچە- كۈندۈز يول يۈرۈپ، دەريانىڭ باش مەنبەسىگە يەتتى، تاغدەك زور بەستلىك بىر مەخلۇق دۈم يېتىپ، دەريانىڭ مەنبەسى بولغان چوڭ بۇلاقنىڭ سۈيىنى سۈمۈرۈۋېتىپتۇ.

شاهزادە نۇرئەزىز هەيران بولۇپ، قىلىچىنى هېلىقى مەخلۇقنىڭ تاپىنىغا سانجىدى، ئۇنىڭغا چىۋىن قونغانچىلىك كار قىلمىدى، تووۋلاپ باقتى، ئەمما ئاۋازىنى هېلىقى مەخلۇقنىڭ سۇ سۈمۈرگەندىكى غۇرت - غۇرت قىلغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى، ئاخىر تاغقا ياماشقاندەك يامىشىپ يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە دۈمبىسىگە چىقىپ بولۇشىغا سەكرىدى، كار قىلمىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قىلىچ ئۇردى، قىلىچ ئۈچ گەز ئۆزىرىپ، چېپىلغان جايدىن قاپقارا قان ئارىلاش سۇ ئېتىلىپ چىقىپ بىر فونتان هاسىل بولدى، شۇ چاغدىلا ئاندىن گىگانت مەخلۇق ئالەم - جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، دەهشەتلىك هۆركىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى، شاهزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ مويلىرىغا ئېسىلىپ سىيرىلىپ يۈرۈپ، تۆۋەنگە چۈشۈۋالدى، ئاندىن بار كۈچىنى ئاياغلىرىغا يىغىپ، قۇيۇندەك چېپىپ، يىراققا قاچتى، ئەمما مەخلۇقنىڭ سايىسىدىن نېرى كېتەلمىدى، ئاخىر توختاپ كەينىگە بۇرۇلغاندا كۆردىكى غايەت زور بىر دىۋە، پېشانىسىدە ۋولقان ئاغزىدەك بىر كۆزى بار، كۆزىدە ئوت يېنىپ تۇرغان، غايەت يوغان ئاغزىدا خەنجەرسىمان چىشلىرى هىڭگىيىپ تۇرغان، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، شاهزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىر چۈمۈلىچىلىكمۇ كۆرۈنمىدى.

ئۇ دىۋىنىڭ ئۆزىنى تېخى كۆرمىگىنىنى هېس قىلىپ، تېخىمۇ يىراققا كەتتى، ئەمما دىۋە ئاخىر ئۇنى كۆرۈپ قالدى - دە، قوغلىماستىن، بۇلاق ئەتراپىدىن قولىغا چىققانلا چوڭ تاشلارنى ئېلىپ ئېتىشقا باشلىدى، شاهزادە نۇرئەزىز مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆزىنى قاچۇردى، دىۋە تاشلار چۈشكەندە كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە قالغان شاهزادە نۇرئەزىزنى ئۆلدى دەپ بىلىپ، ئاخىر تاش ئېتىشتىنمۇ توختىدى. شۇ پۇرسەتتە شاهزادە نۇرئەزىز ئوقياسىنى بەتلىۋالدى، هاۋا سۈزۈلۈپ چاڭ - توزان بېسىققاندا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ،

دۇنيانىڭ يېگانە كۆزىنى نىشانلاپ ئاتتى، ئوق ۋىژىلداپ بارغانچە دۇنيانىڭ كۆزىدىن كىرىپ، ئارقا مېڭىسىدىن تېشىپ چىقىپ كەتتى، شۇ ھامان دۇنيانىڭ تېنىمۇ تاغ پارتىلىغاندەك پارتلاپ، ئاسماندىن شارىلداپ يامغۇر قۇيۇلدى، ئارقىدىنلا ئاسمان - پەلەك دولقۇنلاپ سەل پەيدا بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ، تۇرتۇپ، كۆل تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋېتىپ، قولىغا ئىلىناشقان بىر قاقشال دەرەخكە ئېسىلىۋالدى، ئاخىر كەلكۈن بىلەن بىللە كۆلگە بېرىپ قالدى، كەلكۈن سۈيى بارا - بارا كۆلدىنمۇ تېشىپ، كۆلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تاغدىنمۇ ھالقىدى، ئاندىن بارا- بارا پەسلەپ، تاغنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوتتۇرىدىن يول ئېچىپ ئېقىپ چەكسىز قۇملۇق - باياۋانغا يەتكەندە سىڭىپ كەتتى، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن چۆل - باياۋان قوينىدا سان - ساناقسىز دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، زەل- زىرائەتلەر كۆكلەپ چىقىپ، قۇملۇق - باياۋان ئورنىدا باغۇبوستانلىق پەيدا بولدى ھەم قاياقتىندۇر ھەددى - ھېسابسىز ھاشارات، ھايۋانات، ئۇچار - قاناتلار پەيدا بولۇپ، بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز ھەيرانلىق ئىچىدە ھەرتەرەپكە نەزەر سالدى، ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن شۇجايدىكى ھەممە مەۋجۇداتتىن:

— مەرھابا! مەرھابا! — دېگەن ياڭراق سادا كەلدى، بىر چاغدا يەنە ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا بىر ئالتۇن رەڭلىك سوپىتورغاي پەيدا بولۇپ، بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچنى تاشلاپ بەردى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىپ كۆپ خۇرسەن بولدى، ئەمما بۇ يەردىن قانداق كېتىشنى بىلمەي، بېشى قاتتى. شۇ چاغ ئۇ كەلكۈندە ئېقىپ كېتىۋېتىپ قولىغا ئىلىنىشىپ قالغان قاقشال دەرەخ چۈشكەن يېرىدىلا يىلتىزلاپ كۆكلەپ، بۈك - باراقسان شاخلىدى، چېچەكلىدى، ئارقىدىنلا ھەر شېخىدا يۈزلەپ ئالتۇن ئانار چۈشتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن شۇنداق سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، بىزگە نىجاتكار بولدۇڭ، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق قايتۇرماق بىز ئۈچۈن قەرز، كىم بىزگە نىجاتلىق

بىغىشلىسا ئۈنىڭغا ئۈچ ياخشىلىق قىلىشنى ئەھدە قىلغانىدۇق، سوپىتورغاي ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىپ بېرىپ بىر ياخشىلىق قىلدى، ئىككىنچى ياخشىلىقنى مەن قىلاي، ئالتۇن ئانىرىمدىن ئۈچ تال ئۈزۈۋال، ئاندىن بېرىپ ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغىنى ئىزدە، ئۈنىڭغا مەندىن سالام ئېيت.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈمىدلىنىپ ئۈچ تال ئانار ئۈزدى، ئاندىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغىنى ئىزدەپ كەتتى، بۇ ئىقلىم ئاجايىپ گۈزەل، خۇش ھاۋالىق ئىدى، خىلمۇخىل جانىۋارلار بىر - بىرىگە دەخلى قىلىشماي ئەركىن يايلاپ يۈرەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز كۆپ ئىزدەپ ئاخىرى بىر توپ بۇغىغا يولۇقتى. بۇغىلار سەركىسى ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا ئىدى.

— ئالتۇن مېۋىلىك ئانار دەرىخى ساڭا سالام ئېيتتى! — دەپ توۋلىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— سالامەت بولسۇن! — دېدى ئاق بۇغا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۈچىنچى ياخشىلىقنى مېنى بۇيرۇغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— سەن بۇ ئىقلىمدىن تىلسىم تەخسە يۈزىگە چىقماقچى، — دېدى ئاق بۇغا، — لېكىن بۇ بارسا كەلمەس ماكاندىن سېنى چىقىرىپ قويۇشقا قۇربىم يەتمەيدۇ، پەقەت خەتەردىن قورقمىساڭ ئۈچ خەتەرلىك دەريادىن ھالقىپ، ئالتۇن سۇمۇرغنىڭ ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇم مۇمكىن، بۇمۇ باشقىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئالتۇن سۇمۇرغنى كۆندۈرۈش بولسا ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ساڭا شۇ ياردەم قىلمىسا باشقا مەخلۇقاتلاردا بۇنداق كۈچ - قۇدرەت يوق.

— مېنى ئالتۇن سۇمۇرغنىڭ ماكانىغا ئېلىپ بار، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قەتئىيلىك بىلەن:

— قالغىنىنى تەلىيىمدىن كۆرىمەن.

ئۈستۈمگە مىن، — دېدى ئاق بۇغا، — مەزمۇت ئولتۇرغىن، سۇمۇرغنىڭ ئالدىغا بارمىغۇچە يەرگە دەسسىگۈچى بولما.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاق بۇغىغا مىندى، ئاق بۇغا يەردىن بىر تاقلاپلا

ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى يىقىنىدىن قانات چىقىرىپ، ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، يىراقتىن ئاسمان - پەلەك داۋالغۇپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريايى ئەزىم كۆرۈندى.

— كۆزۈڭنى يۇمۇۋال، — دېدى ئاق بۇغا تاپىلاپ، — ئۇ دېگەن تىلسىم دەريا، خىيالىي كۆرۈنۈش، دولقۇنلار سېنى ئېقىتىپ كەتمەكچى، ئاجايىپ مەخلۇقاتلار سېنى يەپ كەتمەكچى بولىدۇ، قورقۇپ ئۆزۈڭنى قاچۇرمىساڭلا بولغىنى، ئەڭ ياخشىسى «كۆزۈڭنى ئاچ» دېمىگۈچە چىڭ يۇمۇپ ئولتۇر، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلما.

— شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈردى، رومال بىلەن كۆزىنى تېڭىۋېلىشنى، قۇلاقلىرىنىمۇ ئېتىۋېلىشنى لايىق تاپتى.

ئاق بۇغا ئالدىدىكى دەريادا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇزدى، ئاندىن بىر تاقلاپ، تاقىر دەشت - باياۋانغا چىقىپ:

— كۆزۈڭنى ئاچ! — دەپ قايتا - قايتا توۋلىغاندىن كېيىن، ئاندىن شاھزادە نۇرئەزىز ئاڭلاپ، رومالنى كۆزىدىن ئالدى، قۇلاقلىرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىۋەتتى، يۈزىگە قىزىق ھاۋا ئۇرۇلدى.

— ئەمدى بىر ئوت دەرياسىدىن ئۆتىمىز، — دېدى ئاق بۇغا، — ئوت يالقۇنلىرى ئوت ئەجدىھادەك خىرىس قىلىدۇ، لېكىن تەمتىرىمىسەڭ ھېچ ئىش بولمايدۇ، كۆزۈڭنى تاڭما، چۈنكى ئۇ قورققانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈردى،ئۇلار ھايالسىز ئاسمان-پەلەك يالقۇنلاپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت بەلبېغىغا دۇچ كەلدى. شاھزادە نۇرئەزىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، تاكى ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئاچمىدى، كۆزىنى ئاچقاندا بولسا ئوت دەرياسى كەينىدە قالغانىدى.

ئۇلار يەنە دەشت - باياۋان ئاسمىنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇچتى، ئەمدى نېرىدىن كىشىنى ئەندىشىگە سالغۇدەك دەھشەتلىك قىيا - چىيا، نالە -پەريادلار ئاڭلاندى.

— ئەمدى ئازاب دەرياسىدىن ئۆتىمىز، — دېدى ئاق بۇغا، — بۇمۇ بىر تىلسىم، خىيالىي كۆرۈنۈش، لېكىن قورققانلارغا ئاپەت، شۇڭا باتۇر بول، ئاستىدا قان - يىرىڭ دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، قارىساڭ كۆڭلۈڭ

ئېلىشىدۇ، ئەگەر ھۆ قىلىپلا سالساڭ، ھۆ بىلەن تەڭ جان كەپتىرىڭ چىقىپ ئەجەل تۇزىقىغا چۈشىدۇ، شۇڭا ھېچ يەرگە قارىما، ھەرقانداق ئاۋازغا پىسەنت قىلما، قورقۇپ - ھودۇقۇپ كەتكۈدەكلا بولساڭ يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن قۇلاق - كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى، لېكىن كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بىلەن قۇلاقلىرى ئاڭلاپ تۇردى، قۇلىقىنى ئەتكەنىنىڭ كۆپ پايدىسى بولمىدى، ئېچىنىشلىق نالە- پەريادلار، قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكۈدەك چىرقىراشلار، ئەيتاۋۇر كىشىگە ۋەھىمە سېلىپ، يۈرەكنى تىترىتىدىغان دەھشەتلىك سادالار ھەممىسى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇردى.

شاھزادە نۇرئەزىز دىلىدا ئىسمىئەزەمنى زىكرى قىلىپ، ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇردى، شۇ ھالدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز بەرداشلىق بېرىپ، ئازاب دەرياسىدىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى يەنە بىر چۆل - باياۋانغا چىقتى، چۆل - باياۋاندا كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانات ۋە ئۇچار - قاناتلار ياشايتتى، يىراقتا بولسا بىر چوڭ دەرەخ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، دەرەخنىڭ تاجىسى ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى تېشىپ چىققان، شاخلىرى نەچچە يۈز غۇلاچ يەرگىچە سوزۇلغان غايەت زور كۈنلۈككىلا ئوخشايتتى.

— كەلدۇق، — دېدى ئاق بۇغا، — ئاشۇ دەرەخ سۇمۇرغنىڭ ماكانى، دەرەختىكى چاڭگىدا سۇمۇرغنى كۆرىسەن، ئۇنىڭغا ئاۋۋال سەن سالام بەرگىن.

ئاق بۇغا يېقىنلاشقان ھامان دەرەخ شاخلىرى ئىككى ياققا ئايرىلىپ، سۇمۇرغنىڭ چاڭگىسى كۆرۈندى، سۇمۇرغ بىر جۈپ چۈجىسىنى پوكىنىغا بېسىپ، ھالسىراپ ياتاتتى، پەي قاناتلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، پارقىراپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سالام بەردى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى سۇمۇرغ جاۋابەن، — سالىمىڭ بولمىغىنىدا بىر چوقۇپلا يېۋەتكەن بولاتتىم. ئۆزۈممۇ، چۈجىلىرىممۇ كېسەلدىن پارىغ بولاتتۇق، بىراق بەرگەن سالىمىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن

بىرەر تال مويىڭغا تېگىپ قويۇشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىماس.

— ھەرقانداق كېسەل ئۈچۈن مەندە شىپالىق دورا بار، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، ئاندىن ئۇ قوينىدىن ئۈچ تال ئالتۇن ئانارنى چىقىرىپ بەردى، سۇمۇرغ چۈجىلىرى بىلەن بىر تالدىن يېدى، شۇ ھامان ئابىھايات ئىچكەن مىسالى تېتىكلىشىپ ئورنىدىن تۇردى، چۈجىلىرىمۇ جانلىنىپ، چۇرۇقلىشىپ كەتتى.

— خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر جۈپ چۈجىلىك بولغانىدىم، — دېدى سۇمۇرغ، — ئەمما چۈجىلەر تۇخۇمىدىن چىققۇچە توققۇز ئاي يېمەي- ئىچمەي، مىت قىلماي تۇخۇم بېسىپ يېتىپ، ھالىمدىن كېتىپتىمەن، بىرىپ ئۇۋ قىلغۇدەك ماجالىم يوق، يېقىن ئەتراپتىن يولۇققان بىر چوڭ تاپنى ئەكېلىپ، ئۆزۈممۇ، چۈجىلىرىممۇ ئوزۇق قىلدۇق، ئۆمرۈمدە سادىر قىلغان شۇ بىر خاتالىقىم تۈپەيلى تاسلا قالدىم، ئىككى يۈرەك پارەم بىلەن بىللىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغىلى، بەخت - تەلىيىمگە سەن كەلدىڭ، بىز قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، مەنمۇ ساڭا قەرزدار بولدۇم، ئېيتقىنا، قانداق قىسمەتكە دۇچ كەلدىڭ، ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ئورۇنلاشقا تەييارمەن، ئەمدى بارلىقىم سەن ئۈچۈن پىدا.

شاھزادە نۇرئەزىز تىلسىم تەخسىگە چىقىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى، سۇمۇرغ ئورنىدىن قوزغىلىپ، بىرلا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى، ھايالسىزلا غايەت زور يىلانلارنى تۇتۇپ، قامالاپ كېلىپ، چۈجىلىرىگە پارچىلاپ يېگۈزدى، ئاندىن شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۇستىگە ئېلىپ:

— مەھكەم ئولتۇرغىن، كىرگەن ئىشىكنى بۇزۇپ چىقىسەن، بۇزۇش ئالدىدا بىر تال پېيىمنى يۇلۇۋال، كېرەك بولغاندا پۈۋلىسەڭ قېشىڭغا ھازىر بولىمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە مۇشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىمەن، — دېگىنىچە ئاستا - ئاستا كۆككە ئۆرلەپ، بارغانسېرى شىددەت بىلەن تېز ئۇچۇپ كەتتى، ئۇچقانسېرى ئېگىزلىدى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، ئەمما ھوشيارلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇچۇپ، خەتەردىن ئامان قالدى، شۇ ھالەتتە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، ئۇستى تەرەپتىن ھېلىقى ئىشىك كۆرۈندى.

— تەييار بول! — دېدى سۇمۇرغ، — ئىشىككە قىلىچ ئۇرىسەن.
شاھزادە نۇرئەزىز سۇمۇرغنىڭ بىر تال پېيىنى يۇلۇپ قوينىغا سالدى ـ دە، ئاندىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تەييار بولدى، سۇمۇرغ يېقىنلاشقان ھامان قىلىچ ئۇردى، ئىشىكتىن قان چاچراپ، قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، قاپقارا بىر ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ شاھزادە نۇرئەزىزنى دەم تارتتى، ئۇنىڭغىچە سۇمۇرغ بىر ئوت پۈركۈپلا ئۆمۈچۈكنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى، ئاندىن شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۇزۇن قۇيرۇق پېيى بىلەنلا يۆگەپ كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇستىگە ئېتىۋەتتى.
شۇ چاغ ئالتۇن ئاچقۇچ ئۇنىڭ قوينىدىن ئۇچۇپ چىققانچە:
— ماڭا ئەگەش! — دېدى ئۇنىڭغا.
شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچقا ئەگىشىپ ماڭدى، ئالتۇن ئاچقۇچ ئالدىدا ئۇچۇپ، قاراڭغۇ غاردەك بىر يەردىن ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا چىققان تۆشۈك — ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى، شۇھامان ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈك ئوت ئىچىدە قېلىپ، جان تالىشىشقا باشلىدى. غوڭقا تەنلىك پەرىزات ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاپ، نازۇك قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆمۈش تارلىرىنى تىترىتىپ، ئاجايىپ نەپىس ۋە يېقىملىق بىر كۈي ياڭرىتىشنى باشلىدى، كۈي ئەۋجىگە چىققانسېرى ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكنى ئورىۋالغان ئوت شۇنچە ئۆلغىيىپ، ئاخىر ئۇنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ئاندىن بىر فونتان پەيدا بولۇپ، ئۇنچە ـ مارجاندەك چېچىلىپ، دەسسەپ ـ چەيلىنىپ كەتكەن گۈلزارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
— مەن كۈيچى پەرىلەر تائىپىسىدىن غوڭقا پەرى، — دېدى غوڭقا تەنلىك پەرى، — ئەمدى تىلسىم بەرباد بولدى، خالىساڭ مېنىمۇ ئېلىپ كەت، مېنى ئۆمۈچۈك ئالۋاستىنىڭ بەندىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان ياخشىلىقىڭنى قايتۇرسام دەيمەن، بەلكىم ساڭا ئەسقېتىپ قالارمەن.
— دوستلارنىڭ كۆپ بولغىنى ئەلۋەتتە ياخشى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مۇشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەندە ھامان ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغان گەپ.
غوڭقا پەرى كىچىكلەپ ـ كىچىكلەپ بىر تال تەڭگىچىلىك

بولدى- ده، غۇي قىلىپلا ئۇچۇپ بارغانچە شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. شۇ ھامان چىمەنزارلىق غايىب بولۇپ، گۈلدۈر - قاراسلىغان ئاۋاز ياڭراپ، جاھانغا زىلزىلە سالدى، ئۈچ باشلىق شىر ئۇچۇپ كەلگەنچە شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۈستىگە ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى، گىگانت قول تۇتۇپ تۇرغان تەخسە كۆمپەيكۆم بولۇپ، چاڭ - توزانغا ئايلاندى، ئارقىدىنلا گىگانت قول توزان ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئۇمتۇلدى، ئەمما تۇتۇشقا قادىر بولالماي، ئۈزۈلۈپ كەتتى - ده، قۇمدەك توزۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن! — ئۈچىنچى تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇردىڭىز، — دېگەن سادا كەلدى بوشلۇقتىن.

— كارامەت سەن جۇمۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — دىۋە - پەرىلەرمۇ قىلالمىغان ئىشلارنى قىلدىڭ.

— سېنىڭ، يەنە ھۆكۈمانىڭ ياردىمى بولمىغاندا مەن نېمىمۇ قىلالايتتىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ مويلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەڭ چوڭ تۆھپە يەنىلا ساڭا مەنسۇپ.

## سەككىزىنچى باپ

# ئەھمىيەتلىك ئۆتكىنى ھەممىدىن ئەۋزەل

ئۈچ باشلىق شىر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ تۆتىنچى تىلسىم تەخسىنى كۆزلەپ تېخىمۇ تېز ئۈچتى. شۇ چاغ تۇيۇقسىز ئۇستى تەرەپتە شېخىدىن ئۈزۈلگەن گۈل مىسالى ساھىبجامال پەرىلەرنىڭ باشلىرى پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ نازۇك بويۇنلىرى ھېلىلا زالىملارنىڭ قىلىچىدا تەن دەرىخىدىن چېپىپ تاشلانغاندەكلا ئىدى، توختىماي قىپقىزىل قانلىرى تامچىلاپ تۇراتتى.

— يەنە قانداق قىسمەتكە دۇچ كېلەرمىز، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر خەۋپسىرەپ.

شۇ چاغ بۇ باشلار بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى كىشىنى مەست - مۇستەغرەق قىلىپ، ئەس - ھوشىنى ئوغرىلايتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى كۈچەيگەنسېرى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭمۇ، ئۈچ باشلىق شىرنىڭمۇ بېشى ئايلىنىپ ھېلىلا موللاق ئېتىپ چۈشىدىغاندەك بىر ھالغا كەلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ دۈمبىسىگە مەھكەم چاپلاشتى، ئۈچ باشلىق شىر بولسا مەست بولۇپ قالغاندەك قالايمىقان ئۇچۇشقا، ئاخىر بىرئورۇندا پىرقىراشقا باشلىدى، شۇ چاغ شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىدىن يېقىملىق بىر مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىدى - دە، غوڭقا پەرى ئاستا -ئاستا لەيلەپ چىقىپ، نازۇك بارماقلىرىدا غوڭقىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى نامايان قىلدى، كۆي ئەۋجىگە چىققانسېرى ساھىبجامال پەرىلەرنىڭ گۈلدەك رەڭگى - رۇخسارى

خۇنۇكلىشىپ، كۆلكىسى پەسلەپ، بىردىنلا يالماۋۇز باشلارغا ئايلىنىپ قالدى ـ دە، ھەرتەرەپتىن قاپساپ كېلىپ ئۇلارغا خىرىس قىلدى.

غوڭقا پەرى ئەمدى كۆينى غەزەپلىك بىر ئاھاڭغا يۆتكىدى، شۇ ھامان يالماۋۇز باشلارغا ئوت تۇتىشىپ، ھەممىسى تېزلا كۆيۈپ كۈل بولدى، غوڭقا پەرى يەنە شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئەمدىلا مەستلىكى يېشىلگەندەك بولغان ئۈچ باشلىق شىر، — بىر خەتەردىن ئامان قالدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆرلەپ تۆتىنچى تەخسە يۈزىگە يەتتى، ئەمما پۇتلىرى تەخسە يۈزىگە تەگكۇچە زەنجىر ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتلىرىنى بەند قىلىۋالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز زەنجىرگە قىلىچ ئۇرغانىدى، قىلىچ شامال كەسكەندەك ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن زەنجىرنىڭ كېسىلگەن يېرى يەنە ئۇلىنىپ قالدى.

— بولدى قىل! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — يەنە بۇ تىلسىم بويسۇندۇرۇلمىغۇچە ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇم.

شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، ئەتراپىغا نەزەر سالدى، تىلسىم تەخسە يۈزىنى كۆل رەڭ بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلىغان بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى، شۇ چاغ بۇلۇت ـ تۇمانلار ئىچىدىن كۇمۇش قوڭغۇراق جاراڭلىغاندەك بىر كۈلكە ئاۋازى ياڭرىدى ـ دە، بۇلۇت ـ تۇمانلار تاراپ كېتىپ نۇر ۋە ئاپتاپ جىلۋە قىلدى، نېرىدا چېھرى قۇياشتەك نۇرلىنىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بىر ساھىبجامال كۆرۈندى، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئون ھەسسە چوڭ بولۇپ، گۈل شەكىللىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى، بىراق ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يانپاشلاپ ياتقان ھالەتتە كۆرۈندى، چېھرىمۇ بىر ئېچىلىپ، بىر تۇتۇلۇپ تۇردى، تۇتۇلغاندا كۈل رەڭ بۇلۇت ـ تۇمانلار پەيدا بولدى، كۈلۈمسىرىگەندە ھەممىسى يوقىلىپ ۋاللىدە ئاپتاپ چىقتى.

شاھزادە نۇرئەزىز نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۈشەلمىدى، ئاخىر قوينىدىن يەنە

خاسىيەتلىك كىتابنى چىقاردى، كىتاب ئىچىدىن شۇ تاپتا كىمنىڭدۇر كىتاب ئوقۇغان ئاۋازى كېلەتتى، لېكىن ئوقۇۋاتقانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز كىتابنى ۋاراقلاي دېگۈچە، كىتاب ئۆزىلا شارت-شۇرت ۋاراقلىنىپ، تۆتىنچى بېتى ئېچىلدى، ياپيېشىل چىملىقتىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان بىر قورچاق بالا زاھىر بولدى.

— دەخلى قىلدىڭ، دەخلى قىلدىڭ! — دېدى قورچاق بالا سەكرەپ تۇرۇپ، — كىتاب ئوقۇشۇمغا دەخلى قىلدىڭ.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ياردىمىڭگە موھتاجمەن.

قورچاق بالا يەنە تەۋرەنمە ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، كىتابنى ۋاراقلىدى، ئارقىدىنلا كىتاب ئوقۇغاندەك:

— كۆرۈۋاتىمەن، كۆرۈۋاتىمەن...... سەن ئۇنىڭ قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خالنى ئاتالىساڭ، ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرەلىسەڭ، ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپالىساڭ، ئاندىن سېھىرلىك ئىشىكنى ئاچالىساڭ...... ئاندىن ......— دېدى - دە، كىتابنى يېپىۋالدى. شۇ ھامان خاسىيەتلىك كىتابمۇ شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئاسماندىن بولسا كۆكۈچ يالقۇنلار چۈشۈپ، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتلىرىنى بەند قىلىۋالغان زەنجىرلەرنى كۆيدۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تىلسىم تەخسە يۈزىدىن چىرقىرىغان، نالە - پەرياد قىلغان سادالار ياڭراپ، كۆك ۋە قارا ئارىلاش بىر تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلدى - دە، تېزلا تاراپ كەتتى، ئۈچ باشلىق شىر ئازاد بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ گىگانت پەرىزات تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

گىگانت پەرىزات تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلگەنىدى، ئاسماندىن چاقماق چۈشتى، ئۈچ باشلىق شىر چاققانلىق بىلەن ئەگىپ ئۇچۇپ ئامان قالدى، شاھزادە نۇرئەزىزمۇ ھېچنېمە بولمىدى.

— تېز بول، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئالدىرىتىپ، — ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى قارا خالنى ئاتقىن.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ، گىگانت پەرىزاتنىڭ ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان نوقۇتچىلىك خالىنى قارىغا ئالدى، بىراق گىگانت پەرى ھېلى يېتىپ، ھېلى ئولتۇرۇپ، ھېلى تۇرۇۋېلىپ، خىلمۇخىل ھالەتتە زاھىر بولۇپ، ئۇنى تەمتىرىتىۋەتكەچكە، ئوق نىشانغا تەگمىدى، شۇ ھامان شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ پۇتلىرى تاشقا ئايلىنىپ قالدى.

گىگانت پەرىزات رەنجىگەندەك بولۇپ، قاپىقىنى تۈرگەنىدى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، تاراسلاپ مۆلدۈر ياغدى، ھەربىر تال مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى تاۋۇزدەك بولۇپ، مۇز بولماستىن يېلىنجاپ تۇرغان چوغ ئىدى.

ئۈچ باشلىق شىر بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈسە، بىر بېشىدىن شامال چىقىرىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆزىنىمۇ، شاھزادە نۇرئەزىزنىمۇ خەتەردىن ساقلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بولسا ئىككىنچى تال ئوقنى بەتلىدى، ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا تىرىشىپ، تەمتىرىمەستىن ئوقنى نىشانغا قويۇۋەتتى، لېكىن ئولتۇرغان ھالەتتىكى پەرىزات ياتقان ھالەتكە ئۆزگىرىۋېلىپ، ئوق يەنە بىكارغا كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز بولسا كۆكسىگىچە تاشقا ئايلىنىپ قالدى.

— بىر قېتىملا پۇرسىتىڭ قالدى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئاگاھلاندۇرۇپ، — پۈتۈنلەي تاش بولۇپ قالساڭ تىلسىمنى بويسۇندۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ جۇمۇ، ئۇ چاغدا......

گىگانت پەرىزات شۇدەم چېھرىدىن دەھشەت ياغدۇرۇپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناتتى، شۇھامان شىددەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئۈچ باشلىق شىر بىلەن شاھزادە نۇرئەزىزنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ، پىرقىرىتىشقا باشلىدى، ھوش - كاللىسىدىن ئايرىدى، يىراق- يىراقلارغا ئاپىرىپ تاشلايدىغاندەكلا قۇترىدى، ئالەم -جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلاپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماس بولۇپ كەتتى.

شۇ خەتەرلىك مىنۇتلاردا شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىدىن ئاجايىپ يېقىملىق، ئارامبەخش بىر كۈي ياڭراشقا باشلىدى - دە، غوڭقا پەرى نازۇك بارماقلىرىدا كۇمۇش تارلىرىنى چېكىپ چىقىپ كەلدى.

شۇ ھامان بوران ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، ئاسمان يۈزى سۈزۈلدى، ئۈچ باشلىق شىرمۇ، شاھزادە نۇرئەزىزمۇ ھوشىغا كەلدى، مۇزىكا ئاۋازى ئاخىر بوراننى تىنجىتىپ، قاراڭغۇلۇقتا خاتىمە بەردى، گىگانت پەرىمۇ ئەمدى شەكلىنى ئۆزگەرتمەستىن، گۈل شەكىللىك تەخت ئۈستىدە يانپاشلىغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى.

— تېز بول! — دېدى غوڭقا پەرى، — ئۇنى ئۆزاققىچە تىنچلاندۇرۇۋېتەلمەيمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۈچىنچى تال ئوقنى بەتلەپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ، گىگانت پەرىنىڭ خالىنى نىشانلاپ ئاتتى، ئوقنىڭ ۋىشىلدىغان ئاۋازى گىگانت پەرىنى غەپلەتتىن ئويغاتتى، لېكىن ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىشى ھامان ئوقمۇ نىشانغا تېگىپ تېشىپ كىرىپ كەتتى، گىگانت پەرى تاشتەك قېتىپلا قالدى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ، تاشقا ئايلانغان جىسمى ئەسلىگە كەلدى، غوڭقا پەرى ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى.

— ئەمدى يولىمىز راۋان، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بىراق ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەك نېمە خەتەرگە يولۇقارمىز.

— بىلمەيمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — تېزرەك ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرەيلى.

ئۈچ باشلىق شىر گىگانت پەرىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىشىكتەك ئاغزىدىن ئۆچۈپ كىردى، شۇ ھامان ئۇ كىرگەن ئىشىك غايىب بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۆت تەرىپى تۆت دېرىزىلىك، ئىشىكسىز بىر سارايدا تۇرغىنىنى ھېس قىلدى.

بىر دېرىزىدىن لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ۋە قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەنە بىر دېرىزىدىن غۇر ـ غۇر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان چوكانتال ۋە ھۆپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت چېچەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زېمىن يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى، يەنە بىر دېرىزىدىن قارىسا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر، ئالتۇن رەڭ باشاقلار، ئورۇشنى كۈتۈپ تۇرغان بۇغدايلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەنە بىر يەرلىرى رەڭدار گىلەم يېپىنغاندەكلا ئىدى. يەنە بىر دېرىزىگە

قارىسا يوپۇرماقلىرى سارغايغان دەرەخلەر، شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭلار ۋە ئالتۇن رەڭلىك غازاڭلار بىلەن بېزەلگەن كەڭ دالا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ چاغ ھەر دېرىزىدىن بىردىن باش چىقتى، بىرى، خىرۇستالدەك سۈزۈك مۇزدىن تاج كىيىۋالغان، چاچ ۋە قاش - كىرپىكلىرىنى قىروۋ باغلىغان؛ يەنە بىرى، چېچەك چەمبەر كىيىۋالغان، چاچ ۋە قاش - كىرپىكلىرى ياپيېشىل؛ يەنە بىرى، ئالتۇن رەڭ بۇغداي باشاقلىرىدىن ئۆرۈلگەن ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن گۈل تاج كىيگەن، چاچ ۋە قاش - كىرپىكلىرى كۆيۈۋاتقان يالقۇندەكلا؛ يەنە بىرى، ئالتۇن رەڭلىك جۇخار گۈللىرىدىن ھاسىل بولغان گۈل تاج كىيگەن ۋە گۈل تاجغا كۈزلۈك مېۋىلەرنى قىستۇرۇۋالغان، چاچ ۋە قاش- كىرپىكلىرى ئالتۇن رەڭلىك.

ئۇلار بىردەك شۇنداق سورىدى:

— ئېيتقىنا، بىزدىن قايسىمىز ئەڭ گۈزەل، قايسى پەسىل ئەڭ ئەۋزەل؟

شاھزادە نۇرئەزىز جاۋاب بېرەي دېگۈچە، ئۈچ باشلىق شىر غۇدۇرىدى:

— مېنىڭغۇ قەھرىتان سوغۇق بىلەن خۇشۇم يوق.

ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەن مۇز تاج تاقىغان باش قاش - قاپاقلىرىنى تۈردى، شۇ ھامان ساراي ئىچىنى ھۆۋۈلداپ تۇرغان سوغۇق قاپلىدى، شاھزادە نۇرئەزىزمۇ تىترەپ كەتتى، ئۈچ باشلىق شىر بولسا مۇزغا ئايلىنىپ قالدى.

— مانا ساڭا سوۋغىتىم، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى مۇز تاجلىق باش.

— ئۇنداق قىلما، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز يالۋۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى.

— سەن بۇ تىلسىمنى سۇندۇرغاندا ئۇمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ، — دېدى چېچەك چەمبەر كىيىۋالغان يېشىل چاچلىق باش تەسەللى بېرىپ، — سەن ھازىر سورىغان سوئالىمىزغا جاۋاب بەر.

— قارىسام ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆزگىچە ياخشى تەرىپىڭلار بار ئىكەن،— دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — زىمىستان قىشتا ياغقان قار گۈللىرى زېمىننى ئاپئاق لىباسقا پۈركەيدۇ، باھار پەسلىدە بولسا رەڭگارەڭ چېچەكلەر كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ، يازدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ھەممىگە بەك ياقىدۇ، كۈزدە بولسا مول ھوسۇل شادلىقىدىن يايراپ كېتىمىز، مېنىڭچە بىرىڭلارنىڭ يەنە بىرىڭلاردىن كەم يېرىڭلار يوق، پەقەت ئۆزگىچە ئەۋزەللىكلىرىڭلار بار، شۇڭا مەندىن سورىساڭلار ھەممىڭلار گۈزەل، لېكىن ۋاقىت ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن پەسىللا ھەممىدىن ئەۋزەل، — دەپ جاۋاب بېرىمەن.

شۇ ھامان ساراي ئىچىدە خۇشال كۈلكە ساداسى ياڭراپ، تۆت باش غايىب بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ چۆرىسىدە بىرى ئاق چاچلىق، بىرى يېشىل چاچلىق، بىرى قىزىل چاچلىق، يەنە بىرى ئالتۇن چاچلىق ئوماقىنە تۆت بالا پەيدا بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ چەمبىرەك بولۇپ چۆرگۈلەشكە باشلىدى، چۆرگۈلىگەچ شۇنداق ناخشا باشلىدى:

بولغاچ سۆزۈڭ مەنىلىك،
ياقتى بىزگە، خۇرسەنمىز .
قەدرىمىزنى بىلگەچ سەن ،
بەخت- ئامەت تىلەيمىز .

ئۇلار بارغانسېرى تېز چۆرگۈلىدى، ئاندىن بىردىنلا ھەسەن- ھۈسەن چەمبىرىكى بولۇپ ئۆزگەردى - دە:
— ساڭا ئىشىك ئوچۇق! — دەپلا غايىب بولدى.

— شاھزادە نۇرئەزىز ئاياغ ئاستىدا بىر ئالتۇن ئىشىك پەيدا بولغىنىنى كۆردى، ئىشىكنى ئىتتىرگەنىدى، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن غۇر-غۇر شامال چىقىپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى، قولىدا بولسا بىر تال قار گۈلى، بىر شاخچە شاپتۇل چېچىكى، بىر ئالتۇن باشاق ۋە يەنە بىر ئالتۇن رەڭلىك غازاڭ پەيدا بولدى.

— ساڭا سوۋغىمىز، — شۇنداق سادا كەلدى ئىشىك سىرتىدىن.
شاھزادە نۇرئەزىز سوۋغاتلارنى قويىنىغا سالدى، ئاستا - ئاستا لەيلەپ ئۇچۇپ، پۈتى يەرگە تەگكەندە ئۆزىنى جۇت - شۇۋىرغان ئۇشقىرتىپ تۇرغان، قار- مۇز بىلەن قاپلانغان بىر زېمىندا كۆردى، قايانغا بېرىش، ئالتۇن ئاچقۇچنى قانداق تېپىشنى بىلمەي، قاتتىق سوغۇقتا تىترەپ تۇرۇپ قالدى، ئاخىر بېشى قايغان، پۈتى تايغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈردى، قويىنىغا سالغان خاسىيەتلىك نەرسىلەردىن ياردەم سوراشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇلاردىن پايدىلىنىش قېتىم سانى چەكلىك ئىدى.
شاھزادە نۇرئەزىز يەنە ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈردى، ئاخىر بىر قەدىمىي قەلئەگە دۈچ كەلدى، قەلئە ئېگىز تاغ ئۈستىدە، كۆل رەڭ تۇمانلار ئىچىدە تۇتۇقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
شاھزادە نۇرئەزىز شۇ تەرەپكە ماڭدى، بىراق قەلئە دەرۋازىسىغا يەتكۈچە يەنە ئۈچ كېچە -كۈندۈز يول يۈردى، قەلئە دەرۋازىسى تۆمۈردىن بولۇپ، داتلىشىپ، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.
شاھزادە نۇرئەزىز ئىتتىرىشىلا داتلىرى تۆكۈلۈپ، سەت غىچىرلاپ كەتتى، لېكىن ئېچىلمىدى، بەلكى زەئىپقىنا بىر سادا كەلدى:
— رەھىم قىلىپ ياغلاپ قويغىنا.
شاھزادە نۇرئەزىز قەلئە تېمىدىكى بىر تەكچىدە تۇرغان ياغ قۇتىسىنى كۆردى - دە، ئېلىپ ئىشىكنى مايلاپ قويدى، شۇ ھامان ئىشىك ۋالىلداپ پارقىراپ، يېپيېڭى ھالەتكە كېلىپ داغدام ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز دەرۋازىدىن كىرىپلا ئۈستىدىكى سارايغا چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنى، بىر ياندا ياتقان قارا ئىتنى كۆردى، ئىت غايەت زور ئىت بولسىمۇ، لېكىن بىر تېرە يېپىپ قويغان ئىسكىلىتقىلا ئوخشايتتى، كۆزلىرى نۇرسىز بولۇپ، جېنى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.
— ماڭا سۆڭەك بەر، — دېدى ئىت ھالسىزغىنە ھاۋشىپ.
شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭغا سۆڭەكنى نەدىن تېپىپ بېرىشنى بىلمەي

تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇياقتا، ئۇياقتا! — دېدى ئىت زەن قويمىسا ئاڭلىغىلى بولمىغۇدەك ھاۋشىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۆرۈلۈپلا تامدا بىر تال جاۋنى بارلىقىنى، جاۋەن قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، بىر قوزۇقتا ئاچقۇچ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپقا سالغان ھامان قۇلۇپ شالاققىدە ئېچىلىپ غايىب بولدى، جاۋەننىڭ ئىشىكمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، ئىچىدە ئادەمنىڭ يوتىسىدەك توم، ئۇزۇن - ئۇزۇن سۆڭەكلەر كۆرۈندى، بىرنەچچە سۆڭەكنى ئېلىپ، ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ئىت سۆڭەكلەرنى پۈتۈن - پۈتۈن يالماپ يۇتتى - دە، ئەتلىنىپ، تېتىكلىشىپ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ھەيۋەتلىك ئىتقا ئايلىنىپ، ئويناقشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەرھەمەت! — دېدى ئۇ ئەمدى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋازدا.

شاھزادە نۇرئەزىز پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ساراي ئىشىكى ئالدىغا باردى، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغان ئىككى ياساۋۇلنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ، بىرى گۇرزە تۇتۇپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى تاشقا ئايلانغان بولۇپ، تۇرغان يېرىدىن يۆتكەلمەسكە بېكىتىۋېتىلگەندى .

— بىزگە يېمەك - ئىچمەك بەر! — دېدى ئۇلار  زەئىپ ئاۋازدا.

شاھزادە نۇرئەزىز بىر چەتتە پەتنۇسقا قويۇلغان، قىزىرىپ پىشقان گىردە، يەنە بىر چەتتە كېزىلداپ قايناپ تۇرغان چاي چۆگۈنىنى كۆردى. لېكىن، ئاۋۇ بىچارىلەرنىڭ بولسا نە نانغا، نە چۆگۈنگە قولى يەتمەيتتى. ناننى پەتنۇس بىلەن ئەكېلىپ بەردى، چاينى چۆگۈن بىلەنلا سۇنۇپ بەردى، ئىسكىلىت ياساۋۇللار ناننى پۈتۈن - پۈتۈن ئاغزىغا سالدى، چاينى چۆگۈن بىلەنلا ئاغزىغا قۇيدى، ئاندىن كۆزلىرىدە نۇر، يۈزلىرىدە قىزىللىق جىلۋە قىلىپ زەبەردەس پالۋانلارغا ئايلاندى.

— مەرھەمەت! — دېدى ئۇلار ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ

ئېچىپ بېرىپ، ئىشىك ئىچلىغان ھامان پۇرۇلداپ چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكتىن كىرىپلا تاغدەك كىتاب دۆۋىسىگە دۇچ كەلدى، ئايلىنىپ كىتاب دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندە بولسا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، بار ئىشتىياقى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان كۆزئەينەكلىك بىر بوۋاينى كۆردى، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ۋە پاخپىيىپ كەتكەن، تېنى قورايدەك ئورۇق ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — سالام بەردى شاھزادە نۇرئەزىز تەۋەززۇ بىلەن.

ئەپسۇس، بوۋاي ئاڭلىمىغاندەك ھەم ئۇنى كۆرمىگەندەكلا كىتاب ئوقۇش بىلەن بولۇۋەردى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنى گاس بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا سالام بەردى، بوۋاي ئەمدى بىردىنلا چۆچۈپ، يەلتوپتەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى - دە، شاھزادە نۇرئەزىزغا كۆزئەينەك تېگىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— سەنمۇ بىر كىتابمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ياق، ئادەم ! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ياق! سۆزلىيەلەيدىغان كىتاب، — دېدى بوۋاي كاجلىق بىلەن.

— ياق! خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ئادەم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ئۇنداقتا سەنمۇ كىتاب ئوقۇ، — دېدى بوۋاي پەسكويغا چۈشۈپ، — ئۆمرۈڭ كىتاب ئوقۇش بىلەن مەنىلىك ئۆتىدۇ.

— توغرا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەنمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ خۇشاللىق بىلەن، — مەن بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇ، بۇيەردە جاھاندىكى بارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسى بار، ئۆتمۈشتە بولغانلىرىمۇ، ھازىر بارلىرىمۇ، كەلگۈسىدە بولىدىغانلىرىمۇ بار، سەن ئولتۇرۇپ ھېچ

ئش قىلماي ئوقۇ، جاھاندىكى ھەممە سىرلارنى چۈشىنىسەن، ھەممە بىلىمدە مۇكەممەل، ئالەمدە تەڭداشسىز دانىشمەن بولىسەن.

— مەن بۇ كىتابلارنى قاچانلاردا ئوقۇپ بولارمەن، — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— بىر ئۆمۈر ئوقۇ، — دېدى بوۋاي ھاياجان بىلەن، — خۇددى ماڭا ئوخشاش، مەن تۇغۇلۇپلا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدىم ھەم مانا ھازىرغىچە ئوقۇۋاتىمەن، تاكى ئۆلگۇچە ئوقۇيمەن، يەنە مۇشۇ كىتاب دۆۋىسىنى قەبرە قىلىپ ياتىمەن، ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ.

— بىراق، بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەجەبلىنىپ.

— نېمە پايدىسى دېدىڭما؟ — قايتۇرۇپ سورىدى بوۋاي يەنە بىرھازا ھاڭۇقىپ قالغاندىن كېيىن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك.

— شۇنداق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— سەن كىتاب ئوقۇشنىڭ قىممىتىنى تېخى بىلمەيسەن، — دەپ تووۋلاپ كەتتى بوۋاي غەزەپ بىلەن، — سەن مېنى ئورۇنسىز سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرلاپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلدىڭ. ئىست، كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلىدىغان بىرمۇنچە قىممەتلىك ۋاقتىم ئىسراپ بولدى، تېز يوقال، تېز!

— رەنجىمەڭ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەنمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، ئەگەر قارشى تۇرمىسىڭىز بۇ كىتابلاردىن بىرقانچىنى تاللىۋېلىپ ئالغاچ كەتسەم بولامدۇ؟ كېيىن ئارام تاپقاندا ئوقۇپ پايدىلىنارمەن.

— ياق! ياق! — كانىيى يىرتىلغۇدەك توۋلىدى بوۋاي، — بۇ كىتابلار، يەنە ئۇلار، بۇلار، يەنە ...... ئىشقىلىپ، ھەممىسى مېنىڭ قىممەتلىك بايلىقىم، بىرەر تالىنىمۇ، ھەتتا بىرەر ۋارىقىنىمۇ ئېلىپ كېتىشنى خام خىيال قىلما!

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ ئىشارەت قىلغان تەرەپلەرگە قارىدى، چاڭ - توزانلار خىلىلا بېسىۋېلىپ قالغاچقا، ئۇ ئەمدى ساراي ئىچىنىڭ گويا بىر چوڭ شەھەردەك چوڭلۇقىنى، ھەممە يېرىدە زىچ كىتاب ئىشكاپلىرى بار

بولۇپ، سان - ساناقسىز كىتابلار تىزىلغانلىقىنى كۆردى.
— بۇلار ھەممىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىتابلار، — دېدى بوۋاي يەنە قوشۇمچە قىلىپ، — بىرسىنىمۇ بۇ خەزىنىدىن ئاچىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئوقۇشقىلا روخسەت.
— توۋا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىنى باسالماي، — نېمانچە كۆپ كىتاب بۇ.
شۇ چاغ تۇيۇقسىز بىر كىتاب توۋلاپ كەتتى:
— مېنى قۇتقۇزۇۋال!! مېنىڭ بۇ كىتاب زىندانىدا تۇرغۇم يوق.
ئارقىدىنلا يەنە بىرمۇنچە كىتابلار سەكرىشىپ، توۋلىشىپ كەتتى:
— بىزنى قۇتقۇزۇۋال! بىزنى قۇتقۇزۇۋال!.......
بارا - بارا ھەممە كىتابلار ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈردى:
— بىزنى قۇتقۇزۇۋال!، بىزنى قۇتقۇزۇۋال!.......
ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىۋەتكۈدەك بولدى، ئۇ ئاخىر:
— ماقۇل! — دېيىشكە مەجبۇر بولدى، — لېكىن قانداق قۇتقۇزىمەن.
— ئىشىكنى ئېچىۋەت، ئىشىكنى ئېچىۋەت! — دەپ چۇرقىراشتى كىتابلار.
شاھزادە نۇرئەزىز ئالاقزادە بولۇپ، ئۆگسۆلى ئۆچۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، تېپىرلاپ قالغان بوۋايغا قاراپ قويۇپ، ئۆزى كىرگەندىن كېيىن ھىم يېپىلىپ قالغان ئىشىكنى ئېچىشقا ماڭدى.
— ئاچالمايسەن! — دېدى بوۋاي مەسخىرىلىك كۈلۈپ، شاھزادە نۇرئەزىز بېرىپ ئىشىكنى تارتتى، ئىتتىرىپمۇ باقتى، ئىشىك مىت قىلمىدى، ھېچقانداق قىلىپ ئاچالمىدى، ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ بوۋايغا شۇنداق دېدى:
— جاھاندا يەنە بىر كىتاب بارلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ چوقۇم سېنىڭ خەزىنەڭدە يوق.
— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى بوۋاي ئۆگۈپ - تاتىرىپ، ئاندىن ئۇ قوينىدىن بىر چوڭايتقۇچ ئەينەكنى چىقىرىپ قارىدى - دە، توۋلاپ

كەتتى.

— تـوغرا!! تـوغرا!! مەن ئۇنى كـۆردۈم، بـىر ئەمەس، تېخـى ئۈچكەن، يەنە تېخى بىرسى مۇشۇ يەردە، سېنىڭ قوينۇڭـدا ئىـكەن، مەن نېمىشقا بالدۇرراق بايقىمىدىم ـ هە.

شۇنداق دەپ ئۇ ئەينەكنى يەرگە ئۇرۇپلا چېقىۋەتتى، ئاندىن:

— بۇ ئۇنىڭغـا بېـرىلگەن جـازا، ئـۇ نېمىـشقا يەنە ئـۈچ كىتـاب بارلىقىنى بۇرۇنراق كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ،مەن هەممىگە ئېرىشىشىم كېـرەك ئىدى، ـــ دېدى زەردە بىلەن.

شاهزادە نۇرئەزىز:

— سەن ئۇنداق ئاچ كۆزلۈك قىلىساڭ بولمايـدۇ، ـــ دېـدى ـ دە، خاسىيەتلىك كىتابنى ئېلىش ئۈچۈن قوينىغا قول سالدى، بىـراق كىتاب ئورنىغا ئەڭگۈشتەر ئەينەك چىقتى.

— ساڭا نـېمە كېـرەك؟ ـــ سورىدى ئەينەكـتىن بېشى بـار، تېنى يوق، ئۇزۇن چاچلىق بىر جىن پەيدا بولۇپ.

— مەن بـۇ كىتـابلارنى ئـازاد قىلمـاقچى، ـــ دېـدى شـاهزادە نۇرئەزىز.

— بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ياردىمىم، ـــ دېدى جىـن، ئانـدىن ئـۇ ئاغزىنى يۇقىرىغا توغرىلاپ پۇۋلـىدى، شـۇهامان قـاتتىق شامال چىقىـپ، ساراي تورۇسىدىن توققۇز تۆشۈك ئېچىۋەتتى.

ساراي ئـىشكىمۇ جالاقىـدە ئېچىلىـپ كەتتـى، شـۇنىڭدىن كېـيىن جىـن غايىـب بولـدى، شـاهزادە نـۇرئەزىز ئەڭگۈشـتەر ئەينەكنـى قوينىغا سالدى، كىتابلار بولسا هەممىسى كەپتەرگە ئايلىنىپ، گۇرۇلدەپ ئۇچـۇپ كېتىــشكە باشــلىدى، بــوۋاي ئــۇلارنى تۇتۇۋالمـاقچى بولـۇپ كىتابلارغـا ئېسىلدى، لېكىن مىڭلىغـان، مىليونلىغـان كىتـابلاردىن بىرنىمۇ ئېلىـپ قالالمىدى، ئاخىر كىتابلار هەممىسى غايىب بولدى.

بوۋاي ئەمدى غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىـپ، چانىقىـدىن ئېتىلىـپ چىققۇدەك بولدى ـ دە، بـىردىنلا ئارىـدەك قـوللىرىنى سوزۇپ، شـاهزادە نۇرئەزىزغا ئېتىلدى هەم:

— خەپ، گۆشۈڭنى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن يېۋەتمىسەم،ـــ

دەپ توۋلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشنى خالىماي، كەينىگە قاچتى، بوۋاي توۋلاپ كەتتى:

— ياشاۋۇللىرىم، ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنى تۇتۇڭلار!

— ياق! ياق! — دېيىشتى ئىشىك تۈۋىدىكى ياساۋۇللار، — سەن كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ، بىزنى ئاچ قويغىلى 100 يىل بولغاندۇ، ئۇ بىزنى تويغۇزدى، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردى، ئەمدى ساڭا بويسۇنمايمىز، تېز قاچ يىگىت، تېز قاچ!

شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكتىن چىقىپلا ئۆزىنى پەلەمپەيگە ئاتتى.

— ئۇنى تۇتۇۋال ئىتىم، ئۇنى تۇتۇۋال! — دەپ توۋلىدى بوۋاي قوغلاپ چىقىپ.

— ياق، ياق! — دېدى گىگانت ئىت، — سەن مېنى 100 يىل ئاچ قويدۇڭ، ئۇ كېلىپلا ماڭا سۆڭەك بەردى، ئەمدى ساڭا بويسۇنمايمەن، تېز قاچ يىگىت، تېز قاچ!

شاھزادە نۇرئەزىز پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ دەرۋازىغا يۈگۈردى، دەرۋازا داغدام ئېچىلدى.

— ئۇنى توسۇۋال دەرۋازام، ئۇنى توسۇۋال! — دەپ توۋلىدى بوۋاي قەلئە دەرۋازىسىغا.

— ياق، ياق! — دېدى دەرۋازا غەزەپلىك سادا چىقىرىپ، — سەن مېنى يۈز يىلغىچمۇ بىرەر قېتىم ياغلاپ قويمىدىڭ، ئۇ كېلىپلا ياغلاپ قويدى، ئەمدى سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمايمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ كەتكەن ھامان، دەرۋازا قوغلاپ كەلگەن بوۋاينىڭ يۈزىگىلا يېپىلدى، شۇ ھامان ئىچىدىن بوۋاينىڭ نالە - پەريادى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى، گۈرزىنىڭ ئۇرۇلغىنى، قىلىچنىڭ چېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، بوۋاينىڭ زۇۋانى ئۆچتى.

— بۇياققا ماڭ، — دېدى دەرۋازا شۇ چاغ بىر قانىتى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېنىس - جىنسىز، ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىللەرنى بېسىپ، توختىماي مېڭىپ، ئاخىر بىر گۈمبەزگە دۈچ كەلدى، گۈمبەزنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، بىر كىشى ئوتدانىنى چۇخچىلاپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — گۈمبەزگە كىرىپلا سالام بەردى شاھزادە نۇر ئەزىز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى ھېلىقى كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سالىمىڭ بولمىغىنىدا كاۋاپ قىلىپ يېۋېتەتتىم، بۇ يەرگە قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ؟

تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— بۇ يەردە قىش - زىمىستاندىن باشقا پەسىل بولمايدۇ، ئەگەر ماڭا باشقا پەسىللەرنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى كۆرسىتىپ قويالىساڭ مەن ساڭا ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىپ بېرىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— ھازىرلا كۆرسىتەي، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، ئاندىن قوينىدىن چېچەكلىگەن شاپتۇل شېخىنى ئېلىپ تاشلىدى، شۇ ھامان گۈمبەزنىڭ بىر تەرىپىدە باھار شامىلى غۇرقىراپ، جۇت - شىۋىرغاننى قوغلىدى، ھاۋا ئىسسىپ يەر يۈزىدىن ياپيېشىل زەل- زىرائەتلەر، گۈل- گىياھلار بىخ سۈرۈپ چىقتى، كۆچەتلەر پەيدا بولۇپ، كۆكلەپ، ھۆپپىدە چېچەكلىدى، قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى، قار - مۇزلار ئېرىپ، ئېقىنلار ئۇيناقشىپ ئاقتى. ناھايىتى تېزلا گۈزەل باھار مەنزىرىسى زاھىر بولدى.

— بۇ ئۇرۇقنى تېرىغىن، — دېدى ھېلىقى كىشى بىر تال ئالتۇن رەڭلىك داننى بېرىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇرۇقنى تېرىماقچى بولغانىدى، شۇ ھامان تاغدەك بەستلىك كالا بىلەن ئالتۇندىن سوقۇلغاندەك ۋاللداپ تۇرىدىغان ساپان پەيدا بولدى، ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ يەرنى ھەيدىمەكچى بولدى، بىراق يەر چويۇندەك قاتتىق بولۇپ، ھەيدەش ئۈچۈن خېلى جاپا تارتىشقا توغرا كەلدى، پەقەت پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر تۆكۈلگەندىن كېيىنلا

يەر يۈمشاپ ئاغدۇرۇلدى، تېرىلغان ئۇرۇقمۇ هايالسىزلا يېشىل زۇمرەتتەك بىخ سۈرۈپ چىقتى.

— ئەمدى ماڭا يەنە بىر پەسىلنى كۆرسەت، — دېدى هېلىقى كىشى.

شاهزادە نۇرئەزىز قوينىدىن ئالتۇن باشاقنى ئېلىپ تاشلىدى، شۇئان چېچەكلەر تۆكۈلۈپ، ئورنىدا مېۋىلەر پەيدا بولدى، گۈل - گىياهلار پورەكلەپ ئېچىلدى، كېپىنەكلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئورۇۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلىق بوغدايزارلىق سەلكىن شامالدا چايقىلىشقا باشلىدى، قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋاسى ئەۋجىگە چىقتى، باهاردا بىخ سۈرگەن مايسا هەم ئادەم بويى ئۆسۈپ، ئۇچىدا ئۇرچۇقتەك بىر تاللا دان تۇتتى.

— ئەمدى يەنە بىر پەسىلنى كۆرسەت، — دېدى هېلىقى كىشى خۇرسەنلىك بىلەن.

شاهزادە نۇرئەزىز ئالتۇن رەڭلىك غازاڭنى تاشلىدى، شۇ هامان دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ، كۈزلۈك مېۋىلەر ۋايىغا يېتىپ پىشىپ، يىغىۋالغۇدەك بولدى، هاۋا سۆرۈنلەشتى، هەممە يەردە ئالتۇن رەڭ جىلۋە قىلىشقا باشلىدى، يازدا دان تۇتقان هېلىقى مايسىمۇ ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ، دېنى قۇچاق يەتمىگۈدەك يوغىنىدى - دە، ئارقىدىنلا ۋاققىدە يېرىلىپ، بىر چوڭ ئالتۇن ئاچقۇچ چىقتى.

— يەنە بىر پەسىلنى كۆرگۈڭىز بارمۇ؟ — سورىدى شاهزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى تۇتۇۋېلىپ.

— ياق! — دېدى هېلىقى كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — شۇ تاپتا تۆت پەسىلنىڭ هەممىسى تەل بولدى .

شاهزادە نۇرئەزىز شۇ چاغ گۈمبەزنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئىقلىمنىڭ تۆتكە بۆلۈنگىنىنى، بىر بۆلۈكى ئەتىياز، بىر بۆلۈكى ياز، بىر بۆلۈكى كۈز، بىر بۆلۈكى قىش پەسلى ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— ئالتۇن ئاچقۇچ سېنى مەنزىلىڭگە يەتكۈزىدۇ، — دېدى هېلىقى كىشى، — ئەمدى ئۇنىڭغا مىنىۋال.

شاهزادە نۇرئەزىز خۇشاللىق بىلەن ئالتۇن ئاچقۇچنى ئات قىلىپ

مندى، ئالتۇن ئاچقۇچ ئاقار يولتۇزدەك تېزلىكتە ئۇچۇپ كەتتى.
قانچىلىك ۋاقىت ئۇچقىنى، قانچىلىك مۇساپە باسقىنى نامەلۇم، بىر چاغدا ئاسماندىكى بۇلۇت - تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتتى، ئاندىن بىر ئالتۇن ئىشىككە دۇچ كەلدى، ئالتۇن ئىشىك بۇلۇتلار ئۈستىدە تۇراتتى ھەم ئالتۇن ئاچقۇچ يېقىنلىغان ھامان ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى، ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولسا غايىب بولدى.
ئۈچ باشلىق شىر تېخىغىچە سارايدا ئىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ ئەسلىگە كەلمىگىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ مەيۈسلەندى.
— تېز بول! بۇيەردىن چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئالتۇن ئاچقۇچ بىردىنلا تىلغا كىرىپ.
— بىراق، دوستۇمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
— تېز چىقىپ كەتمىسەك ئۆلگۈرەلمەيمىز، — دېدى ئالتۇن ئاچقۇچ تاقەتسىزلىنىپ.
— ئۇنى كۆتۈرۈپ بولسىمۇ ئەچىقىپ كېتىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كۆتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ باشلىق شىرنى قۇچاقلىدى، ئۈچ باشلىق شىردىن شۇ ھامان بىر ھور كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلىگە كەلدى.
— رەھمەت دوستۇم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئويناقشىپ، — دوستلۇق مېھرىڭ مېنى ئېرىتتى.
— تېز ماڭايلى! — دېدى ئالتۇن ئاچقۇچ يەنە، — ئەمدى شىرىڭغا مىنىپ ماڭا ئەگىشىپ ئۇچ.
شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى، ئالتۇن ئاچقۇچ تامغا قاراپ ئۇچتى، تام قاراسلاپ يېرىلىپ چوڭ بىر يوچۇق ئېچىلدى، ئۇلار چىقىپ بولغان ھامان يەنە ھىملىشىپ، ئەسلىگە كېلىپ قالدى.
تېز كېتىڭلار! — دېدى ئالتۇن ئاچقۇچ.
ئۈچ باشلىق شىر دەرھال شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ ئۇچۇپ

كەتتى، ئالتۇن ئاچقۇچ گىگانت پەرىزاتنىڭ ئوق تېشىپ كىرىپ كەتكەن خالىغا بېرىپ سانجىلدى، شۇھامان دەھشەتلىك سادا ياڭراپ، گىگانت پەرىزات بىر يالماۋۇزغا ئايلاندى - دە، ئاغزىدىن، بۇرنىدىن، كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ، تىلسىم تەخسە يۈزى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، ئوت يالقۇنلىرى شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىرنى قوغلىدى، ئۈچ باشلىق شىر سۇ پۈركۈدى، كار قىلمىدى، نائىلاج بار كۈچىنى يىغىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچتى، ئوت يالقۇنلىرى يېتىشۋالاي دېگەندە، تۆۋەندىن غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تىلسىم تەخسە ئىس - تۈتەككە ئايلىنىپ كەتتى، ئارقىدىنلا غايەت زور بىر گىگانت قول يىلاندەك سوزۇلۇپ كەلدى، ئەمما ئۇلارنى تۇتۇۋالالماي ئۈزۈلۈپ چۈشتى - دە، سانسىزلىغان ئۇچقۇنغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! تۆتىنچى تىلسىمنى بويسۇندۇردىڭىز، — دېگەن سادا كەلدى بوشلۇقتىن.

— يەنە ئۈچى قالدى - ھە؟! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ھەممىدە مېنى ئاۋۋال پالاكەت بېسىۋاتىدۇ.

## توققۇزىنچى باب

# جاندىن كەچمگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە جاھاننى قاراڭغۇلۇق ۋە چاڭ - توزان قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى، بوران ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچۇرمايلا قالماي يەنە ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ، پىرقىرىتىپ يۇردى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مەھكەم يېپىشۋالدى.

شۇ ھالدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتتى، بوران تىنچىماقتا يوق، بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاخىر شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىدىن غوڭقا پەرى چىقىپ ئارامبەخش بىر كۈي ياڭراتقاندى، بوران تىنچىدى، ھاۋا سۈزۈلۈپ، ئاسمان يۈزى ۋاللىدە ئېچىلدى، غوڭقا پەرى يەنە شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى بەشىنچى تىلسىم تەخسە ئاستىدا ئۆزگە مەسخىرىلىك قاراپ تۇرغان بىر چىرايىنى كۆردى، بىراق ئۇ بىر يالماۋۇزنىڭ گەۋدىسىدىن ئايرىلغان بېشى ئىدى.

ئۈچ باشلىق شىر داۋاملىق يۇقىرىغا ئۆرلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئوقياسىنى بەتلەپ، يالماۋۇز بېشىنى ئېتىشقا تەييارلاندى، بىراق يالماۋۇز بېشى پەرۋا قىلماستىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، شۇ ھامان ھاۋادا ئوت ئەجدىھالار پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا خىرىس قىلدى، ئۈچ باشلىق شىر ئاغزىدىن سۇ پۈركۈدى، ئوت ئەجدىھالار سۇغا يولۇقۇپلا غايىب بولدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئوقنى قويۇۋەتتى، تىلىدا توختىماي ئىسمىئەزەمنى زىكرى قىلدى، ئوق ۋىژىلداپ بارغانچە يالماۋۇز بېشىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەتتى، شۇ ھامان يالماۋۇز بېشى قاپقارا تۈتەك-تۇمان بولۇپ تارالدى، ئارقىدىنلا يىغلىپ بىر قارا ئەجدىھاغا ئايلاندى-دە،

شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۈچۈپ كەلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، ئەمما قىلىچ ئۇرغۇچە ئەجدىھا بىردىنلا ئاكىسى شاھزادە نۇرمۇھەممەتنىڭ شەكلىگە كىرىپ قالدى، شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى تارتىۋالدى، شۇ پۇرسەتتە شاھزادە نۇرمۇھەممەتنىڭ شەكلىدىن سادا كەلدى:

— قەدىرلىك ئىنىم، مېنى قۇتقۇزۇۋال، تېز بول، مېنى شىرنىڭغا مىندۇرۇۋال!

شاھزادە نۇرئەزىز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاڭغۇچە ئۈچ باشلىق شىر بىر بېشىدىن شامال چىقاردى، شاھزادە نۇرمۇھەممەتنىڭ شەكلى تۇتەك بولۇپ تاراپ كەتتى.

— ھاماقەت! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بۇ يەردە ئاكاڭ نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇ دېگەن يالماۋۇزنىڭ سېھرىدىن پەيدا بولغان بىر كۆرۈنۈش، ئالدىنىپ قالما.

ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ ئۈچۈپ، ھېلىلا تاراپ كەتكەن تۇتەك - تۇمانلار يىغىلىپ ھاسىل قىلغان يالماۋۇز بېشىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بەشىنچى تىلسىم تەخسە يۇزىگە قوندى، ئۇنىڭ پۇتلىرى تىلسىم تەخسە يۈزىگە تەگكەن ھامان، قوغلاپ كېلىۋاتقان يالماۋۇز بېشى قاتتىق ئاھ تارتىپ، بىر ئوت ئىچىدە قالدى-دە، تېزلا كۈل بولۇپ توزۇپ كەتتى، ئەمما ئۈچ باشلىق شىرنىمۇ قاتتىق مۈگە بېسىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى، تېزلا ئۈچ بېشىدا ئۈچ خىل خورەك تارتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز تىلسىم تەخسە يۈزىگە نەزەر سالدى، نېرىدىكى غايەت زور تاش سۇپىدا بىر گىگانت ئادەم كېرىلىپ ئەسنەۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرنى تۇرتۇپ باقتى، تۇۋلاپ باقتى، مويىدىن تارتىپ باقتى، ئويغىتالمىدى، ئۇنىڭ سېھىرلىك ئۇيقۇغا غەرق بولغىنى ئايان بولدى.

ئەمدى ھېلىقى گىگانت ئادەم ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تاش سۇپا ئۈستىدە يانپاشلاپ، كۆزىنى يۇمدى - دە، خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا

چۈشتى. ئۇ ھەرقېتىم خورەك تارتقاندا تىلسىم تەخسە تەۋرەپ ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئۆگتۈرۈلگەندەك دەھشەتلىك سادالار ياڭراپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، بۇرنىدىن ئۇشقىرتىپ قارا قۇيۇن چىقتى.

شاھزادە نۇرئەزىز تۇرۇۋەرسە چاقماق زەربىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال قويىنىغا قول سېلىپ، خاسىيەتلىك كىتابنى ئالدى. كىتابتىن: «ۋىژ - ۋىژ» قىلغان ئاۋاز چىقتى، ئارقىدىنلا كىتاب شاراق - شۇرۇق ۋاراقلىنىپ، تۆت بېتى ئۆرۈلۈپ، بەشىنچى بېتىدە ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئويناۋاتقان بىر قورچاق كۆرۈندى.

— ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى قورچاق ئىلەڭگۈچ ئۇچقاچ، — ھېلىلا ئويغانغۇدەك، ئەگەر ئويغانسا ساڭا خەۋپ يېتىدۇ، تاش سۇپىغا بارغىن، گىگانت ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگىن، ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپقىن، ئاندىن...... مەن ساڭا شۇنچىلىكلا ياردەم قىلالىغۇدەكمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ پۈۋلەپ قويۇۋىدى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ئالدىدا قويدەك بىر ئاق بۇلۇت پەيدا بولدى.

— خەير - خوش! — دېدى قورچاق قىز، — بۇلۇتقا مىنگىن، ئۇ سېنى تاش سۇپىغا ئاپىرىپ قويىسۇن.

خاسىيەتلىك كىتاب يېپىلىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئاق بۇلۇتقا مىندى، ئاق بۇلۇت ئۇنى تىنىچ - ئامان تاش سۇپىغا يەتكۈزۈپ قويۇپلا غايىب بولدى.

ئەمدى گىگانت ئادەمنىڭ خورىكى پەسلەشكە باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز گىگانت ئادەمنىڭ قارنىغا قانداق كىرىشنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىرقېتىم چۆرگۈلەپ چىقتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىلا كىرىش ئىشىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئاندىن گىگانت ئادەمنىڭ گۇمبەزدەك بېشىغا يامىشىپ يۇرۇپ، ئاغزىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى، شۇ چاغ گىگانت ئادەم ئۆرە بولۇپ ئەسنىگەنىدى، ئەسنەك بىلەن تەڭ ئىچىدىن كۈچلۈك شامال چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ بىر چىشىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ ئامان قالدى. گىگانت ئادەم ئەمدى ئۇنى

چاينىۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۇنىڭ چىشىنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋېلىپ ئامان قالدى، گىگانت ئادەم چىشىنى ئەمدى بىلەكتەك توملۇقتىكى ئۇچلانغان پولات كالتەك بىلەن كوچىلاشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ ئۆزىگە كار قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىمالال تۇرۇۋەردى؛ ئاخىر پولات كالتەكنىڭ نەيزىدەك ئۇچى شاھزادە نۇرئەزىزنى زەخىملەندۈرمەستىن، بەلكى تېيىلىپ كېتىپ، چىش يىلتىزى تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويدى، تۆشۈك شاھزادە نۇرئەزىزنى سۈمۈرۈۋالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئۆزىنى ھاۋادا لەيلەپ، تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، تۆۋەندە بولسا لاۋا قايناۋاتاتتى.

— ئۆلىدىغان ۋاقتىم بولدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ، — كاشكى ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىش نېسىپ بولغان بولسىچۇ.

— ۋاز كەچكىن! — كىمدۇر بىرى شۇنداق دېدى، — سېنى ئاپەتتىن خالاس قىلىمەن.

نېمىدىن؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز تېڭىرقاپ.

— مەھبۇبەڭدىن! — شۇنداق سادا كەلدى بوشلۇقتىن.

— ياق! — دېدى ئۇ تۆۋەنگە قاراپ قويۇپ، — يۈرىكىمدىكى ئىشىق ئوتى ئالدىدا ئۇ ھېچنېمە ئەمەس.

— ۋاز كەچكىن! — دېدى ھېلىقى گەپ قىلغۇچى يەنە.

— نېمىدىن؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— قېرىنداشلىرىڭدىن، — شۇنداق سادا كەلدى بوشلۇقتىن، — ئۇلار سەن ئۈچۈن قۇربان بولسۇن.

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇلار مېنىڭ جان- جىگەرلىرىم، كىممۇ ئۆز جىگىرىنى ئوتقا تاشلىسۇن.

— ۋاز كەچكىن! — شۇنداق سادا كەلدى يەنە بوغۇققىنە، — ۋەتىنىڭ سەن ئۈچۈن شۇ ئوتتا خاراب بولسۇن .

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قەتئىيلىك بىلەن،— ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ لاۋادا مەن كۆيەي، سەن مېنى ئۆز باغرىدا چوڭ قىلغان ئاشۇ ئەزىز ۋەتىنىمگە ۋاپاسىزلىق قىلدۇرماقچىمۇ؟

— ۋاز كەچكىن! — بىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى نالىسى ئاڭلاندى يەنە، — دوستلىرىڭ بۇ ئوتتا سەن ئۈچۈن كۆيسۇن.

— جۆيلىمە! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، — بەلكى مەن ئۇلار ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىمەن.

قىپقىزىل لاۋادىن كۆتۈرۈلگەن زەھەرلىك قىزىق ھور ئۇنىڭ دىماقلىرىنى ئېچىشتۇردى، كۆزلىرىنى قان قۇيۇلغاندەك قىزارتىۋەتتى، نەپىسىنى سىقتى، ئوت يالقۇنلىرى تاپانلىرىنى يالاشقا باشلىدى، ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى.

— ۋاز كەچكىن، ۋاز كەچكىن، ۋاز كەچكىن! — دېگەن سادا قۇلاق تۈۋىدە بارغانسېرى ياڭراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، لېكىن:

— ئەلھۆكمىلىللا! ھاياتىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ ئىچىدە شىۋىرلاپ.

بىراق، ئاقىۋەت ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى، چۈنكى پۇتلىرى پىتىقلاپ قايناۋاتقان لاۋاغا ئەمەس، بىر چىمەنزارلىق تۇپراققا تەگكەنىدى. بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە ھەرقانچە تەرىپ - تەۋسىپمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغان بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىز «بەلكىم ئەرۋاھقا ئايلىنىپ جەننەتكە كىرىپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. ۋولقان ئېغىزى قانداقسىگە بىر جەننەت مىسالى باغۇبوستانلىققا ئايلىنىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى.

ئۇ باغنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى، تاۋاقتەك - تاۋاقتەك پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەردىن ئۇنى كۆرۈپلا قاقاقلاپ كۈلگەندەك شوخ كۈلكە ساداسى ياڭراپ كەتتى، يولۇققان سۈزۈك بۇلاقلارمۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى، يوپۇرماقلاردا لىغىرلاپ تۇرغان شەبنەملەردىمۇ كۈلۈۋاتقان چىرايلار جىلۋە قىلدى، ھەممە نەرسىلەر كۈلۈۋاتقاندەك بىر ھالەت پەيدا بولدى، شاھزادە نۇرئەزىزمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، كۈلكىسى ئىچ - ئىچىدىن توختاۋسىز قايناپ چىقاتتى ۋە ھەممىسىدىن ئۇنىڭ كۈلكىسى ياڭراق ئىدى.

ئۇ كۈلكىسىنى توختىتالماي تۇرغىنىدا، يەردىن ئۈنگەندەكلا،

ئالدىدا ئاي ۋە كۈن بىلەن ھۆسن تالاشقۇدەك چېھرى نۇرانە بىر پەرىزات پەيدا بولدى ـ دە، ئارامبەخش مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— مەرھابا! شاھزادە، شوخ كۆلكىڭىز مېسكىن دىلىمغا شادلىق بېغىشلىدى، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىدىم.

— رەھمەت ئېيتىش ھاجەتسىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ، — مەن پەقەت بۇ يەردىكى مەۋجۇداتلارنىڭ كۆلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلدۈم شۇ، ئەگەر ماڭا شۇ تاپتا قەيەرگە كېپقالغىنىمنى، ئالتۇن ئاچقۇچنى قەيەردىن، قانداق قىلسام تاپالايدىغىنىمنى ئېيتىپ بەرسىڭىز تولىمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتىم.

— شۇ تاپتا گۈلىستانى ئىرەمدە تۇرۇۋاتىسىز،— دېدى پەرىزات،— بۇ يەر كىشىلىك دۇنيانىڭ ئازاب ـ كۈلپەت، رەنج ـ مۇشەققەتلىرىدىن خالىي، راھەتبەخش ئارامگاھ، شۇڭىنىسى بۇلارغا مەن بىلەن ئۇرتاق بولىدىغان بىرى يوق، ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىش ئۈچۈن بولسا ھەرقەدەمدە جانغا زامىن بولغۇچى خەتەر ـ مۇشكۈلاتلارغا دۇچ كېلىسىز، گويا جەننەتنى تاشلاپ، دوزاخقا مەھكۇم بولغاندەك بولىسىز، خالىسىڭىز ئالتۇن ئاچقۇچ كويىدىن ۋاز كېچىڭ، گۈلىستانى ئىرەمنىڭ شاھى سۇلتانى بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتكە مەن بىلەن ھەمشېرىك بولۇڭ.

— ئەپسۇس! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ھەرقانچە رەنج ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ كۈلپەتلەرگە ئۇچرىسامۇ ئەقىدە قىلغان، ياخشى كۆرگەنلىرىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن، كۆزلىگەن نىشانىمغا يەتمىگۈچە توختىمايمەن، سىزنى نائۈمىد قويغىنىمدىن خىجىلمەن.

— ئەجەبا مەن سىز ئىرىشمەكچى بولغان مەھبۇبىڭىزدەك گۈزەل ئەمەسمۇ، ئەجەبا گۈلىستانى ئىرەم سىز يەتمەكچى بولغان نىشانىڭىزدەك ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ — دېدى پەرىزات، — سىز تېخى ئۇنىڭ ئىچىنى تولۇق ئارىلاپ چىقمىدىڭىز، تېخىمۇ گۈزەل، ئاۋات يەرلىرىنى كۆرمىدىڭىز، ئەگەر ھۆكۈمرانلىق تاج ـ تەختى كېرەك بولسا گۈلىستانى ئىرەمگە شاھ قىلاي، ئۆز قەلبىمگە سۇلتان قىلاي، ھەرقانداق پەرمانىڭىزنى بەجانىدىل ئورۇنلاي.

— سىز بەك گۈزەل، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — لېكىن ئۆزۈم سۆيگەن مەھبۇبەم سىزدىنمۇ گۈزەل، مەن ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىپ تىلسىمنى بويسۇندۇرماقچى، چۈنكى ئۇ مەھبۇبەمنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى، ئۇنى يورۇق ئالەمدىن ئايرىدى، ئازاب - كۈلپەتلەرگە غەرق قىلدى، ئۇنى قۇتقۇزىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن، ئەجەبا سىز مېنى ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلىشقا ئۈندەمەكچىمۇ،خەتەر- مۈشكۈلاتلاردىن قورقۇپ، راھەت - پاراغەت كويىدا ئۆز مەھبۇبەمدىن كەچكەن بىر بىۋاپا، نامەردنى ياخشى كۆرەرسىزمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى پەرىزات كۈلۈمسىرەپ، — ئىرادىڭىزنى سىناپ باقتىم، قايناپ تۇرغان لاۋاغا دۇچ كەلگەندە بوشىشىپ كەتمىگەن قەتئىي ئىرادىڭىزنىڭ، تاسادىپىي دۇچ كەلگەن بەخت - ئامەت ئالدىدا بوشىشىپ كېتىش - كەتمەسلىكىڭىزنى بىلمەكچى بولدۇم. بېرىڭ، ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىڭ، ھەممە تىلسىمنى بويسۇندۇرۇپ، مەھبۇبىڭىزنى تېپىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.«جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، ئەمدى يولىڭىز خەتەرگە تولغان، لېكىن قەيسەرلىكىڭىز بىلەن ھەممە مۈشكۈل - خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل، ئەمدى سىزنى يولغا سېلىپ قوياي.

ئۇ شۇنداق دەپ قولىدا بىر پەي يەلپۈگۈچ پەيدا قىلىپ يەلپۈدى، بىر قارا قۇيۇن چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى «خوش» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرتمەي پىرقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ، ئاسمان قەرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن يىراق - يىراقلارغا ئىرغىتىپ تاشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز پولاتتىن قۇيۇلغان بىر ئېگىز سېپىل ئىچىگە چۈشتى.

ئورنىدىن تۇرغىنىدا تۇپرىقى قارا چويۇندەك، ھەممە يېرىدىن ئىس- تۈتەك پۇرقىراپ تۇرغان، گاھ ئۇ يەر، گاھ بۇيەردە ئوت يېنىپ، گاھى يەرلەردىن ۋولقان ئېتىلىپ، يەنە بەزى جايلىرىدا بۇلاق ئورنىدا زەرداب قايناپ چىقىۋاتقان، ئاسمىنى بولسا قارامتۇل كۈل رەڭ بىر مۇدھىش ئىقلىمنى كۆردى، گويا جەھەننەمگە كىرىپ قالغاندەكلا ھېس

قىلدى.

شۇ چاغ تۇيۇقسىز ئۈستىدىن نېمىنىڭدۇر غارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈشى ئاسماندىن ئۆزىگە چاڭگال سوزۇپ، شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان بىر قاناتلىق ئەجدىھانى كۆردى، دەرھال قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئەجدىھانىڭ بېشىنى ئۈزدى، ھايالسىزلا ھەرتەرەپتىن نەچچە ئونلاپ ئۇچار ئەجدىھالار ئۇچۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى زىڭىلدىتىۋەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ ئۇلارنى ئېتىشقا باشلىدى، ئاخىرى ھەممىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ ئارام تاپتى، ئوقدانىدىن بىر تال ئوق ئالسا يەنە بىر تال پەيدا بولۇپ تۇردى. ئەمما، ئاسماندىكى ئاپەتنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشىغا، زېمىن يۈزىدىن يەنە ئاپەت يۈزلەندى، بىر تەرەپتىن ئاتلارنىڭ كىشنىشىغا، كالىلارنىڭ مۆرىشى، يولۋاسلارنىڭ ھۆركىرىشى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى، توڭگۇزلارنىڭ خورتۇلداشلىرىدەك خىلمۇخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قىيقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، دۈپۈر - دۈپۈر، گۈلدۈر - غالاپ، تاراق - تۇرۇقلار زېمىننى تىترىتىپ، ئالەمنى لەرزىگە سېلىپ، بىر مانان كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا مانان ئىچىدىن ئات باشلىق، كالا باشلىق، يولۋاس باشلىق، بۆرە باشلىق، توڭگۇز باشلىق ۋە باشقا خىلدىكى خىلمۇخىل ھايۋان باشلىق، ئادەم تەنلىك، تۆمۈر تىرناقلىق غەلىتە مەخلۇقلار چىقىپ كەلدى، ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن ئۇچار ئەجدىھا تاپلىرىنى ھايالسىزلا خامتالاش قىلىپ، سۆڭەكلىرىنىمۇ قويماي پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇپ، ئاندىن شاھزادە نۇرئەزىزگە خىرىس قىلىشتى، لېكىن يەنە نېمىدىندۇر بېشارەت ئالغاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇپ كېتىشتى - دە، بىردىنلا چاپراقشىپ قېچىشتى، شاھزادە نۇرئەزىز ھەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىشىغا نېمە سەۋەب بولغىنىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز زېمىن تەۋرەپ، نەچچە يېرىدىن چاك كېتىپ، يېرىلىپ، تۈتەك - تۇمانلار كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا تۈتەك - تۇمانلار ئىچىدىن بويى ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەك ئېگىز، قولىدا گۈمبەزدەك يوغان بىر چوماق بار، تېنى چويۇندىن قۇيۇلغاندەك بىر قارا دىۋە چىقىپ كەلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭغا روبورو تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى، ئەمما قىچىشمۇ ئۇنىڭغا خېلى تەسكە چۈشتى.

دىۋە بولسا ھېلىلا ئالدىدىن قاچقان غەلىتە مەخلۇقلارغا چاڭگال سوزۇپ، ھەرقولىدا نەچچە ئونىنى بىرلا سىقىملاپ ئالدى ـ دە، دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدەك ئاغزىغا تىقتى. شاھزادە نۇرئەزىزنى كۆرمىدىمۇ ياكى ئۇنى بەك كىچىك كۆردىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى قوغلىمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئۇچرىغان ۋولقان ۋە ئوت ئازگاللىرىدىن پۇتلۇن تېنى چوغلانغان، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىنمۇ ئوت يېنىپ تۇرىدىغان مەخلۇقلارنىڭ بېشىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىچىنى قولىغا ئالدى، شۇ چاغ ھېلىقى ئوت تەنلىك مەخلۇقلاردىن سىياقى كىچىك دىۋىگىلا ئوخشايدىغان بىرى تۇيۇقسىز سەكرەپ چىقىپ، شۇنداق دېدى:

— ئەي ئادەمزات، بىزدىن خەۋپسىرىمە، بەلكى بىز سەندىن ئۇركۈپ تۇرىمىز، چۈنكى ۋۇجۇدۇڭدا تۈگىمەس كۈچ، ئۇرغۇپ تۇرغان شىجائەت ۋە قىلىچىڭدا بىر خاسىيەت بولمىسا بۇ يەرلەردە تىنچ ـ ئامان يۈرەلمەيتتىڭ، بىزگە زىيان يەتكۈزمىگەيسەن.

— توغرا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — كۈچ ـ غەيرىتىم، شىجائىتىمگە، قىلىچىمغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ، لېكىن غەلىتە مەخلۇقلاردىن خەۋپسىرەش بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى، سىلەر ماڭا خىرىس قىلمىساڭلارلا، مەن سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيمەن.

— ئۇنداقتا يول بولسۇن، — دېدى ئوت تەنلىك دىۋە، — ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن.

— بىراق مەن ياردىمىڭلارغا موھتاج، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز،— ماڭا ئالتۇن ئاچقۇچ ھەققىدە بىرنەرسە دەپ بېرەلەمسىلەركىن.

— دەپ بېرىپلا قالماي، ساڭا بىر ئالتۇن ئاچقۇچ سوقۇپمۇ بېرىمىز، — دېدى ئوت تەنلىك دىۋە، — بىراق، سەنمۇ بىزنىڭ

بەدىلىگە بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك.

— قولۇمدىن كەلسىلا دېگىنىڭلارنى قىلىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بىراق ماڭا كېرىكى تىلسىمنى بويسۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچ، بۇنى بىلىشىڭلار كېرەك.

— ئەلۋەتتە! — دېدى بېشى ئۆچكىگە، تېنى دېۋىگە ئوخشايدىغان، تۈك - ساقاللىرى ئورنىدا ئوت يالقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇرىدىغان يەنە بىر غەلىتە مەخلۇق پەيدا بولۇپ، — بىز ساڭا تىلسىم ئاچقۇچنى ياساپ بېرىمىز، سەن بەشىنچى تىلسىم تەخىسنى ۋەيران قىلىسەن، شۇ ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ بەدىلىگە سەن بايا كۆرگەن چويۇن تەنلىك دېۋىنى يوقىتىپ بېرىشىڭ كېرەك، بىز بۇ ئىقلىمدا شۇنىڭدىنلا قورقىمىز، چۈنكى ئۇنىڭ تېنىگە ئوت كار قىلمايدۇ، ۋولقانلارغا خۇددى سۇ كۆلچىكىگە چۈشكەندەك چۈشۈۋېرىدۇ، قېرىنداشلىرىمىزنى ۋولقانلاردىن ياكى ئوت ئازگاللىرىدىن بېلىق تۇتقاندەكلا پىلتىڭلىتىپ تۇتۇۋېلىپ، نالە - زارىغا قارىماي ئاغزىغا تىقىدۇ، ئوتتىن يارالغان تېنىمىز ئۇنىڭغا گويا قەنتتەك بىلىنىدۇ، بۇ ئىقلىمدا ئۇنىڭدىن باشقىمۇ كۈرمىڭلىغان يىرتقۇچلار بار، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقىسى بىزگە چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ، يىراقلاردا، تۈتەك - تۇمانلار ئارىسىدا يۈرگەن چويۇن تەنلىك دېۋىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ئاخىر يەنە بايىلا ئۇنىڭدىن قېچىپ، بۇيەرگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ شۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، ئالتۇن ئاچقۇچ ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا رازى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئەمدى بۆركۈت باشلىق شىرغىلا ئوخشاش بىر ئوت تەنلىك مەخلۇقمۇ ۋولقاندىن ئۈچۈپ چىقىپ، — بىراق ئەسكەرتىپ قوياي، چويۇن تەنلىك دېۋىنىڭ ئاجىزلىقى ئاتەش تەنلىك پەرىزاتنى ياخشى كۆرگەنلىكىدە، ئۇ ئاتەش تەنلىك پەرىزات نىمنى سورىسا راست جاۋاب بېرىدۇ، ھەتتا ئۇز جېنىنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغىنىنىمۇ دەپ بېرىدۇ، ئاۋۋال ئاتەش تەنلىك پەرىزاتنى ئىزدە،

ئۇ چويۇن قەلئەسكە بولاپ ئەكېتىلگەن، چويۇن قەپەسكە قامالغان، قىلىچىڭ ئۇنىڭغا ئەركىنلىك ئاتا قىلىدۇ، ئۇمۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

— چويۇن قەلئە قايسى تەرەپتە؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ئوڭ تەرىپىڭدە، — دېدى شۇ چاغ يەنە شىر باشلىق، بېلىق تەنلىك غەلىتە بىر مەخلۇق ۋولقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، — ساڭا بىر ئەڭگۈشتەر بېرەيلى، ئۇ سېنى كۆرۈنمەس قىلىدۇ، چويۇن قەلئەگە كىرىشىڭگە ياردىمى بولىدۇ، چويۇن قەپەستىكى ئاتەش تەنلىك پەرىزاتقا يولۇققاندا ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىل،«شىر باشلىق ئاتاڭ سالام ئېيتتى» دېگىن، ئۇ تەلپىڭنى تېزلا قوبۇل قىلىدۇ، يول كۆرستىدۇ.

— نېمىشقا ئۆزۈڭ كۆرۈنمەس بولۇپ قىزىڭنى قۇتقۇزمايسەن؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەجەبلىنىپ.

— ئەڭگۈشتەر بىر ساڭا خاس، — دېدى يەنە ۋولقاندىن مۈشۈك باشلىق، بېلىق تەنلىك بىر مەخلۇق سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، — بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن بىر مالائىكە سۈپەت كىشى كېلىپ، بىزگە بىر ئۈزۈكنى ئامانەت قىلىپ كەتكەن، كېتىش ئالدىدا «بۇ يەرگە بىر ئادەمزات كېلىدۇ، بۇنى شۇنىڭغا بېرىڭلار، پەقەت شۇلا ئىشلىتەلەيدۇ» دېگەن.

— قېنى ئۈزۈكنى بېرىڭلار، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ھازىرلا يولغا چىقاي.

شۇ چاغ ئەڭ چوڭ بىر ۋولقان ئاغزىدىن بېشىغا تاج كىيگەن، پۈتۈن تېنى قىپقىزىل چوغدىن يارالغان بىر قاناتلىق ئەجدىھا ئۇچۇپ چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ئالدىغا بىر كۆرۈمسىز مىس ئۈزۈكنى پۈركۈپ تاشلىدى.

— ئۇنى بارمىقىڭغا سال، — دېدى ئۇ، ئاندىن قورقماستىن ماڭا مىنىۋال، سېنى چويۇن قەلئەگە تىنچ - ئامان يەتكۈزىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈزۈكنى بارمىقىغا سېلىپ، ئىككىلىنىش ئىچىدە ئەجدىھاغا مىندى، ئوت ئەجدىھانىڭ تېنىدىكى يېلىنجاپ تۇرغان ئوت

يالقۇنى ئۇنى كۆيدۈرمىدى، بەلكى راھەتبەخش بىر ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى، ئوت ئەجدىھا قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇلار ھايالسىز بىر لاۋا دېڭىزىغا دۇچ كەلدى، قايناپ تۇرغان لاۋا دېڭىزىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ ھاۋاغا قىزىق لاۋا ئېتىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

ئوت ئەجدىھا ئاجايىپ ھوشيارلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ئېتىلىپ چىققان لاۋا چاچراندىلىرىدىن ئەگىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ لاۋا دېڭىزى چويۇن تەنلىك دىۋىنىڭ بىلىگىچە كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كېچىپ ئۆتكەندە بىر تال موينىمۇ كۆيدۈرمەيدۇ، ئۇ ۋە بىزدىن باشقا مەخلۇقلارنى بولسا تېگىپ كەتكەن چاچراندىسىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ .

ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ قارشى قىرغاققا يەتتى، بۇ يەر غول - يوپۇرماقلىرىدىن تارتىپ ھەممە يېرى ئۆتكۈر پىچاق بىسىدەك قىرلىق تۆمۈر ئوغرىتىكەن ۋە تۆمۈر يانتاق، قومۇش بىلەن قاپلانغان بىر زېمىن بولۇپ، تېنى چويۇندىن قۇيۇلغان غەلىتە مەخلۇقلار ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇلار تۆمۈر تىكەن، يانتاق، قومۇشلارنى خۇددى قوي - كالىلار ئادەتتىكى ئوت - چۆپلەرنى يېگەندەك كورۇسلىتىپ چايناۋاتاتتى.

ئۇلار بىردىنلا باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى ئوت ئەجدىھاغا تىكتى، لېكىن قاناتسىز بولغانلىقىدىن ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا نائىلاج قالغاندەك بىر ھالەتتە قاراپ قېلىشتى. بەزىلىرى جاھانىنى زىلزىلىگە سالغۇدەك دەھشەتلىك ھۆركىرەپ قويۇشتى.

— ئۇلار چويۇن دىۋىنىڭ چارۋىلىرى، — دېدى ئوت ئەجدىھا، — يەر يۈزىدە بولغان بولساق بىزنى يېۋېتەتتى، بىراق بىز ئاسماندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگگۈشتەر ئۈزۈك سەۋەبلىك ئۇلار سېنى كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا سەن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ، ئاخىر پەلەككە تاقاشقان ئېگىز تاغدەك بىر چوڭ قەلئە يېنىغا يەتتى.

— ئەمدى ئۈستۈمدىن چۈشۈۋال، — دېدى ئوت ئەجدىھا، — ئىشىكدا مۇۋەپپەقىيەت قازانساڭ ئاتەش تەنلىك پەرىزات ساڭا نېمە قىلىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ، مەن تېزرەك كېتىۋالاي، چويۇن تەنلىك

دۈننىڭ كۆزىگە چېلىقىپلا قالسام تۇگىشىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز دىككىدە سەكرەپ تۈۋەنگە چۈشتى، ئۆزىنى چويۇن ياتقۇزۇلغان بىر زېمىندا — قەلئە ئالدىدا يۇرگەن بىر چۈمۈلىچىلىك ھېس قىلدى، ئوت ئەجدىھا بولسا ئۇچۇپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قەلئە دەرۋازىسىغا نەزەر سالدى، دەرۋازا بوسۇغىسىمۇ ئالاھازەل نەچچە قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئېگىزلىكىدەك بولۇپ پولاتتىن قۇيۇلغان ئىدى، ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن بولمايتتى، دەرۋازا بولسا يېپىق ئىدى.

— بوسۇغا ئۈستىگە چىقالىسامىلا ئىشىك يېرىقىدىن بولسىمۇ كىرىپ كېتەركەنمەن، — دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ.

دەل شۇ چاغ كەينىدىن قىزىق شامال كېلىپ ئۇنى بوسۇغا ئۈستىگە ئۇچۇرۇپ ئاچىقىپ قويدى. شاھزادە نۇرئەزىز كەينىگە قارىغىنىدا ئوت ئەجدىھانىڭ ۋاللىدە قىلغان سىيماسىنى كۆرۈپ قالدى، ئارقىدىنلا بۇ سىيما يوقىلىپ، قۇلاق تۈۋىدە:

— يىگىت، ئەمدى ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق بولۇپ قالدى، خەير خوش! — دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرۋازا يېرىقىدىن قىسىلىپ قەلئە سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدى. ئىچىدە 40 پەشتاقلىق بىر سۇپا ئۈستىگە ئاسمان - پەلەك ئېگىز بىر ساراي بىنا قىلىنغان بولۇپ، بۇ بەك كۆرۈمسىز ۋە قوپال ئىدى، ئۆگزىسىدە بولسا ئاجايىپ يوغان، يىلان تەنلىك غەلىتە مەخلۇقلار چاپلىشىپ ياتاتتى. پەشتاقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ نەچچە قەۋەتلىك بىنا ئېگىزلىكىدە بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزغا چىقىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز بىر تەرەپتىن غايەت يوغان بىر مۈشۈك پەيدا بولدى - دە، پەشتاقلارغا قاراپ ماڭدى، شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلدى، مۈشۈك بولسا چوڭلۇقىدىن قۇيرۇقىغا ئېسىلغان شاھزادە نۇرئەزىزنى سەزمەستىنلا پەشتاقلاردىن سەكرەپ چىقىپ، ساراي ئىچىگە كىردى، شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتتى، مۈشۈك بولسا

بىر سەكرەپلا بىرتەكچىگە چىقىپ، ئۇ يەردە ياتقان قاپقارا يىلپىزدەك بىر جۈپ ئاسلىنىنى باغرىغا بېسىپ ياتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ساراي ئىچىگە نەزەر سالدى، بۇ يەردە ئۆي بىساتى دېگۈدەك بىرنېمە يوق ئىدى، پەقەت تورۇستىن يېلىنجاپ تۇرغان ئوت شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تولىمۇ ئېگىز تورۇسقا ئېسىلغان بىر چويۇن قەپەسنى كۆردى، قەپەس ئىچىدە ئوت يالقۇنى باردەك قىلاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز توۋلىدى:

— ئاتەش تەنلىك پەرىزات، شىر باشلىق ئاتاڭ ساڭا سالام ئېيتتى.

شۇئان قەپەس تەۋرىنىپ، ئىچىدىكى ئوت يالقۇنى تېخىمۇ يېلىنجاپ شۇنداق سادا كەلدى.

— سەن كىم؟ سېنى كۆرمىدىمغۇ؟

— مەن ئادەمزات ئېلىدىن كەلگەن شاھزادە نۇرئەزىز، — دېدى ئۇ، — كۆرۈنمەس قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى تاقىۋالغانىدىم، شۇڭا مېنى كۆرەلمەيسەن، ئۈزۈمنى ئاشكارا قىلاي دېسەم ئاۋۇ مۇشۇكتىن خەۋپسىرىدىم، ئەگەر ماڭا خىرىس قىلسا بىكاردىن - بىكار جېنىغا زامىن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەيمەن.

— ئۇلارنى ئۇخلىتىۋېتەي، — دېدى غوڭقا پەرى ئۇنىڭ قوينىدىن چىقىپ، — سەن تېززەك ئاتەش تەنلىك پەرىزاتنى قۇتۇلدۇر،— ئاندىن ئۇ ئارامبەخش مۇزىكا ساداسى ياڭراتتى، ئارقىدىنلا ئەللەي ناخشىسىنى باشلىدى، ئانا - بالا مۇشۇكلەر تېزلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. قەپەس تۆۋەنلەپ - تۆۋەنلەپ ساراي سەھنىسىگە چۈشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قەپەس ئىچىدە، ۋۇجۇدى ئوت يالقۇنلىرىدىن ھاسىل بولغان، ئەمما ئاجايىپ ساھىبجامال، بېلىق تەنلىك بىر نازىنىننى كۆردى.

— ئەمدى ئۈزۈكنى ئاشكارا قىل ئادەمزات، — دېدى ئۇ، — بىخەتەر بولدۇق.

شاھزادە نۇرئەزىز بارمىقىدىن ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى ئالدى،ئاتەش تەنلىك پەرىزات قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ساراي ئىچىنى سالقىنلىق ۋە

خۇشھىد قاپلىدى.

— تولىمۇ كېلىشكەن ساھىبجامال يىگىت ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — بىراق مېنىڭ نەزەرىمدە يەنىلا ئوت تەنلىك دىۋە سۆيەت يىگىتىم ئەڭ سۆيۈملۈك، بەلكىم ئۇنى كۆرگەنسەن.

— شۇنداق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — قوۋمىڭدىن ماڭا ئەڭ بۇرۇن گەپ قىلغىنى ھەم سەندىن باشقا كۆزگە ئەڭ يېقىشلىقى شۇ ئىكەن، ئۇ ھازىر تىنچ - ئامان.

— سەن مېنى قۇتقۇزۇپ كەتمەكچى، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ھەم چويۇن دىۋىنى يوقاتماقچى، لېكىن ياردىمىمسىز بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن، ئەمدى يەنە ئاۋۇ چالغۇ تەنلىك پەرىنى قوينۇڭغا سېلىپ، كۆرۈنمەس بولۇپ تۇر، چويۇن تەنلىك دىۋە كەلگىنىدە ئۇنىڭ جېنىنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراي، ئاندىن ئۇ ئۇخلىغاندا سەن ئىشىڭنى باشلا.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈردى، غوڭقا پەرى يەنە ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قولىغا ئەگىۈشتەر ئۈزۈكنى سالدى، شۇ چاغ سىرتتىن زېمىن تەۋرىگەندەك بىر سادا كەلدى، قەلئە تاملىرى تىترەپ كەتتى.

— ئۇ كەلدى، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — سەن بۇلۇڭغا بېرىپ تۇر.

شاھزادە نۇرئەزىز بۇلۇڭغا بېرىپ تۇردى، ھايالىسىز قەلئە دەرۋازىسى گۈلدۈرلەپ ئېچىلىپ، قەلئە ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تەۋرەپ كەتتى - دە، چويۇن تەنلىك دىۋە كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ قولىدا گۈل بەرگلىرىدىن تارتىپ، شاخ - يوپۇرماقلىرىغىچە تۆمۈردىن بولغان، يار - يار ھارۋىنىڭ چاقىدەك يوغان ئەتىرگۈل كامالچىسى بار ئىدى.

— مەھبۇبەم، — دېدى ئۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازدا، — مانا بۇ گۈلنى سەن ئۈچۈن كەلتۈردۈم، شۇنىڭ ھۆرمىتىگە بولسىمۇ بىر كۈلگىنە.

— مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسىڭىز، — دېدى ئاتەش تەنلىك

پەرىزات قېيىدىغاندەك، — نېمىشقا مېنىڭ جېنىمنىمۇ سىزنىڭ جېنىڭىز يوشۇرۇنغان جايغا ئاپىرىپ قويۇپ، ھاياتىم، بىختەرلىكىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلمايسىز، گۈل بىلەن مېنى گوللايمەن دېمەك.

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قارىماي، بىرئېغىزمۇ سۆز قىلماي يۈرگىنىڭىزنىڭ سەۋەبى شۇمىدى، — دېدى دىۋە، — بۇ ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىشقۇ، مېنىڭ جېنىم تۈن ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرىدىغان سان- ساناقسىز يولتۇزلارنىڭ بىرىدىكى چاشقانغا بەند قىلىنغان، كىمكى بىر قېتىمدا ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرەلىسە چاشقانمۇ چۈشىدۇ، بىراق بۇ چاشقان ئاجايىپ چاققان، زېرەك، ئۇنى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەرنى تېشىپ كىرىپ كەتسە، ئالەمنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تېشىپ چىقىپ، يەنە بىر يۇلتۇزغا كۆچىدۇ، سېنىڭ جېنىڭنى ئۆز جېنىم ساقلانغان شۇ يولتۇزغا بەند قىلىپ قويغۇم بار، لېكىن سۆيۈملۈك مەھبۇبەم، مېنى كەچۈرگىن، ئۇ يولتۇزنىڭ قايسى يولتۇز ئىكەنلىكىنى ھازىر مەنمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، شۇڭا خالىساڭ جېنىڭنى باشقا يولتۇزغا كۆچۈرۈپ بەند قىلايلى، بۇ ماڭا ئاسانلا بىر ئىش.

— سۆزىڭىز راستمۇ؟ — سورىدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— مەن يالغان سۆزلىسەم ئاشۇ يۇلتۇزدىكى چاشقان ئۆزلۈكىدىن ئۆلىدۇ، ئاندىن مەنمۇ جېنىمدىن جۇدا بولىمەن، چۈنكى مەن كۈچ - قۇدرەتتە تەڭداشسىز بولغاچقا يالغان سۆزلىشىم ھاجەتسىز، — سۆزۈمگە ئىشەنگىن، گەرچە ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇق بولساممۇ يەنە ئەڭ سەمىمىي، راستچىلمەن، ئەمدى ماڭا بىر كۈلۈپ بەر.

— سۆزىڭىزگە ئىشەندىم، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماڭا شۇ يېقىملىق كۈلكەڭلا كۇپايە، — دېدى دىۋە خۇشال بولۇپ، — قوشۇلۇشىمىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، لېكىن گۈزەل ھۆسنۈڭدىن، شېرىن - شېكەر سۆزلىرىڭدىن، جانغا ھۇزۇر كۈلكەڭدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن، ئەمدى تاتلىق چۈشلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئۇخلايدىغان بولدۇم.

ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى، ھەر خورەك تارتقانىدا ساراي ئۆگزىسى تاراقلاپ، شىددەتلىك بوران چىقىپ كېتەتتى.

— ئۇ 40 كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ئەمدىكى مەسىلە مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ جان يۇلتۇزىنى تېپىش، چاشقاننى تۇتۇش، بۇنىڭغا قۇربىڭ يېتەرمۇ؟

شاھزادە نۇرئەزىز تۇرۇپ كېتىپ ئەگىۋشتەر ئەينەكنى ئېسىگە ئالدى ـ دە:

— قۇربىم يېتىدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

— ئۇنداقتا مېنى ئاۋۋال قەپەستىن ئازاد قىل، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ چويۇن قەپەسنى پارە- پارە قىلىۋەتتى.

— مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئاۋۇ مەلئۇننىمۇ ھالاك قىلغىلى بولسىچۇ كاشكى، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، جېنى تېنىدە بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇ ھەرقانچە چېپىلسىمۇ ئۆلمەيدۇ، بەلكى بىرنى چاپساڭ بۇ مەلئۇن ئىككىگە كۆپىيىدۇ.

— مېنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — يۇلتۇزنىغۇ ئىزدەپ چۇشۇرەرمىز، خىسلەتلىك ئوقيا بار يەردە ئۇنىڭدىن غەم يوق، لېكىن چاشقاننى قانداق بىر تەرەپ قىلارمىز.

— ئاۋۇ مۇشۇكنى ئىشقا سالايلى، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ئۇ ئاسلانلىرى ئۈچۈن ھەممىگە كۆنىدۇ، ئۇ چاشقان تۇتۇشنىڭ ماھىرى.

ئۇ شۇنداق دەپ تەكچىدە خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مۇشۇك يېنىغا ئۇچۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن تارقالغان قىزىق ھارارەت مۇشۇكنى ئويغىتىۋەتتى، مۇشۇك ئاسلانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن دەھشەتلىك مياۋلاپ ئاتەش تەنلىك پەرىزاتقا خىرىس قىلدى.

— ئەگەر ئاسلانلىرىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ماڭا بىر چاشقاننى

تۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغىن، ــ دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات.

مۇشۇك ئەمدى دەھشەتلىك ئەلپازىدىن يېنىپ، بوشقىنە مياۋلاپ قويدى.

ــ ئۇ قوشۇلدى، ــ دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، ــ ئەمدى ئىشىمىزنى باشلىساق بولىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز قوينىدىن ئەگۈشتەر ئەينەكنى چىقىرىپ قارىدى، ئەينەكتە بىر جىننىڭ سىيماسى ئايان بولدى.

ــ ماڭا چويۈن تەنلىك دېۋىنىڭ جان يۇلتۇزىنى تېپىپ بەر، ــ دېدى ئۇنى ساراي سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ.

ــ بۇ خېلى قىيىن ۋەزىپىكەن، ــ دېدى جىن، ــ لېكىن، مەن يەنىلا قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى بۇ سەن ئۈچۈن ئورۇنلىغان ئۈچىنچى خىزمىتىم، ئاندىن بۇ ئەينەكتىن ئايرىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر دۇربۇننى تۇتقىنىچە ئەينەكتىن بېلىگىچە سوزۇلۇپ چىقىپ، ئاسماننى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ــ ئاسماندا يۇلتۇزلار ھەددى - ھېسابسىز، ــ دېدى جىن، ــ شۇڭا چويۈن تەنلىك دېۋىنىڭ جان يۇلتۇزىنى تېپىشقا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ.

ــ بىزگە يەنە 39 كۈن ۋاقىت بار، ــ دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

ــ يېتىدۇ، ــ دېدى جىن، ــ بىراق ئۇنىڭ قانداق ئېتىپ چۈشۈرۈلۈشى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق.

شاھزادە نۇرئەزىز باش لىڭشىتىپ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى، ئاتەش تەنلىك پەرىزات، غوڭغا پەرى ۋە قارا مۇشۇك ئۇنىڭ يېنىدا جىممىدە تۇردى.

ئۇلار ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كۈتتى، قارا مۇشۇكنىڭ ئانچە - مۇنچە ئاسلانلاردىن خەۋەر ئالغىلى ۋە بىرنەرسە تېپىپ يېگىلى بېرىپ - كېلىپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار 39 كۈننى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش ئىچىدە ئۆتكۈزدى، 39 - كۈنى بولسا دېۋىنىڭ خورىكى پەسلەشكە باشلىدى.

ــ چاتاق بولدى، ــ دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، ــ

دىۋىنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى بولايلا دەپ قالدى.
— بىراق، ماڭا ئازراق ۋاقىت كېرەك، — دېدى جىن.
— مەن ئامال قىلاي، — دېدى غوڭقا پەرى، — بىراق، بىر كۆنلۈككىلا كاپالەتلىك قىلالايمەن.
— كۆزىتىدىغان دائىرىمۇ ئاز قالدى، — دېدى جىن، — شۇ بىر كۈن يېتىدۇ.
غوڭقا پەرى سارايغا كىردى، دىۋىنىڭ بىگىزدەك كىرپىكلىرى مىدىرلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى -دە، ئالدىراپ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ئارامبەخش بىر كۈيگە تارلىرىنى چېكىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى غوڭقا تارلىرى ئۈستىدە ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ھامان، چويۇن تەنلىك دىۋىنىڭ چالا ئېچىلىشقا باشلىغان كۆزلىرى قايتىدىن يۇمۇلۇشقا باشلىدى ۋە ئاخىر يەنە خورىكى كۆچىيىپ، ئۇيقۇسى داۋاملاشتى، ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئۇخلىغان بۇ ئۇيقۇسى ئۇنى ئەجەلگە سۆرىدى، چۈنكى ئۇنىڭ خورىكى تازا ئەۋجىگە چىققان مەھەلدە جىنمۇ ئۇنىڭ جان يۇلتۇزىنى تاپتى -دە، دۇربۇنىنى كۆزئەينەككە ئايلاندۇرۇپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ كۆزىگە تاقاپ تۇرۇپ:
— يولتۇزلار دۇنياسىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىدىكى ئەڭ كىچىك ۋە قارا نۇر چېچىپ تۇرغان قارا يولتۇزنى نىشانغا ئال، — دېدى جېكىلەپ،— ھەرگىز باشقىسىنى ئېتىپ سالما، بولمىسا ئۇ تۇيۇپ قېلىپ، تېخىمۇ يىراقلاپ كەتسە تاپالماي قالىمىز.
شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، نىشانىنى توغرا پەرق ئېتىۋالغاندىن كېيىن ئوقدىنىدىن ئالتۇن ئۇچلۇق، كۈمۈش ساپلىق، سۇمۇرغ پېيى قادالغان بىر ئالاھىدە ئوقنى سۇغۇرۇپ، بەتلەپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرۈپ تۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشانىنى قارىغا ئېلىپ، دىلىدا ئاللادىن مەدەت تىلەپ، ئوقنى قويۇۋەتتى، ئوق ئاقار يولتۇزدەك ئاسمان بوشلۇقىغا شۇڭغۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى.
شۇ چاغ غوڭقا پەرىنىڭ:
— تېزرەك بولۇڭلار! — دەپ ئالدىراتقان ئاۋازى ئاڭلاندى،

چۈنكى، دېۋىنىڭ خورىكى يەنە پەسلەشكە باشلىغانىدى.

شۇ چاغ شاھزادە نۇرئەزىز ئوقنىڭ نىشانغا دەل تەگكىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن:

— ئوق تەگدى، بىراق بۇ يۇلتۇز ئالدىمىزغا چۈشەرمۇ - چۈشمەسمۇ، بىلمىدىم، — دېدى ھەمراھلىرىغا.

— چۈشىدۇ، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ئۇ ئىگىسىنىڭ ماكانىغىلا چۈشىدۇ، تەييار بول مۇشۇك، چاشقاننى قاچۇرۇپ قويىدىغان بولساڭ، مەندىن رەنجىپ قالىسەن.

مۇشۇك تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك مياۋلاپ قويدى، شۇ چاغ ئاسماندىن بىر قارا يۇلتۇز سارقىپ چۈشكەنچە، ساراي ئالدىدىكى سەيناغا سوقۇلۇپ، ئەينەك شار چېقىلغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، ئارقىدىنلا قارا چاشقان غىل - پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولدى، تەييار تۇرغان مۇشۇكمۇ مياۋلاپ بىرلا سەكرەپ، كۆزدىن يىتتى، ھەممەيلەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە يەنە يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى، ئاغزىدا بولسا ھېلىقى قارا چاشقان جان تالىشۋاتاتتى.

شۇ چاغ سارايدىن چويۇن تەنلىك دېۋىنىڭ نالە - پەريادى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا غوڭقا پەرى ئۇچۇپ چىقتى - دە:

— ئۇ قان قۇسۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قېنى قارا لايغىلا ئوخشايدىكەن ھەم سېسىق، ھەم قۇرتلاپ كەتكەن، — دېدى يىرگىنىش بىلەن.

— تېز ئۇنى چاينىۋەت! — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات قارا مۇشۇككە، — ئۇ ئۇزۇۋقۇڭ بولسۇن، ئۇ ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ.

قارا مۇشۇك چاشقاننى چايناپ - چايناپ پۈركۈۋەتتى - دە، ئاندىن پۈركۈگەنلىرىنى زەررىچە قالدۇرماي دەم تارتتى، سارايدىن بولسا قويۇق قارا تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، تېزلا يەنە غايىب بولدى.

— ئاخىر بۇ مەلئۇندىن قۇتۇلدۇق، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ئەمدى مەن شاھقا خۇش - خەۋەر يەتكۈزەي.

ئۇ شۇنداق دەپلا چېچىدىن بىر كېپىنەك چازىنى ئالدى - دە، ئاسمانغا ئاتتى، ئاسماندا بىر ئوت كېپىنەك پەيدا بولۇپ، تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇ چاغدا يەنە جاراڭگىدە قىلىپ ئەگگۈشتەر ئەينەك چېقىلدى، ئىچىدىن بويى ئىككى غېرىچچە كېلىدىغان بىر كىچىك جىن چىقىپ:
— خەير-خوش! مەن ئەركىن بولدۇم، ماڭا ئامانلىق تىلەڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن، — دەپ غۇي قىلىپلا بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.
شاھزادە نۇرئەزىز ۋە ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ قالدى، قارا مۈشۈك بولسا ئاسلانلاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن سارايغا كىرىپ كەتتى.
— ئىسست! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇ تازا جىددىي پەيتلەردە ئەسقاتقانىدى.
— بىز ساڭا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمىز، — دېدى غوڭقا پەرى بىلەن ئاتەش تەنلىك پەرىزات تەسەللى بېرىپ .
ئۇلار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا بىر تەرەپتىن ئاتەش بۇلۇتلار توپ - توپى بىلەن كېلىشكە باشلىدى، بۇلۇتلار ئىچىدىن داقا - دۇمباق ئاۋازى ياڭرايتتى.
— قوۋم - قېرىنداشلىرىم كەپتۇ، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات، — ئۇلار چويۇن تەنلىك دىۋىنىڭ يوقالغانلىقىنى تەبرىكلەپ كەپتۇ.
ھايالسىزلا ئاتەش بۇلۇتلار قەلئە سەيناسىغا قونۇپ، ئىچىدىن ئوت ئەجدىھا شاھ باشچىلىقىدا بىر توپ ئوت تەنلىك غەلىتە مەخلۇقلار چىقتى. ئاردىن شىر باشلىق، مۈشۈك باشلىق، ئوت تەنلىك بېلىقلار ۋە ئوت تەنلىك كىچىك دىۋە ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتەش تەنلىك پەرىزات بىلەن يىغا - زار قىلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى ئورنىدا قىپقىزىل ئوت سۈيۈقلۇقى ئاقاتتى.
— رەھمەت ساڭا ئەزىمەت يىگىت، — دېدى ئوت ئەجدىھا شاھ،— بىزنى چويۇن تەنلىك دىۋە بالاسىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، ئەمدى بىز ئەسلىي ماكانىمىزغا قايتالايدىغان بولدۇق، ئۇيەردە ساڭا چوقۇم ئالتۇن ئاچقۇچ ياساپ بېرىمىز.
— تېز بارايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىرىتىپ.

غوڭقا پەرى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى، ئوت ئەجدىھا شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇچتى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچتى، ئۇلار چويۇن تەنلىك دېۋىنىڭ چارۋىلىرى يايلاۋاتقان يايلاقتىن ھالقىپ، لاۋا دېڭىزى بويىغا يەتتى - دە، شۇ يەردە توختاپ، ئوت ئەجدىھا شاھ بىلەن شاھزادە نۇرئەزىزدىن باشقا ھەممىسى ئۆزىنى لاۋا دېڭىزىغا ئاتتى، لاۋا قايناملىرىغا بېلىقتەك شۇڭغۇپ، پىلتىڭلاپ، موللاق ئېتىشىپ، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، خۇشاللىقنى باسالمايلا قېلىشتى.

— مانا بۇ دېڭىز ئەسلى ماكانىمىز ئىدى، — دېدى ئوت ئەجدىھا شاھ، — بىز مۇشۇنداق ئوت - لاۋا ئىچىدە ياشايدىغان مەخلۇقلار، قاچانكى چويۇن تەنلىك دېۋە پەيدا بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن بىزگە بۇ يەردە ئامانلىق بولماي كۆچۈپ كەتكەن، مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنىدۇق، ئەمدى مۇبارەك قەدىمىڭ شاراپىتىدىن ماكانىمىزغا قايتىدىن ئېرىشتۇق، ئالتۇن ئاچقۇچنى مۇشۇ يەردە ياساپ بېرىمىز، ئەمدى خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى قايتۇرۇپ بەر، ئۇنىڭ سەن ئۈچۈن رولى قالمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز بارمىقىدىن ئۈزۈكنى چىقىرىپ بەردى، ئوت ئەجدىھا شاھ ئۈزۈكنى قويۇۋەتكەنىدى، ئۈزۈك قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغانچە بىر قاپقارا دۆڭلۈككە قوندى - دە، غايىب بولدى.

— قارا! — دېدى ئوت ئەجدىھا شاھ، — سەن ئاشۇ دۆڭنى قازىسەن، ئاستىدىن چىققان داشقاللارنى ئېرىتىپ ئالتۇن چىقىرىمىز، بۇ ئادەتتىكى ئالتۇنلار ئەمەس، بەلكى تىلسىمنى بويسۇندۇرغۇچى ئاچقۇچ ياساشقا لايىق خىسلەتلىك ئالتۇن، ئۇنى قېزىش، ئېرىتىش، ياساشتەك جاپالىق جەريانىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرەلەيسەن، بۇ سېنىڭ چىدامچانلىقىڭنى سىنايدىغان بىر مۇشەققەتلىك ئىش.

— چىدايمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قەتئىيلىك بىلەن، — ھەرقانچە مۇشكۈلاتلارغىمۇ چىدايمەن.

ئوت ئەجدىھا شاھ لاۋا دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، سېپىمۇ، تىغىمۇ قاپقارا بىر جوتۇنى ئېلىپ چىقتى - دە:

— مانا بۇ رودا قازغاندا ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر قورال، ھېلىقى

دۆڭلۈككە بۇنىڭدىن باشقىسى كار قىلمايدۇ، — دېدى جوتۇنى بىرنۋېتىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز جوتۇنى ئېلىپ، گويا بىر تاغ كۆتۈرۈۋالغاندەك ھېس قىلدى. كۆرسىتىلگەن دۆڭگە بېرىپ جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سالدى، لېكىن داراڭلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قولىغا قاتتىق تو كەتكەندىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ھەتتا دۆڭلۈكتىن تىرناق ئىزىنچىلىكمۇ زېدە بولغان جاي كۆرۈنمىدى، بىراق ئۇ بوشاشماستىن دۆڭلۈكنى چېپىۋەردى، پېشانىسىدىن شورۇلداپ تەر ئاقتى، پەقەت پېشانە تەرى تۆكۈلگەندىن كېيىنلا دۆڭلۈك تۇپرىقى يۇمشاپ، ئاستا - ئاستا، ئاز - ئازدىن كولىنىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ كېچە - كۈندۈز چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئىشلەپ، تۇنجى رۇدىنى قېزىپ چىقتى، قېزىلغان رۇدىنى ئوت تەنلىك مەخلۇقلار يۈتكەپ بىر يەرگە دۆۋىلىدى، ئارقىدىن ئوت ئەجدىھا شاھ لاۋا دېڭىزى ئاستىدىن ئۈچ پۇتلۇق بىر قارا داڭقاننى ئاچىقىپ، رۇدىلارنى داڭقانغا تاشلىدى، ئاندىن يەنە ھەممە ئوت تەنلىك مەخلۇقلار ئوت پۈركۈپ، داڭقاننى قىزىتىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ توختىماستىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىشى بىلەن رۇدىلار ئېرىپ، داڭقاندىن ساپسېرىق سۇيۇقلۇقلار ئېقىپ چىقىپ، يەرگە چۈشۈپلا قېتىشىپ، كاللەك - كەللەك ئالتۇن بولدى.

ئوت ئەجدىھا شاھ «ئالتۇن يېتەرلىك بولدى» دەپ قارىغاندا ئاندىن ئىشنى توختاتقۇزۇپ، يەنە لاۋا دېڭىزى ئاستىدىن بىر قارا سەندەل بىلەن قارا بولقىنى ئېلىپ چىقتى.

— بۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ئاچقۇچ ياسا! — دېدى بولقىنى شاھزادە نۇرئەزىزغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، — شەكلى ئوقدىنىڭدىكى يا ئوقلىرى شەكلىدە بولسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز بولقىنىمۇ بىر تاغ ۋەزنىدە ھېس قىلدى. ئالتۇنلارنى سەندەل ئۈستىگە قويۇپ سوقۇشقا باشلىدى، ئەمما زەررىچە كار قىلمىدى، ئوت تەنلىك مەخلۇقلار يەنە ئوت پۈركۈپ ئالتۇنلارنى يۇمشىتىپ بەردى، لېكىن شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ پېشانە تەرلىرى

تۆكۈلگەندىلا ئاندىن ئالتۇن پارچىلىرى بىرىكىپ، بولقا ئاستىدا شەكىللىگە كىرىشكە باشلىدى.

ئالتۇن ئاچقۇچ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئەجىر قىلغاندىن كېيىن ياسىلىپ بولدى. ئۇ ئەمدى پەيدەك يەڭگىل، پۇۋۇلەپ قويسىمۇ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا بىر ھالەتتە بولۇپ، ۋاللىداپ، نۇرلىنىپ تۇراتتى.

— ئەمدى بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇنىڭغا يەنىلا مەن ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئوت ئەجدىھا شاھ، — سەن ئالتۇن ئاچقۇچنى قويۇۋەت، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچساقلا كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىمىز.

شاھزادە نۇرئەزىز ئوت تەنلىك مەخلۇقلار بىلەن خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، شۇ چاغ ئاتەش تەنلىك پەرىزات بىلەن ئوت تەنلىك دېۋە تۇپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا:

— بۇ بىزنىڭ سوۋغىتىمىز، — دېدى بىر ئالتۇن ئەينەكنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇ سەن يوقاتقان ئەڭگۈشتەر ئەينەكتەك خىسلەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى ئەسقاتىدۇ، ئۇنى بىز يۈرەك قېنىمىزنى سەن قازغان رۇدىلارغا سىڭدۇرۇپ تۇرۇپ چىقىرىۋالغان ئازغىنە ئالتۇندىن ياسىدۇق، ئېلىۋالغىن.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنى قىممەتلىك يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلايمەن.

— ئۇ يادىكارلىق ئەمەس، — دېدى ئاتەش تەنلىك پەرىزات،— ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان سېھىرلىك ئوت چاچقۇچى ئەينەك.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەينەكنى قوينىغا سېلىپ، ئوت ئەجدىھا شاھقا مىندى، ئوت ئەجدىھا شاھ ئۇنىڭغا يەنە ئالتۇن ئاچقۇچنى قويۇۋېتىشنى ئېيتتى.

— ئۇنى كېيىن يەنە تاپالامدىم، — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەندىشە قىلىپ.

— ئۇ سېنىڭ رايىڭغا باقىدۇ، — دېدى ئوت ئەجدىھا شاھ،— بۇ

ئىقلىم يەجۇج - مەجۇجلار ئىقلىمى، ئىلگىرى سەن يەجۇج-مەجۇجلار قوۋمىنىڭ ئەڭ ئادەتتىكىلىرىنى كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، بۇ ئىقلىم بەكمۇ كەڭرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىنمەيلا تەرەپلىرى ئالمىشىپ قالىدۇ، سەن كەلگەن تەرەپ ھازىر شۇ تەرەپ بولماسلىقى مۇمكىن، ئالتۇن ئاچقۇچنى قويۇۋەتسەڭلا بىز نىشانغا ، يەجۇج - مەجۇجلارنى باشقا ئىقلىمدىن ئايرىپ تۇرىدىغان سېپىلغا يېتىپ بارىمىز، سېنى شۇ سېپىلنىڭ نېرىسىغىلا ئاپىرىپ قويالايمەن، ئۇنىڭدىن يىراقلاشقا ماڭا رۇخسەت قىلىنمىغان، چۈنكى چېگرادىن ھالقىپ كەتسەم ئۆزگە ئىقلىملارغا بىر ئاپەت بولۇپ قالىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز خاتىرجەم بولۇپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى قويۇۋەتتى، ئالتۇن ئاچقۇچ بىر تەرەپكە قاراپ ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ كەتتى، ئۇت ئەجدىھا شاھ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچتى، ئۇلار ئاجايىپ - غارايىپ ۋە بەتبەشىرە مەخلۇقلار، غەلىتە مەنزىرىلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، توققۇز كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپ، ئاخىر ئاسمانغا تاقاشقان پولات سېپىلغا يەتتى، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ سېپىلدىنمۇ ھالقىدى-دە، ئۇت ئەجدىھا شاھزادە نۇرئەزىزنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، چاقماق تېزلىكىدە كەينىگە ياندى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى بىر دەشت - باياۋانغا چۈشتى، گۈلىستانى ئېرەمنىڭ قاياندىلىقىنى بىلمىدى، بىراق ئالتۇن ئاچقۇچ بىر نىشانىنى كۆرسىتىپ مۇئەللەقتە تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ كۆرسەتكەن نىشانغا ماڭدى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېڭىپمۇ دەشت - باياۋاندىن چىقالماي، ئالتۇن ئاچقۇچنى تۇتۇۋالدى - دە، قوينىغا سېلىپ، بىر دۆڭلۈكنىڭ سايىسىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى، كۆزى يۇمۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ چۈشىدە گۈلىستانى ئېرەم پەرىسىنى كۆردى.

— گۈلىستانى ئېرەمنى يەنە خالاپ قالدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ، — جاپا- مۇشەققەت ۋە تىلسىمات- خەتەرلەر ئىچىدە تېنەپ يۈرۈشتىن بىزار بولغانسەن، خالىساڭ سېنى مەڭگۈلۈك تىنچ ئارامگاھ گۈلىستانى ئېرەمگە ئەكېتەي.

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈگەندەك، — ماڭغان يولۇمدىن يانمايمەن، پەقەت گۈلستانى ئىرەمگە سىزدىن ياردەم سوراپ بارماقچىدىم شۇ.

پەرىزات قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ،قولىدىكى پەلپۈگۈچنى شىلتىدى، بىر شامال چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، شۇ ھالدا قانچىلىك ئۇچقىنى نامەلۇم، بىر ۋاقىتتا«پوككىدە» يەرگە چۈشۈپ، كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۆزىنى گىگانت ئادەم ياتقان سۇپىدا كۆردى، گىگانت ئادەم تېخىغىچە ئۇيقۇدا ئىدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز چوڭقۇر تىنىپ،— ھەرھالدا تىنچ - ئامان بۇ يەرگە كېلىۋاپتىمەن.

شۇ چاغ گىگانت ئادەمنىڭ خورىكى پەسلەپ قالدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ ھېلىلا ئويغىنىپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى، ئەمما ئۇنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوت ئەجدىھا شاھىنىڭ:

— «ئۇ سېنىڭ رايىڭغا باقىدۇ» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئەقلىنى تېپىپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى قويۇۋەتتى - دە:

— بارغىن ئالتۇن ئاچقۇچۇم، تىلسىمنى بويسۇندۇرغىن! — دەپ تۈۋلىدى.

ئالتۇن ئاچقۇچ ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقان ھامان كۆزلىرى ئېچىلىشقا باشلىغان گىگانت ئادەمنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، سول قۇلىقىدىن چىقتى - دە، ئارقىدىنلا ئاغزىدىن كىرىپ غايىب بولدى، شۇ ھامان گىگانت ئادەمنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەشلىرى ئىچىدە تېنى گويا زەربە يېگەن بۇت - ھەيكەلدەك قاراسلاپ يېرىلىپ غۇلاپ چۈشتى، شاھزادە نۇرئەزىز ھودۇقۇپ، تاش سۇپىدىن تۆۋەنگە سەكرىدى، پۈتى تەخسە يۈزىگە تەگكۈچە ئۈچ باشلىق شىر كېلىپ ئۈستىگە مىندۇرۇپلا ئۇچۇپ كەتتى، گۈلدۈرلىگەن دەھشەتلىك سادا بىلەن تەڭ تىلسىم تەخسە پارتلاپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى، قۇرۇق قالغان گىگانت قول قورقۇنچلۇق سادا چىقىرىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى تۇتۇشقا سوزۇلۇپ كەلدى.

— تېز ئۆچ دېدى، — شاھزادە نۇرئەزىز، — گىگانت قولنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالمايلى.

ئۈچ باشلىق شىر بىر ئۆيان، بىر بۇيان ئەگىپ ئۈچۈپ، تۇتۇق بەرمىدى، گىگانت قول ئاخىر ئۇزۇلۇپ چۈشۈپ پارتلاپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، بەشىنچى تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇر- دىڭىزغا، — دېگەن سادا ياڭرىدى قۇلاق تۈۋىدە.

— يەنە ئىككىسى قالدى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئۇلارنىمۇ بويسۇندۇرۇش نېسىپ بولارمۇ، بىر - بىرىدىن قىيىنغا توختاۋاتىدۇ.

— ئۈمىدۋار بولساڭچۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — غەلىبە بىزگە مەنسۇپ، بىراق بىرەر قېتىمدىمۇ ماڭا ئاخىرغىچە رولۇمنى جارى قىلدۇرۇش پۇرستى بولمايۋاتىدۇ.

— بوپ قالار، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز تەسەللى بېرىپ، — شۇ نەرسە ئېنىقكى، سەن بولمىساڭ ھېچبىر تىلسىمغا قەدەم قويالمىغان، تىلسمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن تىنچ - ئامان كېتەلمىگەن بولاتتىم، سەن ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ناھايىتى بەك ئەسقاتىسەن.

— مېنى ئۇچۇرما، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، لېكىن سۆزىنىڭ ئۇرامىدىن ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

## ئونىنچى باب

# تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچلار

— ئېھتىيات قىلايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ھەرقېتىم مۇشۇنداق ئارا يولدا خەتەرگە دۇچ كېلىپ تۇراتتۇق، يەنە بىر ئىش چىقمىسۇن.

— ھەيرانمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — خېلى ئۆچتۇق، لېكىن بىرەر توسالغۇ كۆرۈنمەيدىغۇ.

ئۇ شۇنداق داۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئۈستىدىن چاقماق چۈشتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىراپ، قىلىچى بىلەن توسۇدى، چاقماق دەھشەتلىك بولسىمۇ، لېكىن قىلىچقا دۇچ كەلگەن ھامان قايتىپ كەتتى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار چاقماق تېگىپ نېمە بولۇپ كېتەركىن.

ئارقىدىنلا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولدى، شاھزادە نۇرئەزىزگە يېقىنلىشىپ ئالتىنچى تىلسىم تەخسىگە چىقىش يولىنى توسۇۋالدى، قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن يالماۋۇزلارنىڭ بەتبەشىرە چىرايلىرى، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قورقۇنچلۇق قىياپەتلىرى، ئاجايىپ - غارايىپ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ سىياقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قۇلاق پەردىسىنى يىرىۋەتكۇدەك قاتتىق چىرقىراش ۋە ئازابلىق نالە - پەريادلار، ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، گاھى ئوت، گاھى زەھەرلىك تۇتەك - تۇمان، گاھى ئۆيدەك - گۈمبەزدەك چوغلانغان تاشلار ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارغا خەۋپ يەتكۈزەتتى.

ئۈچ باشلىق شىر ئۈچ بېشىدىن ئوت، سۇ، شامال چىقىرىپ تاقابىل تۇرماقچى بولدى، لېكىن كار قىلمىدى، بەلكى قارا بۇلۇتلار ئۈستى

تەرەپتىن تىۋۋەنگە شارقىراتمىدەك تۆكۈلۈپ، ئۇلارنى خىلىلا كەيىنگە قايتۇرۇۋەتتى.
— قانداق قىلىمىز، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھودۇقۇپ، — بۇ قارا بۇلۇتلار بىزنى تاكى يەر يۈزىگە قايتۇرۇۋەتمىگۈچە توختىمايدىغان ئوخشايدۇ.
— ئالتۇن ئەينەكنى ئىشلىتىپ باقاي، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز. شۇنداق دەپ قوينىدىن ئالتۇن ئەينەكنى ئېلىپ قارا بۇلۇتلارغا توغرىلىدى، ئالتۇن ئەينەكتىن قۇياشتەك پارلاق نۇر چاقناپ، ئارقىدىنلا گۈرۈلدەپ ئوت پۈركۈلدى، كۈچلۈك نۇر ۋە ئوتقا دۇچ كەلگەن قارا بۇلۇتلار شىددەت بىلەن كەينىگە ياندى، لېكىن ئوت يالقۇنى ئىچىدە قاپسىلىپ قالدى - دە، دەھشەتلىك قىيا - چىيالار ئاڭلىنىپ، يالماۋۇزلار، جىن - ئالۋاستىلار ۋە غەلىتە مەخلۇقلار كۆيۈپ كۈل بولۇپ، قارا بۇلۇتمۇ تارقاپ كەتتى.
شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئەينەكنى قوينىغا سېلىۋېتىپ:
— ئەمدى بىمالال ئۇچۇۋەر، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرغا.
ئۈچ باشلىق شىر شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى، ئاخىر ئالتىنچى تىلسىم تەخسە يۈزىگىمۇ يەتتى.
— تېز خاسىيەتلىك كىتابقا قارا، بىرەر پالاكەت يۈز بەرمەستە ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىش يولىغا ماڭايلى، — دېدى قونماي تۇرۇپ.
شاھزادە نۇرئەزىز تىلسىم تەخسە يۈزىگە نەزەر سېلىپ بىر چوڭ دېڭىزنى كۆردى، گويا ئۇلار ھازىر تىلسىم تەخسە ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىر پايانسىز دېڭىز ئاسمىنىدا تۇرۇۋاتقاندەكلا ئىدى، دېڭىز يۈزى سەلكىن شامالدا يەڭگىل دولقۇنلىنىپ، دولقۇنلىرىدا قۇياش نۇرى جىمىرلاپ، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان بىر چىرايىنى ھاسىل قىلغانىدى، دېڭىز سۈيى كۆپكۆك ۋە سۈپسۈزۈك بولۇپ، ئاستىدىكى گۆھەر، ياقۇت، ئۈنچە - مارجانلار، مەرۋايىت ۋە مەرۋايىت قۇلۇلىلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن نە بىر گىياھ، نە بىر بېلىق كۆرۈنمەيتتى.
— بىردەم ئۇزۇپ ئوينىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇچى بولما، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئاۋۋال خاسىيەتلىك كىتابنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلاپ باقايلى.

ئۇ قوينىغا قولىنى سالغۇچە خاسىيەتلىك كىتاب ئۆزىلا ئۇچۇپ چىقتى - دە:

— مېنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ؟ بېلىق قارماققا ئىلىنىاي دەپ قالغان، لېكىن سەن قاچۇرۇۋېتىدىغان بولدۇڭ، — دېگەن رەنجىشلىك ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا كىتاب ئۆزلۈكىدىن ۋاراقلىنىپ، ئالتىنچى بېتى ئېچىلدى - دە، بۇ بەتتە بىر زۇمرەتتەك سۇزۇك كۆل ۋە كۆل بويىدا كۆلگە قارماق تاشلاپ ئولتۇرغان بىر قورچاق بالا زاھىر بولدى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر بېلىق سېۋىتىمۇ بار ئىدى.

— ماڭا ياردەم قىل، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز بىردەم ساقلاپ بېقىپ.

قورچاق بالا:

— مانا تۇتتۇم! — دەپ خۇشال - خۇرام ھالدا قارماقنى كۆتۈردى، قارماققا بارماقچىلىك كېلىدىغان ۋە ۋاللىداپ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان بىر قىزىل ياقۇت بېلىق ئىلىنغانىدى.

بېلىق ھاۋادا ھەر تەرەپكە پىلتىڭلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاھ! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق دېگىن بۇ، تېگىپ كەتكەنلا جانلىقنى ئېرىتىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك، مەن ھەرگىز ئۇنىڭغا يېقىن يولۇمايمەن، سىلەر بىلمەكچى بولغاننى مەن دەپ بېرەي، يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا بىر كىچىك ئارال، ئارالدا ئۈچ ئىشكىلىك بىر ساراي، ھەربىر سارايدا بىردىن تىلسىم مۇئەككەل باركەن، بۇ تىلسىمنى بويسۇندۇرۇشتا تۆت ئالتۇن ئاچقۇچ كېتىدىكەن، ئاۋۋال ئۈچ ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپقاندا، ئاندىن تۆتىنچىسىنىمۇ تاپقىلى بولىدىكەن، ھەربىر سارايغا بىرىڭلار كىرىشىڭلار كېرەككەن. بىراق، ئاشۇ سارايلار جايلاشقان كىچىك ئارالغا بېرىش تولىمۇ مۈشكۈلكەن، چۈنكى قۇياش نۇرى قىزىتقاندا ھورلىنىپ چىققان دېڭىز سۈيىمۇ ئوخشاشلا جانلىقلارنى نابۇت

قىلالايدىكەن، بۇنىڭغا غوجايىنىم ئامال قىلسۇن، خەير - خوش.
ئۇ شۇنداق دەپلا قارماقتىن ئاجراپ، كىتاب بېتىدىكى كۆلچەككە چولتۇككىدە چۈشۈپ كەتتى.
— كاساپەت! — دېدى قورچاق،— ئۇنى ئاران تەسلىكتە تۇتقانىدىم، بىراق يەنە قېچىپ كەتتى، ئەمدى مۇشۇ بېلىق سېۋەتنى سىلەرگە ياردەم قىلسۇن، بەربىر ئۇنىڭمۇ ئەمدى كېرىكى قالمىدى.
ئۇ شۇنداق دەپلا قېشىدىكى بېلىق سېۋەتنى چۆرۈپ بەردى، شۇ ھامان كىتاب يېپىلىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى، دېڭىز يۈزىدە بولسا ئالتۇن بېلىق شەكىللىك بىر چىرايلىق ئالتۇن كېمە پەيدا بولۇپ قالدى، كېمە ئۈستىدە تېخى يەتتە خىل رەڭلىك گۈل شەكىللىك سايىۋەن بار ئىدى.
— راھەتلىنىپ ماڭىدىغان بولدۇق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر مەمنۇن بولۇپ. ئۇ شۇنداق دەپلا كېمىگە قوندى، كېمە ئۆزلۈكىدىن بېلىقتەك ئۈزۈپ كەتتى، بىراق دېڭىز يۈزى ئەمدى تىنچىسىزلىنىشقا باشلاپ، بارا - بارا شىددەتلىك دولقۇنلاپ، داۋالغۇپ، كېمىنى ئۆكتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇندى، ئىلگىرى كۆزگە چېلىقمىغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە رەڭدار سۇ پەرىلىرى جىلۋە - ناز بىلەن دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، ئانار دانىسىدەك لەۋلىرىدىن زەھەرلىك سۇ پۈركۈدى، ئەمما كېمىنى كۆرۈنمەس بىر سېھرىي كۈچ مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۆرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىدى، پۈركۈلگەن دېڭىز سۈيىنىمۇ كېمە ئىچىگە يولاتمىدى، ئەمدى ئۈستىدىن چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر قۇيۇلدى، بىراق سايىۋەندىن نۇر چاقناپ، يامغۇرنىڭ بىر تامچىسىمۇ كېمە ئىچىگە چۈشمىدى، چېقىلغان چاقماقلارمۇ كار قىلمىدى.
— يارەببىم! — دېدى ئۈچ باشلىق شىرمۇ چۆچۈپ، — تېخى ئارامخۇدا ماڭغۇدەكمىز دەپ چۈشەكەپتىمەن، ئەگەر كىتابنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئالمايلا ئۇچقان بولسام، ئاللىبۇرۇن ......
— بولدى قىل، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كۈلۈپ، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ ئاللىبۇرۇن ئېرىپ، دېڭىز سۈيىگە قوشۇلۇپ بولار ئىدۇق، بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى بىز ئۇچۇن خەتەرگە تولغانلىقىنى

ئۆنتۈپ قالما.

ئۇلار كېمىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، يۈز بىرنۋاتقان هادىسىلەرگە نەزەر سالغاچ سەپىرىنى داۋام قىلدى. كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يەنە غايەت يوغان بىر سەككىزئاياغ پەيدا بولۇپ، كېمىنى قارمىۋالدى. شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى ئىشقا سالاي دېگۈچە كېمىنىڭ ئۆزىدىن يەنە كۆچلۈك نۇر چاقناپ، سەككىز ئاياغنى قىچىشقا مەجبۇر قىلدى، توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۈزگەندىن كېيىن كېمە بىر كىچىك ئارالغا چىقىپلا غايىب بولدى، لېكىن ئەمدى نە ئاسماندىن، نە دېڭىزدىن بولسۇن ئۇلارغا خەۋپ يەتمىدى، دېڭىز شۇ تاپتا يەنە تىنچلىنىپلا قالغانىدى، سۇ پەرىلىرى ئارال ئەتراپىدا ئويناۋېتىپ ئۇلارغا كۆلۈمسىرەپ قول پۇلاڭلاتتى.

— ئۇلار نېمانچە رەزىل، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر غودۇڭشۇپ، — كۆڭلىگە نېمە شۇملۇقلارنى يوشۇرغىنى نامەلۇم، تېخى كىشىگە كۈلۈمسىرەپ قول پۇلاڭلىتىپ كېتىشلىرىنى كۆرمەمدىغان.

— قارا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئارالدىكى ئۈچ ئىشكلىك سارايىنى كۆرسىتىپ، — بىز كىرىدىغان ساراي مۇشۇدەك قىلىدۇ، ئىككىمىز ئىككىسىگە كىرسەكمۇ يەنە بىرەيلەن كەملەيدىكەن.

— غوڭقا پەرىنى تەكلىپ قىل، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئۇمۇ بىرگە ھېساب.

توغرا، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن، بىراق ئۇ تەنھا كىرىشكە ئۇناپ قالارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى غوڭقا پەرى ئۇنىڭ قوينىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، — مەن ئۆزۈمنى خېلىلا كېرەككە كېلىمەن دەپ ئويلايمەن.

رەھمەت! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئەگەر سىز بولمىسىڭىز يەنە بىرەيلەننى نەدىنمۇ تاپاتتۇق.

— دوستلار ئارىسىدا تەكەللۇپ ھاجەتسىز، — دېدى غوڭقا پەرى كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى گەپ قايسىمىز ئىشكتىن كىرىمىز دېگەن مەسىلىدە قالدى، ئىشىك بېشىدا خەت باردەك قىلىدۇ.

ئۇلار ئىشكلەرگە يېقىنلاپ، ئىشىك باشلىرىغا ئېسىلغان لەۋھەلەرنى كۆردى، بىراق ھەربىر لەۋھەدە بىردىنلا ھەرپ بار ئىدى.

— بۇ لەۋھەدە «ئا» ھەرپىلا بار ئىكەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— بۇنىڭدا «ھ» ھەرپى بار ئىكەن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئىككىنچى ئىشىكتىكى لەۋھەگە قاراپ.

— بۇ لەۋھەدە «پ» ھەرپى بار ئىكەن، — دېدى غوڭقا پەرى ئۈچىنچى ئىشىك بېشىدىكى لەۋھەگە قاراپ .

— بۇ ھەرپلەر نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ — سورىدى ئۈچ باشلىق شىر ئەجەبلىنىپ.

— بىلدۇق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن غوڭقا پەرى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

نېمىنى بىلدىڭلار، تېز ئېيتىڭلارچۇ؟! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئالدىرىتىپ.

— «ئا» ھەرپى بار لەۋھە ئېسىلغان ئىشىكتىن مەن كىرىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز،«ھ» ھەرپى بار لەۋھە ئېسىلغان ئىشىككە سەن كىرىسەن، ئۈچىنچى ئىشىككە غوڭقا پەرى كىرىدۇ، سەن باشقا ئىشنى ئويلىماي، ئۆز ئىشىڭغا ماڭغىن، ئاخىرىدا يەنە مۇشۇ ئىشىكلەر ئالدىدا كۆرۈشەيلى.

— چوقۇم، — دېدى غوڭقا پەرى، ئاندىن ئۇ قالغان ئىككىيلەن بىلەن خەيرلىشىپ «پ» ھەرپى يېزىلغان لەۋھە ئاستىدىكى ئىشىككە ماڭدى. شاھزادە نۇرئەزىز «ئا» ھەرپى يېزىلغان لەۋھە ئاستىدىكى ئىشىككە باردى، ئۈچ باشلىق شىرمۇ ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر غودۇرىغىنىچە ئوتتۇرىدىكى ئىشىككە يۆلەندى، شۇ ھامان ئۈچ ئىشىكتىن ئۈچ قول چىقىپ، ئۇلارنى بىردىن سىقىملاپ ئەكىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىزنى سىقىملىغان قول بارغانسېرى ئۇنى چىڭ سىقىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوۋۇرغىلىرى ھېلىلا غاراسلاپ سۇنۇپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا يەتتى- دە، ئۇ چىدىماي، قاتتىق كۈچىنىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى، بىراق كۈچىگەنسېرى ھېلىقى قولنىڭ بارماقلىرى تېنىگە تېخىمۇ پېتىپ، تېخىمۇ چىڭ سىقتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز قىلىچىنى قولنىڭ بېغىشىغا چاپتى، شۇھامان قول

بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ، ئاستا بوشىدى ـ دە، تۈتەك بولۇپ تاراپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز مۇئەللەقتە قېلىپ، تۆۋەنگە موللاق ئېتىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆزىنى چوڭقۇرلۇقىدىن تېگىگە كۆز يەتكۈسىز، بەلكى تېگى يوقلا بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، شۇ ھالەتتە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي تۆۋەنلىدى، بىر چاغدا تۆۋەندىن كېلىۋاتقان قىيقاس ـ چۇقانلارنى ئاڭلىدى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ زەن قويۇپ قارىغىنىدا، ئېغىزلىرىنى غاردەك ئېچىپ، خەنجەردەك چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يالماۋۇز باشلارنى، غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆردى، پۈتى يەرگە تەگكۈچە ئۇلارنىڭ ئاغزىغىلا چۈشىدىغىنىنى ھېس قىلىپ، قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىدى، بىردىنلا سۇمۇرغ ئېسىگە كېلىپ، قوينىدا ساقلاۋاتقان سۇمۇرغ پېيىنى تېپىپ، ئاسمانغا ئېتىۋەتتى، ئاندىن قىلىچىنى مەھكەم سىقىملاپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلاندى.

مانا ئۇ يالماۋۇزلارنىڭ ئاغزىغا يېقىنلاپمۇ قالدى، غەلىتە مەخلۇقلار بولسا ئېتىلىپ چىقىپلا ئۇنى يۇتۇۋېلىشقا تەييارلاندى، ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرىنىڭ چوڭلۇقى بىر كىچىك تاغدەك، سانى بولسا بىرەر مىڭچە ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، چېكىسىدىن سوغۇق تەر تامچىغان بىر پەيتتە تۇيۇقسىز ئۈستىدە بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ، ئۇنى چاڭگاللىغىنىچە يۇقىرىغا ئۆرلىدى، تۆۋەندىكى يالماۋۇزلار ۋە يىرتقۇچلار بولسا ئاغزىغا چۈشۈۋاتقان لوقمىدىن قۇرۇق قالغىنى ئۈچۈن ئەلەملىك چۇرقىرىشىپ، ھۆركىرىشىپ قالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىنى قاماللىۋالغان ئالتۇن پەنجىلەر ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ئالتۇن رەڭ پەي قاناتلىق قۇش — سۇمۇرغ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تولىمۇ خۇرسەن بولدى ۋە يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى .

— رەھمەت ساڭا، — دېدى سۇمۇرغ ئۇنى بىر تاغ چوققىسىغا قويغاندا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — دەل ۋاقتىدا كېلىپ نىجاتلىق بېغىشلىدىڭ.

— ئارىلىقىمىز بەك يىراق، توسالغۇلار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ

ئىقلىم ماڭا ناتونۇش بولغىنى ئۈچۈن ئۆلگۈرەلمىگىلى تاسلا قاپتىمەن، — دېدى سۇمۇرغ، — بۇ يەردە ساڭا كۆپ ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن، كەچۈرگىن، ئەمدى قايتاي.

— خوش، خۇداغا ئامانەت، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — يەنە كۆرۈشۈش نېسىپ بولغاي.

— كۆپ ئېھتىيات قىل، — دېدى سۇمۇرغ ئۈچۈشقا تەييارلىنىۋېتىپ، — بۇ تاغ بۇ ئىقلىمدىكى ئەڭ ئېگىز تاغكەن، تۆۋەندە ساپلا غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆردۈم، تاغدىن ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ ئاندىن چۈشكىن.

سۇمۇرغ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى.

بۇ ئىقلىمنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولۇپ، ئادەمنىڭ دېمى سىقىلاتتى، ئاسمىنىدا ئوت رەڭلىك بۇلۇتلار توپ - توپى بىلەن ئەگىپ يۈرۈپ، پات- پات چوغمۆلدۈر ياغدۇراتتى، يەر يۈزىدىن بولسا قاتتىق ئىسسىق ھارارەت كۆتۈرۈلۈپ، گاھى -گاھى گۈرۈلدەپ ئوت يېنىپمۇ كېتەتتى، غايەت زور ئاجايىپ مەخلۇقلار چوڭلىرى كىچىكلىرىنى، يىرتقۇچلىرى ئاجىزلىرىنى قوغلاپ يۈرەتتى، ئۆيدەك، تاغدەك يوغان قورام تاشلار پات- پات ئۆزلۈكىدىن پارتلاپ، پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى.

— دوزاخنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ يەر، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ.

شۇ چاغ تاغدىكى بىر كاماردىن يۈزى بىر قارىسا ئادەمگە ،بىر قارىسا مۈشۈككە ئوخشايدىغان، مويلىرى ئالتۇن، تېنى ئاغمىخاندەك، ئەمما بىر جۈپ قانىتى بار كىچىك بىر مەخلۇق چىقىپ، تەپ تارتماستىن ئۇنىڭ يۈزىگە مىختەك قادىلىپ قاراپ كەتتى، كۆپكۆك ياقۇتتەك كۆزلىرىدىن كۆك ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئېھتىيات ئۈچۈن قىلىچىنى چىڭ سىقىملاپ ھېلىقى مەخلۇقتىن يىراقلاشتى، كىچىك مەخلۇق بولسا چىرىلداق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— ئەي ئادەمزات، قوينۇڭدىكى قارگۆلنى تاشلا، بۇ يەردىمۇ

زىمىستان قىش بولسۇن، بۇ ھەممىسىگە پايدىلىق، بولمىسا ئۇزاققا بارمايلا ئىسسىقتا دىمىقىپ كېتىسەن، تېنىڭ يىرتقۇچلارغا يەم بولىدۇ.
شاھزادە نۇرئەزىز توختاپ، قوينىغا قول سالدى ـ دە، قارگۈلنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى، ھايالسىز بۇ يەردە جۇت ـ شىۋىرغانلىق سوغۇق شامال چىقىپ، ئوت رەڭلىك بۆلۈتلارنى سىۈر ـ توقاي قىلىۋەتتى، ئورنىدا قىش بۆلۈتلىرى پەيدا بولۇپ لەپىلدەپ قار ۋە تاراسلاپ مۆلدۈر ياغدى، جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولدى، ئەزەلدىن سوغۇققا دۇچ كېلىپ باقمىغان يىرتقۇچلار ھەر تەرەپكە قاچتى، سۈرئىتى ئاستىراقلىرى جايىدىلا مۇزلاپ قاتتى، بىراق سوغۇق شاھزادە نۇرئەزىزغا زەرەر يەتكۈزمەيلا قالماي، بەلكى سالقىنلىق ھۇزۇرى بېغىشلىدى.
— سەن كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز سوغۇقتا بارغانسېرى تېتىكلىشىپ، ئويناقشىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى مەخلۇقتىن.
— مېنى غەلىتە كىچىك مەخلۇق دەۋەر، — دېدى ھېلىقى جانىۋار، — باشقىلارنىڭ مېنى نېمىدەپ چاقىرىشى بەرىبىر، ئۆزۈمنىڭمۇ ئىسمىم بولغان ئەمەس، بىراق سەندىن سوراپ باقاي، بۇ يەرگە سەن قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ نېمىشقا كەلدىڭ؟
— ئالتىنچى تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئالتۇن ئاچقۇچ ئىزدەپ كېلىپ قالدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ماڭا يول كۆرسەتكىن، بولامدۇ؟
— بۇ تاغ راھەتبەخش بىر ماكانغا ئايلاندى، — دېدى غەلىتە كىچىك مەخلۇق، — بۇ مەن ۋە قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن زور بەخت دېگىنە، بۇ تاغنىڭ نېرىسىدا بولسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوتلۇق ھارارەت، دەم سىقىدىغان ھاۋا ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئوت رەڭلىك بۆلۈتلار ئوت مۆلدۈرلەرنى تۆكۈپ تۇرىدۇ، بىلەمسەن، بىز بۇنداق قاتتىق ئىسسىقتىن بىزار، شۇڭا ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ سالقىن تاغ چوققىسىنىڭ باغرىنى تېشىپ كىرىۋالغان، بۇ يەردە ئىسسىقتىن بىرئاز پاناھلانغىلى بولاتتى، يېمىكىمىز بولسا تاغدىكى ئالتۇن رۇدىسى، شۇڭا مويلىرىمىزمۇ ئالتۇن بولۇپ قالغان، سەن بىزگە زور ياخشىلىق ئاتا قىلدىڭ، شۇڭا ياردەم قىلىشنى ئەلۋەتتە خالايمەن، سېنى بىر خەزىنىگە باشلاپ باراي، شۇيەردىن

ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ شاھزادە نۇرئەزىزغا يول باشلاپ، تاغدىن تۆۋەنلىدى، تىك تاغدىن چۈشۈش شاھزادە نۇرئەزىزغا بەك مۈشكۈل بولدى، ھېلىمۇ ئۇنىڭغا تىغ كار قىلماس بولغىنى، بولمىسا قىرلىق تاشلار ئالللىبۇرۇن قول - پۇتلىرىنى ناكار قىلىپ، بەدىنىنىمۇ ئۇچلۇق تاشلار ئۆتمۆتۆشۈك قىلىۋېتەر ئىدى.

— سەن ھەقىقەتەن كۆپ خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنسەن، — دېدى غەلىتە كىچىك مەخلۇق، — بىز كىچىك ۋە يەڭگىل بولغاچقا قىلىچ بىسىدەك قىرلىق ۋە نەيزىدەك ئۇچلۇق تاشلار ئارىسىدىمۇ بىمالال سەكرەپ - تاقلاپ، زەخىملەنمەي يۈرەلەيمىز، گىگانت مەخلۇقلار بولسا بۇ تاغقا يېقىنمۇ يولىيالمايدۇ، سەن بولساڭ بىرەر زىيان - زەخمەتكە يولۇقماي، تىنچ - ئامان كېتىۋاتىسەن.

— ماڭا تىلسىم تەخسىلىرىنى بويسۇندۇرۇشنى ھاۋالە قىلغان ھۆكۈما بەزى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرلەرنى بەرگەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — كېيىن يەنە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش بەدىلىگە يېگىدىن- يېگى خاسىيەتلەرگە، خاسىيەتلىك نەرسىلەرگە، تېخىمۇ مۇھىمى ياخشى دوستلارغا ئېرىشتىم، شۇلارنىڭ شاراپىتىدىن كۆرمىلىك مۈشكۈل - خەتەرلەر ئىچىدىن تىنچ - ئامان چىقىپ بۇ يەرگە كېلەلىدىم.

ئۇلار ئۇچ كېچە - كۈندۈز توختىماي تۆۋەنلەپ، تاغنىڭ قاق يېرىمىغا چۈشكەندە بىر غار ئۇچرىدى، غارنىڭ دەرۋازىسى ئالتۇندىن بولۇپ، نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— كەلدۇق، — دېدى غەلىتە كىچىك مەخلۇق، — بۇ يەرگە تا ھازىرغىچىلىك مەيلى بىز ياكى بۇ ئىقلىمدىكى باشقا مەخلۇقلاردىن بولسۇن ھېچبىرىمىزگە كىرىش نېسىپ بولمىغان، ئۇنى بىز خەزىنە دەپ ئاتايمىز، بەلكىم ئىچىدە سەن دېگەن نەرسە ياكى ساڭا پايدىلىق خاسىيەتلىك بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن، سەن ئامال قىلىپ كىرىپ باق، باشقا يەرگە بارساڭمۇ ئىختىيارىڭ، لېكىن بۇ ئىقلىمدا مەندىن باشقا سۆزلەشكۈدەك بىرسىنى تاپالمايسەن، باشقا مەخلۇقلار ھەممىسى

چۈشىنىكسىز ھۆركىرەش، چىرقىراشلارنى، ئۈچرىغانلا مەخلۇقنى يېيىشنى بىلىدۇ، ھەتتا بەزىدە پەرزەنتلىرىنىمۇ يەپ قويۇشىدۇ، ساڭا ئامەت تىلەيمەن، خەير - خوش!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئويناقشىپ تاغ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كېتىپ قالدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىككە نەزەر سالدى، ئىشىكتە قۇلۇپ يوق ئىدى، بىر قانىتىغا نۇرلىنىپ تۇرغان قۇياش، يەنە بىر قانىتىغا ھىلال ئاي - يۇلتۇز نەقىشلەنگەنىدى، ئىتتىرىپ باققانىدى، گويا بىر چۈمۈلە چوڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغانچىلىك كار قىلمىدى، ئىشىكنى ئۇ قانداق ئېچىشنى بىلمىدى، كەتكۈسى تېخى كەلمىدى.

شۇ چاغ ئىشىكتىن ھەيۋەتلىك بىر سادا كەلدى:

— كىمسەن؟

شاھزادە نۇرئەزىز جاۋاب بەردى:

— ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدىگۈچى.

— بۇ يەردە كىتابلا بار، ئالتۇن ئاچقۇچ دېگەندەك نىمىلەر يوق،— دېگەن ئاۋاز كەلدى ئىشىكتىن، — بۇ يەردە بىھۇدە ئاۋارە بولماي باشقا يەردىن ئىزدە.

— كىتابنىڭ ئۆزى ئالتۇن ئاچقۇچ! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز بۇ يەردە قانداق كىتابلار بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، — مەن ئىزدەيدىغان نەرسە دەل ئاشۇ، ماڭا كىرىشكە ئىجازەت قىلغىن.

— سەندە بۇ يەرگە كىرگۈدەك سالاھىيەت يوق، — شۇنداق سادا كەلدى ئىشىكتىن، — كىرگۈزسەممۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي كېتىسەن، تېز كەت، ھازىرلا كەت!

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بۇ ئىشنىڭ سالاھىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق، مەندە چىدام - غەيرەت، يەنە ئىجتىھات بار، مەن چوقۇم كۆزلىگەن نەرسەمگە ئېرىشىمەن.

ئىشىك ئەمدى «مەرھابا! مەرھابا! مەرھابا!» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ داغدام ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز خۇشاللىق بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان يەنە يېپىلىپ قالدى، ئىچى بىر ھەشەمەتلىك ساراي بولۇپ، بارى- يوقى بىر ئالتۇن شىرە، شىرە

ئۈستىدە كارامەت چوڭ ۋە كۆركەم گۈل نەقىشلىك، زەر يالىتىلغان خۇرۇم مۇقاۋىلىق بىر كىتاب بار بولۇپ، كىتابتىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ساراي ئىچى شۇ نۇر بىلەن ئاپتاپتەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— مەن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز خۇرسەنلىك بىلەن، — بۇ يەردە بۇ كىتابنى ئوقۇۋالغىنىممۇ بىر بەخت، ئۇنىڭ بۇ يەردە ساقلانغىنىغا قارىغاندا يەر يۈزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېسىل كىتاب ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئۇ شىرە يېنىغا بېرىپ كىتابنى ئېلىپ كۆرمەكچى بولدى، لېكىن قوزغىتالمىدى، ئامالسىز ئورنىدا قالدۇرۇپ ۋاراقلىماقچى بولغانىدى، پەيدەك يەڭگىل ئۆرۈلدى، ئۇ كىتابنىڭ ۋاراقلاپ توگەتكۈسىز كۆپ بەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىچىدە جاھاندا بارلىكى ھەممە پايدىلىق بىلىملەرنىڭ ئىپار ھىدلىق يېشىل سىياھ بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ دېرىكىنى ئېلىش مەقسىتىدە كىتابنى زېھىن قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى، ئوقۇغانسېرى بېرىلىپ ئوقۇپ، باشقا ھەممىنى ئۇنتۇدى، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنىمۇ سەزمىدى، ئوقۇغانلىرى بولسا دىلىغا نەقىشلىنىپ باردى، بىر چاغدا ئۇ تۇرلۇك يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىنى قېزىش، ئۇلاردىن مەدەن تاۋلاش، ئىنسانلار تۇرمۇشىغا پايدىلىق ئەسۋابلارنى ياساش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇۋېتىپ، بىردىنلا «ئالتۇن ئاچقۇچ» ئىبىسگە كەلدى- دە، كىتابتىن ئاستا- بېشىنى كۆتۈردى، كۆز ئالدىدا بىر ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولغىنىنى كۆردى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغىنىمدا ئالتۇن ئاچقۇچمۇ قولۇمغا كەلگۈدەك.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابنى يەنە باش چۆكۈرۈپ ئوقۇشنى داۋام قىلدى، كىتابتىكى بىلىم دېڭىزىغا غەرق بولدى، لېكىن كىتابنىڭ بەتلىرى ئەسلا ۋاراقلىنىپ تۆگىمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەرۋا قىلماستىن ئوقۇشنى داۋام قىلدى، ئاخىر كىتاب يۈزىدە ئۆزلۈكىدىن بىر نۇرانە چېھىر زاھىر بولدى - دە، شۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، بىلىم دېگىزى چەكسىز ـ بىپايان، ئاستىغا شۇڭغۇپ يېتەلمەيسەن، چېتىگە ئۈزۈپ بارالمايسەن، لېكىن ئەھمىيەتلىكى ئۆگەنگىنىڭنى ئىشلىتىپ ئەلگە نەپ بېرىشتە، ئەگەر ئوقۇش بىلەنلا بولساڭ، ئۆمرۈڭ يار بەرمەيدۇ، ئۆگەنگىنىڭنى ئىشلىتىش پۇرسىتىڭ تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەمدى بارغىن، ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن تىلسىمنى بويسۇندۇرغىن، سېنى يەنە نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۆئەللەقتە ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇرغان ئالتۇن ئاچقۇچنى كۆردى، خۇشاللىقى قىن-قىنىغا سىغمىغان ھالدا قولىغا ئېلىپ، ئاچقۇچقا نەقىشلەنگەن «بىلىم — كۈچ» دېگەن خەتلەرنى كۆردى.

كىتاب ئەمدى ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ، ئۇنىڭدىن: «بارغىن، ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇر، ئىزدەنگۈچىلەر سەن ئوقۇپ بولالمىغاننى ئوقۇغىلى كېلىدۇ» دېگەن يېقىملىق سادا كەلدى، ئارقىدىنلا ئالتۇن ئىشىك يەنە داغدام ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن كىتابقا ئاخىرقى بىر قېتىم قاراۋېتىپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى سىقىملىغىنىچە سىرتقا چىقتى، شۇ ھامان ئىشىك يېپىلىپ قالدى، ئۇنى ئالتۇن سۇمۇرغ كۈتۈۋالدى.

— نېمانچە ئۇزاقتا چىقىسەن، — دېدى ئۇ رەنجىگەندەك، — سېنى ساقلىغىلى قىرىق كېچە - كۈندۈز بولدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كۈلۈمسىرەپ، — ساقلاۋاتقىنىڭدىن خەۋەرسىزمەن، سېنى كەتتى دەپ ئويلىغانىدىم.

— بۇ قاباھەتلىك ئىقلىمدا كەلگەن يولۇمنى تاپالماي تېنەپلا يۈردۇم، — دېدى سۇمۇرغ، — ئاخىر يەنە بۇيەرگە قايتىپ كەلدىم، ئالتۇن مويلۇق كىچىك جانىۋار سېنى ساقلىشىمنى دەۋەت قىلدى، ساقلاۋېرىپ سەۋر قاچام يېرىلاي دېگەنىدى. ئەمدى بۇ يەردىن چىقىش يولىنى بىزگە كىم كۆرسىتىپ بېرەركىن.

— ئالتۇن ئاچقۇچ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇ بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

— سېنىڭغۇ كىرگەن ئىشىككە باشلاپ بارارمەن، لېكىن مەن باشقا

يولدىن كەلگەنىدىم، شۇ يولنى ئەمدى قانداق تاپارمەن، — دېدى سۇمۇرغ.

— خاتىرجەم بول، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئالتۇن ئاچقۇچلا بولىدىكەن، ھەممە غەمدىن خالاس قىلىدۇ.

— ياخشىسى، ئۇنىڭغا كومپاس ياساپ بەر، — دېدى شۇ چاغ غەلىتە كىچىك مەخلۇق بىر كاماردىن بېشىنى چىقىرىپ، — ئۇ ئازماي كېتىشۋېرىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈردى، غەلىتە كىچىك مەخلۇق بىرنەچچە پارچە ئالتۇن ئەكېلىپ بەردى، شاھزادە نۇرئەزىز خېلى ئەجىر قىلىپ، بىر كومپاس ياسىدى، ئاندىن ئالتۇن ئاچقۇچقا خىتاب قىلدى:

— خاسىيەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچۇم، كومپاسقا جان كىرگۈزۈپ، ئىشلەيدىغان قىلىپ بەرگىن، سۇمۇرغنىڭ يولىنى كۆرستىپ بەرسۇن.

شۇ ھامان ئالتۇن ئاچقۇچتىن ئالتۇن رەڭلىك نۇر تۆكۈلۈپ، كومپاس ملى بىر تەرەپكە ئاغدى.

— بىلدىم، — دېدى سۇمۇرغ كومپاسنى بىرلا چوقۇپ يۇتۇۋېتىپ،— ئەمدى ئۇ دىلىمدا تۇرۇپ يول كۆرسەتسۇن، سېنى كىرگەن ئىشىكىڭدىن چىقىرىۋېتىپ ئاندىن كېتەي.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى چىڭ سىقىملاپ، سۇمۇرغقا مىندى، ئالتۇن ئاچقۇچتىن بىر ئالتۇن يۇلتۇز چىقىپ، ئالتۇن رەڭلىك ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى، سۇمۇرغ ئىزنى بويلاپ ئەگىشىپ ئۇچتى، ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپ، ئاخىر ئاسمان گۈمبىزىدە غىل - پال چېلىقىپ تۇرغان بىر ئىشىكنى كۆردى. ئالتۇن يۇلتۇز ئۇرۇلغان ھامان ئىشىك ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىزمۇ كۆرۈنمەس بىر قول تارتىۋالغاندەك سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدىن ئاجراپ ئىشىك سىرتىدىكى سارايغا چىقىپ قالدى، شۇ ھامان ئىشىك غايىب بولدى، قالغان ئىككى ئىشىك بولسا ئۆز پېتى تۇراتتى.

— ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ - دە، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قايغۇرۇپ، — تىنچ - ئامان بولغىيدى ئىلاھىم.

ئەمدى سۆزنى ئۈچ باشلىق شىردىن ئاڭلىغايمىز. ئۈچ باشلىق

شىرنى سىقىملىۋالغان قول ئۇنى ئىشىك ئىچىگە ئەكىرىپلا قويۇۋەتتى، بۇيەردە ئۇچۇپ يۈرگەن ئاجايىپ - غارايىپ يىرتقۇچ قۇشلار ئۇنى كۆرۈپلا قى - چۇ قىلىشىپ، ھەممىسى ئۇنى ئوۋلاش قەستىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى پىلدەك، چوڭلىرى كىچىك تاغدەك يوغان بولۇپ پەيلىرى ئۆتكۈر تىغ ئىدى.

ئۇچ باشلىق شىر ئوت پۈركۈدى، كار قىلمىدى، سۇ پۈركۈدى، كار قىلمىدى، شامال چىقىرىپمۇ باقتى، ھېچبىرىگە كار قىلمىدى، ئامالسىز بار كۈچىنى يىغىپ تېز ئۇچۇپ، گاھىلىرىنىڭ ئۆتكۈر تۇمشۇقى ئاستىدىن، گاھىلىرىنىڭ پولات پەنجىلىرى ئارىسىدىن قېچىپ، يەم بولۇش گىردابىدىن قۇتۇلدى، قۇلاق تۈۋىدە بولسا «قايتقىن، ئامان قالىسەن!» دېگەن ئاۋاز تەكرار - تەكرار ئاڭلىنىپ تۇردى، لېكىن ئۇ قايتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

«قورقۇنچاق، نان قېپى، يارىماس دېگەندەك نومۇسلۇق ئاتاقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمدىن، بۇ يەردە مۇشۇلارغا يەم بولۇپ تۈگەشكىنىم ياخشىراق» دېدى ئۇچ باشلىق شىر ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىق بىلەن.

ئۇ ئۇچ كېچە - كۈندۈز توختىماي تېرىكىشىپ يۈرۈپ، يىرتقۇچ قۇشلار توپىدىن تىنچ - ئامان قۇتۇلۇۋالدى - دە، ئۇقتەك تېزلىكى بىلەن كېلەلىگىسىز يىرتقۇچ قۇشلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، ئەمما يەرگە قونۇپ ئارام ئېلىۋالاي دېگۈچە يېڭى بىر خەۋپ ئۇنى كۈتۈۋالدى، يەر يۈزىدىن سان - ساناقسىز ئوقيالار ۋىشىلداپ ئېتىلىپ ئۇنى قوغلىدى، ئەسلىدە بۇ يەردە ئۆز مويلىرىنى ئوقيا قىلىپ ئېتىپ، باشقا جانىۋارلارنى ئوۋلاپ يەيدىغان ۋەھشىي مەخلۇقلار ياشايتتى.

ئۇچ باشلىق شىر دەرھال ئېگىزگە ئۆرلەپ ئۇچۇپ، ئاخىر ئوق يېتەلمەيدىغان ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئامان قالدى. ئارام ئالىدىغان جاي ئىزدەپ يەنە ئۇچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، شۇنداق كېتىۋېتىپ بارغانسىرى قۇياشقا يېقىنلاپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ھالسىزلاندى، چۈنكى ئۇ كېتىۋاتقان تەرەپتە غايەت ئېگىز بىر يانار تاغ ئاغزىدىن دوزاخ ئوتىدەك يانغىنلار يېنىپ، قىپقىزىل لاۋىلار دەريادەك ئېقىن ياساپ ئېقىپ

چۈشۈۋاتاتتى، ئاخىرى بولسا يانار تاغ ئەتراپىدىكى تېگى يوق ھاڭلارغا قۇيۇلۇپ تۈگەيتتى.

ئۈچ باشلىق شىرغا ئەمدى ئىلگىرىلەشكە ئىمكان بولماي تۆۋەنلەشكە توغرا كەلدى، قۇلاق تۈۋىدە بولسا:

«قايتقىن، ئامان قالىسەن!» دېگەن سادا ياڭراپ تۇردى، لېكىن ئۇنىڭ جىسمى ھالسىزلانغان بولسىمۇ ئىرادىسى بوشاشمىغاچقا ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ئۈچۈۋەردى، تەلىيىگە مويىلىرىنى ئوق قىلىپ ئاتىدىغان ۋەھشىي مەخلۇقلار يوق بىر جايغا قوندى، لېكىن بۇ يەر يانار تاغقا يېقىنلا بولغاچقا تاش تۈپرىقى قىپقىزىل چوغلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۈچ باشلىق شىر سۇ پۈركۈپ، قىزىق ھارارەتنى پەسەيتىپ، دەسسىگۈدەك جاي پەيدا قىلدى - دە، بىرئاز ئارام ئالدى، خېلى ماغدۇرىغا كېلىپ قالغاندەك بولدى، شۇنداق تۇرۇپ ئۆتكۈر قۇلاقلىرى بىر تەرەپتىن دۈپۈر - دۈپۈر، دۈپۈر - دۈپۈر قىلغان، زېمىننى لەرزىگە سېلىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى - دە، دەرھال قوزغىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، تۆۋەنگە نەزەر سالدى.

بىر تەرەپتىن بوي - بەستى كىچىك تاغدەك كېلىدىغان ئاجايىپ مەخلۇقلار دۈپۈرلەپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن توققۇز باشلىق يىلانلار ئوقتەك قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئالدىدا قاچالىغان گىگانت مەخلۇقلار قۇتۇلدى، كەينىدە قالغانلىرى توققۇز باشلىق يىلانلارغا يەم بولدى ،ئۇلار ئۇلجىسىنى توققۇز بېشىدا تەڭلا قاساپ- چىشلەپ، تىتما-تىتما قىلىپ يۇتاتتى، توققۇز باشلىق يىلانلار ئەمدى بۇ يەردىن باشقا جايغا يۆرۈش قىلىشقا تەييارلاندى، بىراق دەل شۇ پەيتتە ئۈچ باشلىق بىر گىگانت قۇش كېلىپ تۇمشۇقلىرىدىن گۇرۇلدىتىپ ئوت پۈركۈدى، قاچالماي چالا كاۋاپ بولغان يىلانلارنى ئوت ئىچىدىن چاڭگاللاپ تارتىۋېلىپ، ئۇچۇپ كەتتى.

— يا رەببىم! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر سوغۇق تەرگە چۆمۈپ،— شاھزادە نۇرئەزىز بىر ئىنسان بالىسى تۇرۇپ بەش تىلسىم تەخسىنى ۋەيران قىلدى، شۇ جەرياندا قانچىلىغان مۈشكۈل - خەتەرگە دۇچ كەلگەندۇ - ھە، بىراق ھەممىسىدىن ئامان قالدى، مەن بولسام ئالتۇن

ئاچقۇچنى تېپىشنىڭ مۇشۇ بىرقېتىملىق پۇرسىتىگىلا ئېرىشتىم، لېكىن قاناتلىق تۇرۇپ، ئۇچ بېشىمدا ئۇچ خاسىيەت بار تۇرۇپ، شۇنچە رىيازەت چەكتىم، ئەمما تېخىغىچە ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ دېرىكىنى قىلالمىدىم، راستىنىلا بىر يارىماس ئىكەنمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ مەيۇسلەندى، مەيۇسلەنگەنسېرى تېنى ئېغىرلاشقاندەك بولۇپ ھالسىزلاندى، قۇلاق تۈۋىدە ھېلىقى ئېزىنتقۇ ئاۋاز تېخىمۇ جاراڭلىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ياق! — توۋلىۋەتتى ئۇچ باشلىق شىر بىر چاغدا، ئالەمنى زىلزىلىگە سالغۇدەك چىداملىق، غەيرەتلىك، قەيسەر بولۇشۇم كېرەك، ئالتۇن ئاچقۇچنى مەنمۇ تاپالايمەن.

شۇ ھامان ئۇ ۋۇجۇدى تۈگىمەس كۈچ- قۇدرەتكە، غەيرەت - جاسارەتكە تولۇپ، ھارغىنلىق، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى غايىب بولدى. ھېلىقى ئېزىنتقۇ ئاۋازمۇ يوقالدى، ئۇ ئەمدى پەيدەك يەڭگىللەپ، يانار تاغنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئالتۇن ئاچقۇچ چوقۇم مۇشۇ ئىقلىمنىڭ بىرەر يېرىدە، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، — ھەرقانچە مۇشكۈل - خەتەر بولسىمۇ چوقۇم ئىزدەيمەن، ئالتۇن ئاچقۇچنى ھامان تاپالايمەن.

ئۇ گاھ يىرتقۇچ قۇشلارغا، گاھ ئۇچار ئەجدىھالارغا، گاھ يەر يۈزىدە تۇرۇپلا دەم تارتىپ كېتىدىغان يالماۋۇز باشلارغا، گاھ تۇرلۇك ئاپەت يېغىپ تۇرغان خەتەرلىك ھاۋارايىغا دۇچ كەلدى، لېكىن بوي بەرمەستىن ئۇچۇشنى داۋام قىلدى، گاھى جەڭ قىلدى، گاھى قاچتى. شۇنداق قىلىپ، ئامان قالدى، شۇ ھالدا نەچچە ئون كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، خېلى كۆپ جايلارغا باردى، لېكىن ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ دېرىكى بولمىدى ياكى سورىغۇدەك بىرەرسى ئۇچرىمىدى، ئاخىر شۇ ئىقلىم بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىغا يەتتى، تاغ ئۈستىدە ئاپئاق بۇلۇت - تۇمانلار لەيلەپ تۇراتتى.

ئۇچ باشلىق شىر ئۈمىد بىلەن ئۆرلەپ ئۇچۇپ، تاغ چوققىسىغا قوندى. تاغ گويا خېيىم - خەتەر دېڭىزىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېگانە خادا تاشتەك، مۇشۇ ئىقلىم بويىچە خەۋپ - خەتەر، مۇشكۇلاتلاردىن

خالىي بىردىنبىر ئارامگاھ ئىدى.
گەرچە كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ ھەممە يېرىدە كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلار چېچىپ تۇرغان، زىلال چەشمە سۇلىرى ھەرتەرەپكە شىلدىرلاپ ئېقىپ، ئېقىنلاردا ئاجايىپ - غارايىپ رەڭدار بېلىقلار ئويناقشىپ، ئېقىن بويلىرىدا تۈزدىنمۇ گۈزەلرەك قۇشلار يورغىلىشىپ، بۇلبۇلدىنمۇ يېقىملىق سايرىغۇچى قۇشلار چاڭگىلداپ سايرىشىپ يۈرگەنىدى. مەيىن شامالنىڭ يەلپۈشلىرى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، تاشلىرى ئورنىدا گۆھەر - ياقۇتلار چېچىلىپ ياتاتتى. قىسقىسى، بۇ تاغ چوققىسى گويا شۇ ئىقلىمنىڭ جەننىتى ئىدى.
ئۈچ باشلىق شىر ئاستا قەدەم تاشلاپ بۇ ئېرەمباغنى ئارىلىدى. تۇيۇقسىز گۈللەر ئارىسىدىن مويلىرى قاردەك ئاق ۋە نۇرلۇق، كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆپكۆك، لەۋلىرى ئانار دانىسىدەك، بويى زىلۋا - نازۇكقىنە، بويىنى ئۇزۇن ۋە چىرايلىق بىر چىشى شىر چىقىپ كەلدى.
— ئاھ! — دېۋەتتى ئۈچ باشلىق شىر ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — مېنىڭ قوۋمىمدىمۇ مۇشۇنداق ساھىبجامالالار باركىنە؟!
— مەرھابا! — دېدى ئاق شىر مۇزىكىدەك يېقىملىق بىر ئاھاڭ-دا، — ئارامگاھىمغا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن.
— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز گۈزىلىم، — سورىدى ئۈچ باشلىق شىر تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن، ئۇ شۇ كەمگىچە ھېچكىمگە بۇنداق سىلىق-سىپايىلىك بىلەن سۆزلەپ باقمىغانىدى.
— مۇشۇ خىلۋەت ئارامگاھىنىڭ ئىگىسى، — دېدى ئاق شىر ئىنسانەك نازاكەت بىلەن، — سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟
— تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدەپ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.
بۇ ئارامگاھىنىڭ سىرتى كۈرمىڭ خەتەرگە تولغان تۇرسا، ئاشۇ بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچ ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ يەنە ئەجەبسىنغاندەك.

— شۇنداق! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئېيتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن، — مەن ئۇنى تاپمىغۇچە توختىمايمەن.

— ھاماقەت! — دېدى ئاق شىر نازىنىن قىزلاردەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئارقىدىنلا ئۇ گۈللەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ غايىب بولدى. ئۇ غايىب بولۇشى ھامان ئۈچ باشلىق شىر ئۆزىنى گويا يۈرىكىنى بىرسى يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى - دە، تۈرلماي گۈللەر ئارىسىدا يورغىلاپ، ئاق شىرنى ئىزدىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمىدى. شۇ چاغ بۇلاق ئىچىدە پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقان بېلىقلارنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندەك «ۋىلىق - ۋىلىق» كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— كۈلۈشمە! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنى چوقۇم تېپىۋالىمەن.

ئۇ ئېرەمباغدا ئاق شىرنى ئىزدەپ توپتوغرا ئۈچ كۈن يورغىلىدى، ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى، يىگىنە ئىزدىگەن بولسىمۇ تېپىۋالار ئىدى، لېكىن ئاق شىرنىڭ سايىسىمۇ تېپىلمىدى ياكى ئۇنىڭ مەرىدىن كېچىپ كېتەلمىدى.

ئاخىر ئۇنى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىغان بىر مەزگىلدە يەنە ئاق شىرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىدى.

— سىز مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، شۇڭا سىزگە ئەمدى قايتا كۆرۈنگۈم يوق، ئۈچ كېچە - كۈندۈزلا ئەمەس، ئۈچ يىل ئىزدىسىڭىزمۇ مېنى تاپالمايسىز.

— ياق ئامرىقىم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ، — سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇ تاپتا يۈرەك - باغرىمدا كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ.

— ئىشەنمەيمەن، — شۇنداق سادا كەلدى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە نازلىنىپ.

— ئىشەنگىن جېنىم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بىلەمسەن، ئۇلۇك تەرەپتىكى بىرىنچى بېشىمدىن ئوت پۈركۈيەلەيمەن، بۇ شۇ بېشىمدىكى ئاغزىمدا ساقلانغان قىزىل گۆھەرنىڭ خاسىيىتى، قىزىل گۆھەر قىممەتلىك بايلىقىم، جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ نۇرلۇق، ئۇنىڭدىنمۇ

كۆركەم قىزىل گۆھەر يوق، ئۇ گويا چوغ بولۇپ يانغان قىزىل يۇرەككە، ئوتقاشتەك نۇرلىنىپ تۇرغان قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ، خالىساڭ ئۇنى ساڭا تەقدىم قىلاي، ساڭا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپ ئالمىدەك بىر تال قىزىل گۆھەرنى ئاغزىدىن چىقاردى، گۆھەردىن تارالغان نۇر ئىرەمباغنى شەپەق قىزىللىقىغا چۆمدۈردى، شۇ هامان كۆرۈنمەس بىر قول قىزىل گۆھەرنى ئەكېتىپ، بىر تەرەپتە ئاق شىرنىڭ سۇدىكى كۆلەڭگىدەك سىيماسى زاھىر بولدى.

— سىز مۇشۇ بىر تال گۆھىرىڭىز بىلەن مېنى ئالدىماقچىمۇ؟ — دېدى ئاق شىرنىڭ كۆلەڭگىسى جىلۋە - ناز بىلەن.

— ماڭا ئىشەنگىن! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — بىلەمسەن، ئوتتۇرىدىكى بېشىمدىن سۆز پۈركۈيەلەيمەن، بۇ شۇ بېشىمدىكى ئاغزىمدا ساقلانغان ئاق گۆھەرنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بولغان. ئاق گۆھەر جاھاندىكى ئەڭ قىممەت، ئەڭ غۇبارسىز، داغسىز گۆھەر، ئۇنىڭدا ساڭا بولغان پاك مۇھەببىتىم جىلۋە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قارىساڭ مېنىڭ قەلبىمنى كۆرەلەيسەن، ئۇ قىشتا ياغقان تۇنجى قاردەك ئاق، سەدەپ قوينىدىكى مەرۋايىتتەك پاك، پارلاپ تۇرغان قۇياشتەك نۇرلۇق، خالىساڭ ئۇنىمۇ ساڭا تەقدىم قىلاي.

ئۇ شۇنداق دەپ يەنە ئالمىدەك چوڭلۇقتىكى قاردەك ئاق ۋە قۇياشتەك نۇرلۇق بىر گۆھەرنى ئاغزىدىن چىقاردى، ئىرەمباغدا ئاق نۇر جىلۋە قىلدى، سامادىن سانسىزلىغان يۇلتۇزلار تۆكۈلگەندەك بىر كۆرۈنۈش زاھىر بولدى، شۇ هامان ئاق گۆھەرنىمۇ كۆرۈنمەس بىر قول ئەكەتتى، ئاق شىرنىڭ ھېلىلا تاراپ كېتىدىغان تۇتەكتەك سىيماسى تېخىمۇ روشەنلەشتى ۋە يېقىنلاشتى.

— يەنىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ مۈگىلىنىپ.

— ئىشەن ئامرىقىم! — دېدى ئۈچ باشلىق شىرمۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، — بىلەمسەن، سول تەرەپتىكى بېشىمدىن شامال چىقىرالايمەن، بۇ شۇ بېشىمدىكى ئاغزىمدا ساقلانغان كۆك گۆھەرنىڭ كارامىتى، كۆك گۆھەرمۇ باشقا ئىككى گۆھەردەك بىباھا ئەڭگۈشتەر،

جاھاندىكى ھەممە گۆھەرلەرنى يىغساڭمۇ ئۇنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولماس، ئۇ بولسىلا تومۇز ئىسسىقتىمۇ غۇر - غۇر سالقىن شامال ھۇزۇرىنى سۈرىسەن، ئۇ بولسىلا قاناتسىزمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا سەيلە قىلىسەن، ئۇ بولسىلا گۈللەر ئارىسىدا كېپىنەكتەك ئۇچىسەن، ئۇنىڭغا قارىساڭ ساڭا بولغان مەڭگۈ سولماس مۇھەببىتىمنى كۆرىسەن، ئۇنىڭ شاملى ساڭا تەلپۈنۈپ سوقۇۋاتقان يۈرەك تىنىقىمنى ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ شاملى يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىنى يەتكۈزۈپ بارىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى چوڭقۇرلۇقىغا يەتكۈسىز دېڭىزدەك كۆك، بۇلۇتسىز كەڭ سامادەك كۆك، ئۇ مېنىڭ ھەم چوڭقۇر، ھەم چەكسىز مۇھەببىتىمنىڭ سىمۋولى، ماڭا ئىشەن، مەن بارلىقىمنى ساڭا بېغىشلاشقا رازى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئاغزىدىن يەنە ئالمىدەك چوڭلۇقتىكى كۆپكۆك بىر گۆھەرنى چىقاردى، ئۇنىڭدىن بالقىغان كۆك نۇر ئېرەمباغنى كۆكۈچ رەڭگە، كۆكۈچ تۇمان، كۆكۈچ بۇلۇتلارغا پۈركۈدى، غۇر - غۇر شامال چىقىپ گۈللەر ئۇسسۇلغا چۈشتى، قۇشلارنىڭ سايرىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، شۇ ھامان بىر كۆرۈنمەس قول كۆك گۆھەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى، ئاق شىر بۇلۇت - تۇمانلار ئارىسىدىن لەرزان قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلدى، لېكىن ئۇ ئۈركۈپ تۇرغان كېيىكتەك، يېقىنلاشسا قېچىپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى، كۆزىدە بولسا مەرۋايىتتەك ياشلىرى لىغىرلايتتى.

— ئەمدى تەقدىم قىلغۇدەك، مۇھەببىتىڭىزگە ئىسپات بولغۇدەك يەنە نېمە قالدى؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — يەنىلا سىزگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن.

— ئىشتىياقىڭدا چوغلانغان قىپقىزىل يۈرىكىم قالدى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ،— خالىساڭ ئۇنىمۇ سۇغۇرۇۋېلىپ، ساڭا تەقدىم قىلاي.

— سىز شۇنداق دېگەنىبىلەن ھامىنى مېنى تاشلاپ كېتىسىز، — دېدى ئاق شىر كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاققان ھالدا، — بۇ يەرگە ئالتۇن ئاچقۇچنى دەپ كەلدىڭىز، ئۇنى تېپىۋالسىڭىزلا كېتىپ قالىسىز، مەن يەنە تەنھا قالىمەن، ھىجران ئازابىنى تارتىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بىرگە كېتىمىز، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

— ھازىر ئۈچ گۆھىرىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز، ئۇلارنى قولدىن چىقارماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، مۇشكۈل- خەتەرگە تولغان بۇ ئىقلىمدىن ئەمدى مەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىمۇ ئامان - ئېسەن ئەكېتەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

— ياق! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — مەندە تېخى جاھاندىكى ھەممە گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك بولغان جاسارەت بار، پەقەت شۇلا بولىدىكەن قانىتىم سۇنمايدۇ، ماغدۇرۇم ئۈزۈلمەيدۇ، مۇشكۈلاتلار مېنى توسۇيالمايدۇ، بەلكى ئۆزۈممۇ، سېنىمۇ تىنچ - ئامان ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

— مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسىڭىز بۇ يەردە قېلىڭ، — دېدى ئاق شىر ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، — خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماڭ، بۇ يەردە شېرىن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ، ئارامخۇدا ياشايمىز.

— ھازىرچە ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھەسرەت بىلەن، — مېنى تولىمۇ قىيىن تاللاشتا قويدۇڭ، ئەگەر ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ بارمىسام كۇرمىڭ خەتەرلەر ئىچىدە بىرگە بولغان سادىق دوستۇم مەڭگۈ تىلسىم ئىچىگە قامىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرى بەش تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇرغۇچە تارتقان ھەممە جەبىر - جاپاسى بىكار بولىدۇ، ئەرۋاھ ھۆكۈمانىڭ مېنى سېھىر جادۇگەرنىڭ تىلسىم بالاسىدىن ئازاد قىلىپ تەربىيەلىگىنى، بار سېھرىي كۈچ - ھېكمىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۈچ گۆھەرگە ئىگە قىلغىنى بىكار بولىدۇ، سېنىڭچە مەن بۇلارنى ئۇنتۇپ، ئۆز بەختىمنىلا، ئۆز راھەت - پاراغىتىمنىلا ئويلىسام بولارمۇ، ياق، ئالتۇن ئاچقۇچنى چوقۇم تاپىمەن، مېنى كەچۈرگىن، سەن قەلبىمدە مەڭگۈ قۇياشتەك پارلايسەن، يۈرىكىمدە سەندىن بىر ئەستىلىك قالدۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ئۈچ گۆھەردىن ئايرىلغىنىمغا ئۆكۈنمەيمەن، ئەمدى ئۆز ئىشىمغا ماڭاي، خۇدا نېسىپ قىلىپ كېيىن پۇرسەت بولسا سېنى ئىزدەپ كېلىمەن.

— ئالتۇن ئاچقۇچ يانار تاغدا، — دېدى ئاق شىر ئۇنىڭدىن

كۆزلىرىنى ئېپ قېچىپ، ــ ئۆيەرگە بارسىڭىز ھالاك بولىسىز.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى ئۈچ باشلىق شىر، ــ يول كۆرسەتكىنىڭگە رەھمەت، ئامان بولغىن.

ئۇ شۇنداق دەپلا قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى، ئاق شىر ئارقىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى.

ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى چىشىنى چىشلەپ، ئالتۇن ئاچقۇچتىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ كۆتۈرۈلگەن يانغىن ۋە تۈتەكلەرگە قاراپ يۆنىلىشىنى بەلگىلىۋالدى - دە، شىددەت بىلەن ئۇچۇپ كەتتى، سۇرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن ئۇنى قوغلىغان يىرتقۇچ قۇشلارمۇ، توسۇغان يالماۋۇز باشلىق قۇشلارمۇ، ئۇچقۇر ئوق يىلانلارمۇ نائۇمىد قالدى. پۈركۈلگەن ئوت، زەھەرلىك چاچراندىلارمۇ، ئېتىلغان يا ئوقىدەك قۇش پەيلىرىمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمىدى، نەچچە كېچە - كۈندۈز توختىماستىن ئۇچتى، ئاخىر يانار تاغقىمۇ يېقىنلىدى، يىرتقۇچلار بالاسىدىنمۇ قۇتۇلدى، بىراق ئەمدى قىزىق ھارارەت ۋە زەھەرلىك تۈتەك، لاۋا چاچراندىلىرى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەممىگە چىداپ، يانار تاغ ئۈستىگە ئۆرلەپ، ئوت يالقۇنلىرى ۋە تۈتەك - تۇمانلار ئارىسىدىن دوزاخنىڭ ئوچىقىدەك لاۋا قايناپ، گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان يانار تاغ ئاغزىغا نەزەر سالدى، لاۋا ئىچىدە تاۋلىنىپ، پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن ئاچقۇچنى كۆردى، بۇ يەردىن ئالتۇن ئاچقۇچنى ئالىمەن دېيىش دوزاخقا ئۆزىنى تاشلىغانغا باراۋەر ئىدى، لېكىن ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ يانار تاغ ئاغزىغا شۇڭغۇدى، تېزلا قاناتلىرى كۆيۈپ، مويلىرى ئۆتلىنىپ، تېنى لاۋا چاچراندىلىرىدا ئۆتمتۆشۈك بولۇپ تېشىلىپ، ھوشىدىن كەتتى.

ــ كەينىڭگە قايت! ئامان قالىسەن، ــ شۇنداق شىۋىرلاش ئاڭلاندى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە.

بىراق، ئۇ بىر چاغدا يۈزىگە ئۇرۇلغان سالقىنلىق تەپتىدە ھوشىغا كەلدى، قولىدا ئالتۇن ئاچقۇچنى سىقىملىغان، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە زەخىملەر قىلچىلىك ئىز قالماي ساقىيىپ، ئاجايىپ زور كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ھالەتتە ئىدى، خۇشاللىقى قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا

ئۆرلەپ ئۇچۇۋېتىپ، يانار تاغنىڭ ئەمدى بىر مۇز تاغقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى، ھەيرانلىق ئىچىدە ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىۋېتىپ، يەنە ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان ئاق شىرنى كۆردى، بىراق ئۇمۇ شۇ تاپتا سۈپسۈزۈك خىرۇستالدىن ئويۇلغاندەك بىر ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بىر قولىدا بىر خىرۇستال شار نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ئۈچ باشلىق شىر يۈرىكى خەنجەردە تىلىنغاندەك بولۇپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يىغلىۋەتتى، ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى، ئاق شىرنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن ئىنتىلدى.

— ياق! — شۇنداق بىر ياڭراق سادا كەلدى ئاق شىرنىڭ خىرۇستالدەك سۈزۈك جىسمىدىن، — ماڭا يېقىنلاشماڭ، تېز كېتىڭ، بولمىسا سىزمۇ ماڭا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولىسىز، خىرۇستال شارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئامان قالمايسىز، ئالتۇن ئاچقۇچقا قاراڭ، ئۇنىڭغا نەقىشلەنگىنى سىز ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسە، شۇنداقلا ئۇ سىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، تېز مېڭىڭ، ھەممە تىلسىم بويسۇندۇرۇلغاندا مەنمۇ ئەسلىمگە كېلىمەن، بىر كۈنلەردە يەنە ئۇچرىشىش نېسىپ بولۇپ قالار، خەير - خوش، سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

ئۈچ باشلىق شىر ئالتۇن ئاچقۇچقا سىنچىلاپ قارىدى، ئاچقۇچنىڭ بىر تەرىپىگە «جاسارەت»، يەنە بىر تەرىپىگە «ساداقەت» دېگەن خەتلەر نەقىشلەنگىنىنى كۆردى، شۇ ھامان كۆز يېشى توختاپ، غەيرىتى تېخىمۇ جۇش ئۇردى - دە:

— سەن ئۈچۈن بولسىمۇ چوقۇم تىلسىمنى بويسۇندۇرىمەن، — دەپ شىۋىرلىغىنىچە مەھبۇبىنىڭ مۇز جىسمىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋېتىپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇ چاغ قىزىل، ئاق، كۆك گۆھەرلەر قاياقتىندۇر ئاقار يۇلتۇزلاردەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېغىزلىرىدىن كىرىپ كەتتى.

ئۈچ باشلىق شىر كەلگەن تەرىپىنى كۆزلەپ ئۇچتى، نەچچە ئون كۈنلەر كۈرمىڭ خەتەر - مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ ئۇچۇپ، ئاخىر ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ نىشان كۆرسىتىشى بىلەن شاھزادە نۇرئەزىز تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان سارايغا چىقتى، شۇھامان ئىككىنچى ئىشىك

غايىب بولدى، دوستلار خۇشاللىق ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— يارايسەن! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئاخىر تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدىڭ، سەندىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— مېنى يارىماس چاغلىغان بولغىيتتىڭ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر چېقىشىپ.

— سېنى شۇنداق چاغلىغانىڭ تىلى كۆيسۇن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئەمدى غوڭقا پەرىمۇ قايتىپ كەلسە بولاتتى.

— ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر تەسەللى ئېيتقاندەك، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈۋاتاتتى.

ئەمدى سۆزنى غوڭقا پەرىدىن ئاڭلاش كېرەك. ئۇنى تۈتۈپ ئەكىرىپ كەتكەن قول بىر خۇش ھاۋالىق باغۇچىمەنزارغا تاشلىدى. بۇ يەردە تالى مەجنۇندەك ئەۋرىشىم شاخلاردا تاۋاقتەك - تاۋاقتەك ئاجايىپ يارقىن رەڭلەردىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، سەلكىن شامالدا ئىرغاڭلاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، بۇلدۇقلاپ تۇرغان زىلال چەشمىلەردە بويى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان، تېنى رەڭگارەڭ ئالتۇن قاسراقچىلار بىلەن قاپلانغان سۇ پەرىلىرىمۇ پىلتىڭلاپ شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. ھەر بۇلاقنىڭ يېنىدا نەچچىلىگەن گۈزەل قۇشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر قۇشلار ئوركېستىرى گۈللەر ۋە سۇ پەرىلىرى ئۈچۈن مۇزىكا ئورۇنلاۋاتاتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ياكى مۇزىكا ئورۇنلاۋاتقان ھالەتتە ئىدى، ھەتتا باغۇچىمەنزارغا چۈشكەن قۇياش نۇرىمۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

غوڭقا پەرى بۇ ئاجايىپ مەنزىرە تۈرتكىسىدە ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي نازۇك بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۈمۈش تارلىرىدىن يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇدەك ئاجايىپ سېھرىلىك بىر كۈي ياڭراتتى. شۇھامان گۈللەر ئۇسسۇلدىن توختىدى،سۇ پەرىلىرى بۇلاق بويىدا ئېگەكلىرىنى يۆلىگىنىچە يانپاشلىدى، قۇشلار ئوركېستىردىكىلەرمۇ مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، سەلكىن شامالمۇ توختاپ، قۇياش نۇرىمۇ چىمەنزارغا جىمجىتلا سىڭىپ كەتتى، ھەممە سۈكۈنات ئىچىدە بار ئىشتىياقى بىلەن غوڭقا پەرىنىڭ سېھرىلىك كۈيىگە

قولاق سالدى.

ئۈچ كىچە ـ كۈندۈز شۇ ھالەتتە ئۆتۈپ كەتتى، كۈندۈزى قۇياش بۇ سېھىرلىك كۆيدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي پېتىشقا ئالدىرىمىسا، كېچىسى ئاي مەپتۇنلۇقىدىن ماگار يولىدىن ئازدى. ئاخىر غوگقا پەرى كۈمۈش تارلىرىدىن نازۇك بارماقلىرىنى تارتىۋالغاندىلا بۇ سۆكۈناتقا خاتىمە بېرىلىپ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياگرىدى، گۈللەر ياپراقلىرىدا، قۇشلار قاناتلىرىدا، سۇ پەرىلىرى نازۇك قوللىرىدا چاۋاك چالدى، مەيىن شامال يېشىل چۆپلەرنى شىلدىرلاتتى، چەشمىلەردىن فونتانلار ئېتىلدى.

ــ تەشەككۈر! ــ دېدى ھەممە بىر ئېغىزدىن، ــ سىز بىزگە ھازىرغىچە ئاگلىغان كۈيلەر ئىچىدىكى ئەڭ يېقىملىقىنى بەخش ئەتتىگىز.

ــ رەھمەت سىلەرگە، ــ دېدى غوگقا پەرى كەمتەرلىك بىلەن،ــ سىلەرنىڭ مېنى، كۈيلىرىمنى قەدىرلىگىنىگلارغا رەھمەت، مەنمۇ بۇ كۈينى سىلەرنىڭ يېقىملىق مۇزىكا، نەپىس ئۇسسۇلۇگلار ئىلھامىدا چالدىم، سىلەردىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، ماڭا ياردەم قىلارسىلەرمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە! ــ دېدى گۈللەر، قۇشلار، سۇ پەرىلىرى تەگلا.

تىلسىم تەخىسنى بويسۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، ــ ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟

ــ ئېيتىپ بېرەلمەيمىز، ــ دېيىشتى ئۇلار مەيۈسلۈك بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى غوگقا پەرى، ــ بەلكىم باشقا جايلاردا بىلىدىغان بىرەرسى يولۇقۇپ قالار.

ــ بىراق بىز قانداق قىلغاندا ئالتۇن ئاچقۇچ ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز، ــ دېدى بىر سۇ پەرىسى.

ــ شۇنداق، ــ دېيىشتى باشقىلارمۇ، ــ خالىسىگىز سىزگە ئېيتىپ بېرەيلى، سىز شۇ بويىچە قىلسىگىز ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشەلەيسىز.

ــ قېنى ئېيتىگلارچۇ؟! ــ دېدى غوگقا پەرى خۇشال بولۇپ، ــ ياردىمىگلاردا ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، شۇ تاپتا ئۇنى تېپىشقا، ئۇنىگغا ئېرىشىشكە تولىمۇ تەقەززامەن.

گۈللەر، قۇشلار، سۇ پەرىلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ پەس ئاۋازدا بىرھازا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرسى شۇنداق دېدى:

— بۇ ئىش بىز ئۈچۈن بەك ئازابلىق، لېكىن سىز ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازى بولدۇق. ئاڭلاڭ، بىز چەك تاشلايمىز، چەككە چىققان گۈلنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىپ ئوتقا تاشلاڭ، ئاندىن يەنە چەككە چىققان ساھىبجامال سۇ پەرىلىرىنىڭ ئالتۇن قاسىراقلىرىنى ئاجرىتىۋېلىپ ئوتقا تاشلاڭ، ئاندىن يەنە چەككە چىققان قۇشنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇۋېلىپ ئوتقا تاشلاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز تىلسىمنى بويسۇندۇرغۇچى ئالتۇن ئاچقۇچ تاۋلىنىپ چىقىدۇ، بىز ھازىر چەك تاشلايلى.

— ياق! — تۇۋلىۋەتتى غوڭقا پەرى، — ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن، باشقىلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى بەدىلىگە ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ نومۇسسىزلىق، تاش يۈرەكلىك، ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، مەن باشقا يول ئارقىلىق ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپىمەن.

ئەگەر بۇ ئىشنى ئۆز قولىڭىز بىلەن بېجىرىشكە رايىڭىز بارمىسا بىز ئۆزىمىز ھەرىكەتلىنىپ، ئالتۇن ئاچقۇچ تاۋلاپ بېرەيلى، — دېدى يەنە بىرسى.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — شۇنداق قىلىشقا يول قويۇش تۇگۇل ئويلاشقىمۇ ئۇيىلىمەن، سىلەردەك ئالىيجاناب بولمىسامۇ، لېكىن ھەر ھالدا باغرىم يۇمشاق، ساپ دىلمەن، ئۇنداق پاجىئە بەدىلىگە ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىششنى خالىمايمەن، ئەمدى بۇ گەپنى تىلغا ئالمايلى، بولامدۇ.

— لېكىن باشقا يول بىلەن تاپىمەن دېسىڭىز نۇرغۇن خەتەرگە يولۇقىسىز، ھەتتا ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى يەنە بىرسى.

— مەيلى! — دېدى غوڭقا پەرى قەتئىيلىك بىلەن، — ھاياتلىق ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك، بۇ يەردە ئۈچ جانغا زامىن بولۇپ، ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشكۈچە ئۆزۈم قانچىلىك خەتەرگە يولۇقسام بەرداشلىق بېرىمەن، بەدەل تۆلەش كېرەك بولسىمۇ ئۈچ جاننى نابۇت قىلغاندىن،

مەن بىر جاننى قۇربان قىلغان ئەۋزەل، خەير - خوش، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سەلكىن شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك يەڭگىل كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭ! — تووۋلاشتى گۈللەر، قۇشلار، سۇ پەرىلىرى بىر ئېغىزدىن، — ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئامان قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمىز، بىز سىزگە موھتاج.

غوڭغا پەرى شۇ ئۇچقانچە بۇ باغۇچىمەنزارنىڭ مۇھاپىزەت تېمىدەك بىر سېپىلدىن ھالقىدى، سېپىلنىڭ بۇ تەرىپى بىر خىشى ئالتۇن، بىر خىشى كۈمۈشتىن، تۈرلۈك گۆھەرلەر بىلەن نەقىشلەر چىقىرىلغان بەكمۇ نەپىس، لېكىن يەنە بىر تەرىپى بولسا بىر خىشى تۆمۈردىن بولسا، بىر خىشى قوغۇشۇندىن، پولات مىخلار بىلەن قورقۇنچلۇق سۈرەتلەر ھاسىل قىلىنغان بىر ھالەتتە ئىدى.

بۇ يەردە گۈللەر سولغۇن ۋە قاپقارا رەڭدە بويالغان ھالەتتە، تۇپرىقىمۇ قاپقارا كۆل ۋە كۈيە بىلەن تولغانىدى. نە قۇشلارنىڭ سايرىشى، نە شامالنىڭ يەلپۈشى يوق ئىدى، ھەتتا ئېرىقلىرىدىمۇ تېپتىنچ قارا سىياھ ئاقاتتى، ئاسمىنىدا بولسا قارا بۇلۇت - تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى.

غوڭغا پەرى ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ئاخىر يەنە ئالدىغا قاراپ ئۇچۇۋەردى. بىر چاغدا ئالدىغا ھەممە ئەزاسى قارىغا بوياپ قويۇلغاندەك، بويى بىر غېرىچ، نازۇككىنە كېپىنەك پەرىلەرگە دۇچ كەلدى، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ساڭگىلاپ، ئۇچقۇدەك مادارىمۇ قالمىغانىدى.

— سىز كىم؟ — سورىدى ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن.

— غوڭغا تەنلىك پەرىزات، مۇزىكا ئورۇنلىغۇچى، — دېدى غوڭغا پەرى ئارقىدىن ئەجەبلىنىش تۇيغۇلىرىنى باسالماي سورىدى، — سىلەرچۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ساڭگىلاپ قالدىڭلار؟

— بىز كېپىنەك پەرىلەر، — دېدى ئۇلار چۇۋۇرلىشىپ، — بۇ بىزنىڭ ئېرەمبېغىمىز ئىدى، ھازىر ئۆزگىرىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى،

سەۋەبىنى ئېيتىشتىن قورقىمىز، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، بولمىسا سىزمۇ يامان كۈنگە قالىسىز.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭلەرگە رەھمەت، بىراق سىلەرنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشكە قىيمايمەن، ئاۋۋال سىلەرگە نېمە ئاپەت كەلگىنىنى بىلەي، ئاندىن قولۇمدىن كېلىشىچە سىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلاي،— دېدى ئۇ.

بىزگە ياردەم قىلىمەن دەپ ئۆزىڭىزمۇ بىزدەك ئاقىۋەتكە قالىسىز، بۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايمىز، ئازاب - كۈلپەت بىز بىلەنلا قالسۇن، تېز كېتىڭ، بىرەرنەرسە ئىزدەپ كەلگەن بولسىڭىز باشقا يەردىن ئىزدەڭ، بىز بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى قەتئىيلىك بىلەن، — سىلەردەك ئاق كۆڭۈل دوستلارغا ياردەم قولۇمنى سۇنمايلا كەتسەم بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىمەن، ئازابلىنىمەن، ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ھازىر ئۇنى ئىزدەشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، سىلەرگە ياردەم قىلاي، سىلەرنى تاشلاپ كېتىشىمنى سىرلىق سارايدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان دوستلىرىممۇ راۋا كۆرمەيدۇ، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرگە بىر مۆزىكا ئورۇنلاپ بېرەي، بولامدۇ، كۆڭلۈڭلەردىن غەم - قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى كېپىنەك پەرىلەر ھودۇقۇپ،— مۆزىكىڭىزنى شۇنچە ئاڭلىغۇمىز بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلالمايمىز، سەۋەبىنى ھامان بىلىپ قالىسىز، سىز ھازىر ئۈن - تىۋىشسىزلا ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ بېقىڭ، كۆپ ئېھتىيات قىلىڭ.

غوڭقا پەرى ئۇلارنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، كۆرسەتكەن تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلىدى، يۈرىكى ئوتتا پۈچىلانغاندەك بولدى، چۈنكى بۇ يەردە بىرمۇنچە كېپىنەك پەرىلەر گاھىلىرى چېچىدىن گۈللەرگە ئېسىپ قويۇلغان، گاھىلىرى زىنجىلارغا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان ۋە گاھىلىرى قاناتلىرى قىرقىلىپ، پۇتىدىن باغلاپ ئېسىلغان، گاھىلىرى ئۆمۈچۈك تورىغا چىرمىشىپ قالغان ھالەتتە تۇرغان، بىرنەچچە ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكلەر بولسا ئۇلارنىڭ قېنىنى

شوراۋاتقانىدى.

— ئاھ خۇدا! — شىۋىرلىدى غوڭقا پەرى، — ماڭا ئازاب سالغان مەلئۇنلاردىن بۇ يەردىمۇ بار ئىكەنغۇ، تېخى ئۇلار بۇ زەئىپ بىچارىلەرنى كۆلپەت ئوتىدا كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆمۈش تارلىرىنى زەرب بىلەن چەكتى، قەھر - غەزەپلىك بىر كۈي ياڭرىدى. ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكلەر چۆچۈشۈپ، ھەر تەرەپكە قاراپ چەكچىيىشتى. ئۇنىڭغىچە دەھشەتلىك ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ، ئۇلاردىن نەچچىسى چاقماققا يولۇقۇپ كۆيۈپ كۈل بولدى، نەچچىسى گۈلدۈرمامىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇنچىدا قان قۇسۇپ ئۆلدى، شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى بىر تەرەپ بولدى، ئۆمۈچۈك تورلىرىمۇ ۋە كېپىنەك پەرىلەرگە سانجىلغان زىخلارمۇ كۆيۈپ تۈگىدى، ئەمما كېپىنەك پەرىلەر نە چاقماقنىڭ، نە گۈلدۈرمامىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىدى.

غوڭقا پەرى ئۇلارنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، خېلى كۆپىنىڭ تېخى تىنىقى بارلىقىنى ھېس قىلدى- دە، ئەمدى ئارامبەخش بىر كۈيگە كۆمۈش تارلىرىنى چېكىشكە باشلىدى، شۇ ھامان سەلكىن شامال چىقىپ كېپىنەك پەرىلەرنى سۆيۈپ ئۆتتى، كېپىنەك پەرىلەر ھوشىغا كېلىپ:

— رەھمەت! — دېيىشتى زەئىپ ئاۋازدا، — ئەمدى تېز كېتىڭ، چوڭ ئۆمۈچۈك جىن كېلىپ، بالىلىرى ئۈچۈن سىزدىن قىساس ئالىدۇ، بىز سىزگە ياردەم قىلالمايمىز، تېز كېتىڭ، ئۇ ئۇيقۇغا كەتمىگەنلا بولسا ھېلىلا كېپقالىدۇ.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى، — سىلەرنى بۇ ھالدا تاشلاپ كەتمەيمەن، چوقۇم ئۇنى يوقىتىمەن، ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ.

— ئۇ قارا تاغدىكى ئۆمۈچۈك غارىدا، — دېدى كېپىنەك پەرىلەر،— بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بالىلىرىنى ئەۋەتىپ قېنىمىزنى شوراتقۇزدى، ئېرەمبېغىمىزنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، سىز ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈردىڭىز، ئەمدى ئۇ ھېچقايسىمىزنى بوش قويمايدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن، ئۇنىڭ يەنە ئەسكىلىك قىلىشىغا

يول قويمايمەن، ــــ دېدى غوڭقا پەرى قەھر بىلەن.

شۇ قارارغا كەلگەن بولسىڭىز توسۇپ قالالمىغۇدەكمىز، ئۇ ھازىر 40 كۈنلۈك ئۆيقۇدا، شۇ پۇرسەتتە قاچسىڭىز بەلكىم قۇتۇلۇپ قالار ئىدىڭىز، ئۇنى يوقىتىش بولسا زور بەدەل تۆلىنىدىغان خەتەرلىك بىر ئىش، ــــ دېيىشتى كېپىنەك پەرىلەر يەنە.

ــــ مەن ھەممىگە رازى، ــــ دېدى غوڭقا پەرى قەتئىيلىك بىلەن،ــــ ئېيتىڭلارچۇ؟ ئۆمۈچۈك جىننى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلسام بولار؟

ــــ سىزنى بىر يەرگە باشلاپ باراي، ــــ دېدى سەل ماغدۇرغا كەلگەن بىر كېپىنەك پەرى.

غوڭقا پەرى ئۇ باشلىغان تەرەپكە ئۇچتى، ئاخىر ئېرەمباغنىڭ دەرۋازىسىغا يەتتى، دەرۋازىدا ئوقياسىنى بەتلەپ تۇرغان بىر دېۋىنىڭ قارا تاش ھەيكىلى تۇراتتى.

ــــ ئۇ بىزنىڭ مۇھاپىزەتچىمىز ئىدى، ــــ دېدى كېپىنەك پەرى،ــــ ئۇ ئۇخلاپ قالمىسىلا ھەرقانداق يامان نىيەتلىك مەخلۇقنى ئېرەمباغقا كىرگۈزمەيتتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمۈچۈك جىن تۇيدۇرماستىنلا ئۇخلىتىش ئەپسۇنى ئوقۇپتۇ، يەنە شامال چىقىرىپ بىھوش قىلغۇچى تالقان دورىسىنى چېچىپتۇ، ئۇخلاتقۇچى ئىسرىق ھىدىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇخلاتقۇچى ئەپسۇن ئوقۇپ ھۆرۈلگەن سۇنى ئاسمانغا چېچىپ يامغۇر ياغدۇرۇپتۇ، ئىشقىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ، ئاخىر شۇ ھۈنەرلىرىدىن بىرسى كارغا كېپ قىلىپ، مۇھاپىزەتچىمىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ. شۇ پۇرسەتتە ئۆمۈچۈك جىن يېقىنلاپ كېلىپ، ئەپسۇن ئوقۇلغان بىرچاڭگال تۇپراقنى چېچىۋەتتى، مۇھاپىزەتچىمىز قاراتاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېرەمباققا باللىرىنى ئەۋەتىپ، بىزنى ئازاب - كۈلپەتكە دۇچار قىلدى، ئەگەر مۇھاپىزەتچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەلىسىڭىز، ئۇ ئۆمۈچۈك جىننى يوقىتاتتى.

ــــ بىراق، ئەپسۇن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، ــــ دېدى غوڭقا پەرى قايغۇرۇپ، ــــ باشقىلارنىڭ ئەپسۇنىنى ياندۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن،

بىلىدىغىنىم پەقەت مۇزىكا .

— ئېرەمباغقا بىر شاتۇتى كېلىدىغان، — دېدى كېپىنەك پەرى ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇ ياخشى دوستىمىز ئىدى، ھالىمىزغا ئېچىناتتى، بىزنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايتتى. بىز قايتىپ كېتەيلى، ئەگەر ئۇ بۈگۈنمۇ كېلىپ قالسا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايلى.

— ئۇنداقتا قايتايلى، — دېدى غوڭقا پەرى.

ئۇلار ئېرەمباغقا قايتتى، ھايالسىزلا ئالتۇن تۇمشۇق، ئالتۇن پەنجىلىك، كۆزلىرى ھال رەڭ ياقۇت پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك، پەي - قاناتلىرى قاردەك ئاق ۋە جۇلالىق بىر چوڭ شاتۇتى ئۇچۇپ كەلدى.

— خۇش كەپسىز، — دېدى كېپىنەك پەرى، — سىزگە تەقەززا بولۇپ تۇرغانىدۇق.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى شاتۇتى سالاملىشىۋېتىپ، — بۇ يەردە يەنە نېمە ئىشلار بولدى ؟

— ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل پەرىزات، — دېدى كېپىنەك پەرى، — ئۇ كىچىك ئۆمۈچۈك جىنلارنى يوقىتىپ بىزنى ئازاد قىلدى، ئەمدى مۇھاپىزەتچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي سىزدىن مەسلىھەت سورايلى دەپ تۇرغانىدۇق، ئۇ نە ئەپسۇن ئوقۇش، نە سېھىر- جادۇنى قايتۇرۇش دېگەنلەرنى بىلمەيدىكەن.

— ئىلگىرى بىرسى چۈشۈمدە كېپىنەك پەرىلەرنى ئازابتىن خالاس قىلغۇچى پات يېقىندا كېلىدۇ دەپ بېشارەت بەرگەن، مانا شۇ چۈشۈم رېئاللىققا ئايلىنىپتۇ، — دېدى شاتۇتى خۇشاللىق بىلەن، — بىر ئاق كۆڭۈل پېرىخوننى بىلىمەن، بەلكىم مۇھاپىزەتچىڭلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئۇ ياردەم قىلالار.

— مېنى باشلاپ بارغىن، — دېدى غوڭقا پەرى، — ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى بىرلىكتە ئۆتۈنەيلى.

— يول خەتەرلىك، — دېدى شاتۇتى قايغۇرۇپ، — مەنمۇ دوستلىرىم ئۈچۈن ھەرقانچە خەتەر بولسىمۇ مەيلى، لېكىن سىز تەۋەككۈل قىلىسىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى سىز ئۇلار ئۈچۈن ئاز - تولا ياردەم بېرەلەيسىز، سىز قېلىڭ، ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىغان مەن

باراي.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى، — بەلكىم مېنىڭ بارغىنىم توغرۇلۇق، سەن يولدا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىساڭ بىز يولباشچىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ھېلىقى پېرىخوننى تاپالمايمىز.

— بىللە بارايلى، — دېدى شاتۇتى، — بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولارمىز.

ئۇلار بىللە ئۇچۇپ كەتتى، ئېرەمباغدىن ھالقىپ، خېلى يوللارنى بېسىپ، بىر دېڭىز ئۈستىگە يەتتى، دېڭىز تۈيۈقسىز دولقۇنلاپ، قايناملاردىن ئاجايىپ سۇ مەخلۇقلىرى ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىشكە ئۇرۇندى.

— قايتايلى، — دېدى شاتۇتى ئالاقزادە بولۇپ، — ھەرقانچە ئېگىز ئۇچساقمۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمىز، تېخى ئالدىمىزدا ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىمۇ يالماپ كېتىدىغان يامانلىرى يولۇقۇشى مۇمكىن، باشقا يول تاپايلى.

— توختا، — دېدى غوڭقا پەرى، — بىزگە بىكار ئايلىنىپ يۈرىدىغان ۋاقىت يوق، ئۈمۈچۈك جىن ئويغانغۇچە تېز بېرىپ ئىشنى پۈتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ئۇ شۇ سۆزنى دەپلا نازۇك بارماقلىرىدا كۈمۈش تارلىرىنى چېكىپ، ئاراملىق بېغىشلىغۇچى يېقىملىق بىر كۈي ياڭراتتى، شۇ ھامان دېڭىز تىنچلىنىپ، غەلىتە سۇ ھايۋانلىرى غايىب بولدى، غوڭقا پەرى مۇزىكىنى توختاتماي، شاتۇتىغا ئەگىشىپ ئۇچۇۋەردى، ئاخىر ئۇچ كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ دېڭىزدىن ئۆتتى، دېڭىزنىڭ بۇ تەرىپى بىر شورلۇق بولۇپ، زەھەرلىك يىلان - چايانلار ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ يەپ ياشىغۇچى يىرتقۇچ قۇشلار ماكانى ئىدى.

— مۇزىكىڭىزنى توختاتماڭ، — دېدى شاتۇتى، — مۇزىكىڭىزنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بۇلار ياۋاشلاپ، بىزگە چېقىلمىسا ئەجەب ئەمەس.

غوڭقا پەرى بارماقلىرىنىڭ تېلىپ ئاغرىپ كەتكىنىگە قارىماي، مۇزىكا چېلىشنى داۋام قىلدى، ئۇ ئەزەلدىن ئۇچ كېچە - كۈندۈزدىن ئارتۇق چالالمايتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا ۋاقىت ئۇچ كېچە - كۈندۈزدىن

خېلى ئاشقان بولسىمۇ، يېقىملىق كۈيلىرىنى توختاتماي ياڭرىتىشقا توغرا كەلدى، چۈنكى ئۇ بىردەملىك توختاپ قېلىشنىڭ ئۇلارغا ئەجەل ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوبدانلا ھېس قىلغانىدى، شۇ تاپتا يىلان-چايانلار مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئويقۇغا كەتكەنىدى، يىرتقۇچ قۇشلار بولسا قىيا تاشلار ئۈستىدە، قاقشال دەرەخلەر شېخىدا مىت قىلماي ئولتۇرۇپ، غوڭقا مۇزىكىسىنى تىڭشىماقتا ئىدى.

غوڭقا پەرى بارا - بارا قوللىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن قىپقىزىل قانلار كۈمۈش تارلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى، قان تامغان جايلاردىن ھايالسىزلا قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ بۇ مۇدھىش جەزىرىگە گۈزەللىك بېغىشلىدى، شۇ ھامان جەزىرە قوينىدىكى شورلۇقلاردىن بۇلدۇقلاپ بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى، ئارقىدىنلا زېمىندىن يېشىل زۈمرەتتەك مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپ، تېزلا ئۆسۈپ، ئاجايىپ - غارايىپ ۋە رەڭگارەڭ گۈل-گىياھلارغا ئايلىنىپ پورەكلەپ ئېچىلدى، قاقشال دەرەخلەرمۇ يېشىل لىباسلارغا ئورىنىپ، شاخ - شېخىدا كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان مېۋىلەر سانجاق - سانجاق چۈشۈشكە باشلىدى، يىلان - چايانلار ئېقىنلاردا ئويناقشىپ يۈرىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش بېلىقلارغا ئايلاندى، يىرتقۇچ قۇشلار توز- شاتۇتى، بۇلبۇل - سوقسۇر، ئاققۇ...... دېگەندەك كۆركەم قۇشلارغا ئايلىنىپ، گاھىلىرى غوڭقا مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بەزىلىرى چاڭگىلداپ سايراشقا ، بۇ زېمىن بولسا ئەمدى جەننەت مىسالى بىر باغۇگۈلىستانغا ئايلاندى.

شۇ چاغ يەردىن بىر تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ، تۈتۈن ئىچىدىن كۆزلىرى تامنىڭ تۆشۈكىدەك، يۈزى ھېلىلىدەك قورۇلغان، تېنى قۇرۇق قاقشالغا ئايلىنىپ، پاخماق چاچلىرى چاڭگىلىشىپ، بوزىرىپ كەتكەن بىر بەتبەشرە موماي پەيدا بولدى- دە:

— زېمىنىمدا گۈل ئۈندۈرگەن سەنمۇ؟ — دېدى دەھشەتلىك بىر ئەلپازدا.

شۇنداق، — دېدى غوڭقا پەرى مۇلايىملىق بىلەن، — ئەمدى بۇ يەر ئارامبەخش ئېرەمباغقا ئايلاندى، ئۇنىڭدىكى گۈزەل نەرسىلەردىن

ھۇزۇر ئالىسىز، ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ ياشىرىسىز، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا قورۇقلىرىڭىز تۈگەپ، بوز چاچلىرىڭىز قارىداشقا، تېنىڭىز ئەتلىنىشكە باشلىدى، قاراڭ، ئەينەكتەك سۇ يۈزىگە، ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەللىشىپ بېرىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈڭ.

پېرىخون ھەقىقەتەن ئۆزگەرمەكتە ئىدى، ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ، ئاندىن سۇ يۈزىگە قارىدى، ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆردى، ئەتلىنىپ قېلىۋاتقان بەدەنلىرىنى، قورۇقلىرى تۈگەپ قېلىۋاتقان يۈزلىرىنى سىلىدى.

— مەرھابا! — دېدى ئۇ ئاخىر يېقىملىق تەلەپپۇزدا، — سەن مېنىڭ تاشتەك يۈرىكىمنىمۇ ئېرىتكەندەك، قاراڭغۇ زۇلمەت دىلىمنى يورۇتۇۋەتكەندەك قىلىسەن.

شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىغا بويىنىغا ئالتۇن قوڭغۇراق ئېسىلغان، مويلىرى قاردەك ئاق، كۆزلىرى زۇمرەتتەك يېشىل، ئەمما ئۈچ باشلىق بىر چىرايلىق مۈشۈك ئويناقشىپ كەلدى، ئۆزگىچە گۈل - نەقىشلىك پەي قاناتلىرى نەچچە ئون خىل رەڭدە ۋاللىداپ - جۇلالاپ تۇرىدىغان ئۈچ باشلىق چوڭ توزمۇ ئۇچۇپ كەلدى.

— بۇلارمۇ ئۆزگىرىپتۇ، — دېدى پېرىخون سەل ئەجەبلەنگەندەك، — ئۇلار ئەسلى ئۈچ باشلىق كەسلەنچۈك بىلەن ئۈچ باشلىق كۆرۈمسىز يىرتقۇچ تازقارا ئىدى.

— ئەسلىدە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى شاتۇتى سۆز قىستۇرۇپ، — مەن ھېچقاچان سىزنى بۇنداق گۈزەل قىياپەتتە كۆرۈپ باقمىغان.

پېرىخون يەنە ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ يۈزىگە قارىدى، شۇ تاپتا ئۇ بىر ساھىبجامال پەرىزاتقا ئايلىنىپ قالغانىدى .

— پېرىخونغا ئوخشمايلا قاپتىمەن، — دېدى ئۇ سەل دىلىغۇللۇق ئىچىدە، — بۇرۇن بەك سۈرلۈك، بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق ئىدىم، سەن شۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ باقمىدىڭ پەرىزات، كۆرگەن بولساڭ يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتەتتى، بايا كەلگىنىمدىمۇ خېلىلا ئۆزگىرىپ، ئادەم ئىسكەتىگە كېپقالغانىدىم، ئەمدى بۇ ھالىتىمدىن كىممۇ ئەيمىنەر، شۇ

تۇرقۇم بىلەن رەقىبلىرىمنى قانداقمۇ قورقۇنچقا سالالايمەن، ئەمدى ھەركىم مېنىڭ پېيىمدە يۈرىدۇ .

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى غوڭقا پەرى كۈلۈمسىرەپ، — سىز يەنىلا قۇدرەتلىك، پەقەت قىياپىتىڭىز ئۆزگەردى، خالاس. سىز پېرىخون بولسىڭىز بولۇۋېرىڭ، بەتبەشىرە پېرىخون بولمىسىڭىزمۇ ساھىبجامال پېرىخون بولسىڭىز بولىدىغۇ ،باشقىلار سۆرلۈك ئەپتىڭىزدىن ئەمەس، بەلكى سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىڭىزدىن ئەيمىنىدۇ. رەقىبلىرىڭىزگىمۇ قورقۇنچلۇق سىياقىڭىز بىلەن ئەمەس، بەلكى سېھرى كۈچ - قۇدرىتىڭىزنىڭ زەربىسىدە قورقۇنچ سالىسىز، ھازىرقى گۈزەل قىياپىتىڭىز ئەينەككە ھەر قارىغىنىڭىزدىمۇ ئۆزگىچە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ئەمەسمۇ.

— خەير! — دېدى پېرىخون ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇرۇنقى ياۋۇزلۇقۇم بىلەن خوشلاشساممۇ خوشلىشاي، تۇرق - سىياقىمنىڭ ئۆزگەرگىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، ئىلگىرى ئەينەككە قاراشتىنمۇ ئەيمىنەتتىم، ھەتتا ئۆز سايەمدىنمۇ ئۈركۈپ قالاتتىم، ئەمدى ئېيتقىنا، بۇيەرگە نېمە ئىش بىلەن كېپقالدىڭ؟

— كېپىنەك پەرىلەر ياردىمىڭىزگە موھتاج، — دېدى غوڭقا پەرى،— ئۇلارنىڭ ئىرەمبېغىنى ئۆمۈچۈك جىنلار ئىگىلىۋاپتۇ، ئۇلار تېخى بۇ بىچارىلەرنىڭ قېنىنى شوراپ، قاتتىق ئازابلايدىكەن، ئۇلارغا ياردەم قىلغان بولسىڭىز، كېپىنەك پەرىلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىسى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنىكەن، شەپقەت قىلىپ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسىڭىزلا بولغىنى، ئۇ ئۆمۈچۈك جىننى يوقىتىپ، كېپىنەك پەرىلەرگە ئەمىنلىك بەرگەن بولاتتى.

— ئۆمۈچۈك جىنغۇ مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ باقمىغان، بىراق ئاجىز، بىچارىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان بولسا قاراپ تۇرساق بولماس، بوپتۇ، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى پېرىخون، ئاندىن ئۇچ باشلىق مۇشۇكنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇچ باشلىق توزغا مىندى - دە، ئۇچۇپ كەتتى. غوڭقا پەرى بىلەن شاتۇتى ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلار تېزلا تۇۋرۈك، پېشايۋانلارغا تولىمۇ رەڭدار ۋە كۆركەم گۈل - چېچەكلىك غەلىتە ئۆسۈملۈكلەر چىرمىشىپ ئۆسكەن بىر ھەشەمەتلىك ساراي ئالدىغا

يېتىپ باردى.

— ئوردامدۇ ئۆزگىرىپتۇ، — دېدى پېرىخون مەمنۇنلۇق بىلەن، ئاندىن ئۇ غوڭقا پەرىنى باشلاپ بىر يەر ئاستى ھۇجرىغا كىردى، مانا بۇ يەر ھەقىقىي پېرىخونلار ماكانىغا ئوخشاش بولۇپ، يەردە يىلان - چايانلار ۋە باشقا گېزەندىلەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى؛ قونداقلاردا بولسا ئاجايىپ - غارايىپ ئۇچار قاناتلار ھېلىلا چوقۇۋالىدىغاندەك ئەلپازدا ھۈرپىيىپ تۇراتتى؛ شىرە - جاۋەنلەردە بولسا رەڭگارەڭ سۇيۇقلۇقلار تولدۇرۇلغان بوتۇلكىلار، زەھەرلىك ھاشاراتلار، غەلىتە كىچىك مەخلۇقلار سولانغان شىشە- كومزەكلەر يەنە ھەرخىل ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرمۇ قويۇلغانىدى.

پېرىخون سەككىز بوتۇلكىدىن سەككىز خىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى بىر قاچىغا تېمىتتى، ئاندىن غوڭقا پەرىگە قاراپ:

— ئەمدى سېنىڭ يۈرەك قېنىڭدىن ئۈچ تامچە، كۆز يېشىڭدىن ئۈچ تامچە كېرەك، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — بىراق بۇنداق ئازابلىق بەدەل تۆلەشتىن ۋاز كەچسەڭمۇ بولىدۇ.

— ۋاز كەچمەيمەن، — دېدى غوڭقا پەرى، — ھەتتا ھاياتىمنى بەدەل قىلىشقىمۇ تەييارمەن.

— پاك قېنىڭ بىلەن كۆز يېشىڭ دورامنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانچە كۈچلۈك سېھرىي جادۇمۇ يېنىپ كېتىدۇ، تەييارلان، — دېدى پېرىخون، ئاندىن ئۇ ئۇچى كاۋاك بىر تىكەننى غوڭقا پەرىنىڭ سول كۆكسىگە سانجىدى، غوڭقا پەرىنىڭ ئازاب ئىچىدە گۈل رەڭگى كۈلدەك بولۇپ، ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى.

— تېزرەك بولۇڭ، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، پېرىخون دەرھال بىر قاچىغا ئۈچ تامچە كۆز يېشىنى ئېلىۋېلىپ، ئارقىدىنلا تىكەننىمۇ سۇغۇرۇۋالدى، غوڭقا پەرى بولسا ھالسىزلانغىنىدىن پوككىدە يەرگە چۈشتى، مىغىلداپ يۈرگەن گېزەندىلەر ئۈستىدە يېتىپ قالدى.

پېرىخون بىر سېھىرلىك تاياقنى شىلتىغانىدى، شامال چىقىپ، غوڭقا پەرىنى ئۇچۇرۇپ ھۇجرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

پېرىخون ئەمدى قان ۋە كۆز يېشىنى سەككىز خىل رەڭلىك سۈيۈقلۇقنىڭ بىرىكمىسىگە قوشتى، شۇھامان ئۇلار بىرلىشىپ، ۋاراقلاپ قايناپ، ھورىدىن تۈرلۈك قورقۇنچلۇق شەكىللەر پەيدا بولدى، ھەرخىل ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئاخىر قايناش توختىغاندا ھەممە تىنچلىنىپ، قاچىدا بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك سۇ پەيدا بولدى. پېرىخون سۇنى كىچىك بىر كۈمۈش قاپاققا قاچىلىدى - دە، يەر ئاستى ھۇجرىدىن چىقتى.

— ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېدى شاتۇتى يىلىنىپ، — ئۇ ھوشىدىن كەتتى، تىنىقمۇ توختاپلا قالدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى پېرىخون، ئاندىن ئۇ بىرلا پىرقىراپ غايىب بولدى ۋە يىراقلاردىن، — ئۈچ كۈندە كېلىمەن! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

شاتۇتى، ئۈچ باشلىق مۈشۈك ۋە ئۈچ باشلىق توز غوڭقا پەرىنىڭ جانسىز مۇردىدەك بولۇپ قالغان جىسمىنى چۆرىدەپ پىغانلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ قىلىشتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ھېچ يەرگىمۇ بېرىشمىدى، ساق ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندە، يەنە ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر ئاللىيېشىل تۈتەك پەيدا بولۇپ، تۈتەك ئىچىدىن پېرىخون چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا يوپۇرمىقى يېشىل زۇمرەت ۋە گۈلى ھال رەڭ ياقۇتتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر گىياھ بار ئىدى.

پېرىخون نۇرلۇق گىياھنى غوڭقا پەرىنىڭ كۆكسىگە قويدى، نۇرلۇق گىياھ ئاستا - ئاستا غوڭقا پەرىنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى، شۇ ھامان غوڭقا پەرىنىڭ تېنىدىن نۇر يېغىپ، چېھرىگە قىزىللىق يۈگۈردى، ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ روھلۇق ۋە تېتىك ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى.

رەھمەت سىزگە، — دېدى پېرىخونغا مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن قاراپ، — ماڭا يېڭى ھاياتلىق بېغىشلىدىڭىز.

— ئەمدى ساڭا ھېچنېمىدىن زەخىم يەتمەيدۇ، — دېدى پېرىخون كۈلۈمسىرەپ، — ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ يىل ساز چالساڭمۇ قوللىرىڭ قانىمايدۇ، چارچىمايسەن، ھالسىزلانمايسەن، قەبىھ سېھىر - جادۇلارمۇ

ساڭا كار قىلمايدۇ، ئەمدى تېز بارغىن، كېپىنەك پەرىلەرنى كۆلپەتتىن خالاس قىل، مانا بۇ قاپاقتىكى سېھىرنى ياندۇرغۇچى سۇ، ئۇنى چاچساڭ كېپىنەك پەرىلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئەسلىگە كېلىدۇ ھەم قايتا سېھىرلەنمەيدىغان بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ غوڭقا پەرىگە كۈمۈش قاپاقنى بەردى، غوڭقا پەرى خەيرلىشىپ شاتۇتى بىلەن بىرگە كەلگەن تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

— سىلەر ئۇچۇن دېڭىزنى تىنچلاندۇرىمەن، — دەپ توۋلىدى پېرىخون، — ھېچنېمىگە قارىماي تېز ئۇچۇڭلار، ئۆمۈچۈك جىن ئويغىنىشتىن بۇرۇن يېتىپ بېرىڭلار.

غوڭقا پەرى بار كۈچى بىلەن تېز ئۇچتى، يېتىشەلمەي قالغان شاتۇتى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تىنچلىنىپ قالغان دېڭىزدىنمۇ ئۆتۈپ تېزلا ئېرەمباغقا قوندى.

— تېز، تېزرەك بولايلى، — دېدى شاتۇتى، — ئۆمۈچۈك جىن ئويغىنىپتۇ.

غوڭقا پەرى دەرھال كۈمۈش قاپاقتىكى سېھىرلىك سۇنى تاشقا ئايلىنىپ قالغان دېۋىگە چاچتى، شۇ ھامان بىر تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، تاشقا ئايلانغان دېۋە ئورنىدا قاردەك ئاق، سېمىز، بۇدرۇققىنە، خويمۇ ئوماق بىر دېۋە بالا پەيدا بولدى - دە، دۈمبىسىدىن بىر جۈپ ئاق قۇ قانىتىدەك قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتى، بىراق يىراققا بارمايلا ئالدىدىن قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلارنى دولقۇنلىتىپ، بوران چىقىرىپ كېلىۋاتقان ئۆمۈچۈك جىنغا يولۇقتى. ئوقياسىنى ئۆمۈچۈك جىنىنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇۋاتقان ئاغزىغا قارىتىپ ئاتتى، ئۆمۈچۈك جىن قاپقارا يالقۇن پۈركۈدى، قارا يالقۇن دېۋە بالىغا كار قىلمىدى، ئوق بولسا ئۆمۈچۈك جىنىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ گەجگىسىدىن چىقتى، ئاندىن يەنە دېۋە بالىنىڭ ئوقدىنىغا قايتىپ كەلدى، ئۆمۈچۈك جىن دەھشەتلىك چىرقىراپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇردى، ئاخىر قاپقارا قان - يىرىڭ قۇسۇپ، پوككىدە يەرگە چۈشتى - دە، تولغىنىپ - تولغىنىپ جان بەردى، تېنى بىر ئوت ئىچىدە قېلىپ كۆيۈپ كۈل بولدى، قارا بۇلۇت -

تۇمانلار غايىب بولۇپ، بوران توختىدى. يىراقلاردىكى بىر تاغدىن ئاسمان - پەلەك يانغىن كۆتۈرۈلۈپ، قىيا - چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئوت ئۆچتى، بىرھازادىن كېيىن ھەممە تىنچىدى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى شاتۇتى خۇشاللىق بىلەن، — ئۆمۈچۈك جىننىڭ ئۇۋىسىمۇ گۇمران بولۇپ تۇخۇمى قۇرۇدى، خوپ بولدى، بۇ مەلئۇنلار كۆرمىڭلىغان قوۋم - قېرىنداشلىرىمغا زىيان سالغانىدى.

دىۋە بالا ئەمدى ئېرەمباغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى، كېپىنەك پەرىلەر غوڭقا پەرىنى ئورىۋېلىپ، ئېرەمباغقا ئېلىپ كىردى، لېكىن ئېرەمباغ يەنىلا قارا رەڭگە پۈركەنگەن، قارا كۆيە، قارا كۆلگە مىلەنگەن ھالەتتە ئىدى.

— بۇ جاي ئەسلىگە كەلمەپتۇ، — دېدى غوڭقا پەرى قايغۇرۇپ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى كېپىنەك پەرىلەر، — بىز ئاستا - ئاستا تازىلىۋالىمىز، شۇ تاپتا يېقىملىق مۇزىكىڭىزنى ئاڭلىغۇمىز بار.

غوڭقا پەرى ئۇلارنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، نازۇك بارماقلىرىدا كۈمۈش تارلىرىنى چەكتى، ئېرەمباغدا ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ئارامبەخش كۈي ياڭرىدى، كۈي ئەۋجىگە چىققاندا كۈچلۈك بىر شامال چىقىپ، قارا كۆيە، كۆل - تۇزانلارنى زەررىچە قويماي ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلاپ، ئۈچ كۈنگىچە توختىمىدى، يامغۇر توختىغاندا ئېرەمباغ پاك - پاكىز تازىلىنىپ، ئېقىنلار سۈزۈلۈپ، گۈل - چېچەكلەر ياشىرىپ، ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىردى، شۇنىڭدىن كېيىن غوڭقا پەرى كۈمۈش تارلىرىنى چېكىشتىن توختىدى، كېپىنەك پەرىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى.

— بۇ يەردە قېلىڭ، — دېيىشتى ئۇلار، — بىزمۇ سىزگە نەپىس ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن خۇشاللىق بېغىشلايمىز، سىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيمىز.

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، — دېدى غوڭقا پەرى، — بۇ

يەرگە ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئۇنى تېپىشىم كېرەك، ئەمدى مەن كېتەي.

— كەتمەڭ، — دېدى كېپىنەك پەرىلەر، — بىز توختىماي توققۇز كۈن ئۇسسۇل ئوينىساق بىرىمىز ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىمىز ،بۇ يەردىكى ھەربىرىمىز سىز ئۈچۈن ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىشقا رازى، ئۇنى سىزگە بىز بېرەيلى.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى قەتئىيلىك بىلەن، — سىلەردەك ئوماقلىرىمنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىپ قېلىشىنى، ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنى خالىمايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈم ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىپ قېلىشقا رازى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئېرەمباغدىن چىقتى، ئېرەمباغ سېپىلىنىڭ ئۈنچە-مارجانلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن سېپىلغا ئايلىنىپ قالغىنىنى كۆردى، كېپىنەك پەرىلەر بىلەن قىيالماسلىق ئىچىدە خوشلىشىپ ئۈچۈپ كەتتى، شاتۇتىمۇ خوشلىشىپ ماكانىغا كەتتى.

غوڭقا پەرى بۇ ئاجايىپ ئىقلىمدا ئالتۇن ئاچقۇچنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۇچتى، نۇرغۇن مەنزىللەرنى باسقاندىن كېيىن بىر كۈنى يىراقنى ئەزگۈدەك قايغۇلۇق يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ئۇ يىغا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە ئۇچتى، لېكىن ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپمۇ سەل نېرىدىلا ئاڭلىنىپ تۇرغان يىغا-زارنىڭ ئىگىلىرىنى تاپالمىدى، ئاخىر توختىغان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز يەردىن ئۈنگەندەكلا قارا كىيىنگەن، كۆزلىرى ياشلىق، ئۈچ باشلىق بىر جىن پەيدا بولدى:

— نېمىشقا بىزنى قوغلاپلا يۈرىسەن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ يا، — دېدى چالۋاقاپ.

ئۇنىڭ ئۈچ بېشى تەڭلا سۆزلەيتتى، ئاۋازى بىر-بىرىدىن ياڭراق، خۇددى ئۈنلۈك سۆزلەشتە بەسلىشىۋاتقاندەكلا ئىدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى غوڭقا پەرى، — يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەي دېگەنىدىم.

— بۇنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوق، تېز كېتىۋال، بولمىسا سېنى چاپىناپ پۇركۇۋېتىمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق جىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ.
— يىغا - زارىڭلار يۈرەكنى ئېزىۋىدىكەن، — دېدى غوڭقا پەرى مۇلايىملىق بىلەن، — سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر، بولامدۇ، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار، قولۇمدىن كېلىشىچە سىلەرنى خۇشاللىققا ئېرىشتۈرسەم دەيمەن.
ئۈچ باش بىرھازا بىر - بىرى بىلەن كۈسۈرلىشىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن:
— بوپتۇ، دەپ بەرسەك يامىنى يوق دەپ ئويلىدۇق، — دېدى سەل پەسكويىغا چۈشۈپ، — ئاڭلا، بىز بىرەر قېتىم مۇسىبەت كەلسىلا ھەرگىز يىغا - زاردىن توختىيالمايمىز، يېيىشىمىز غەم - قايغۇ، ئىچىشىمىز كۆز يېشى بولىدۇ، خۇشاللىق تۇرمۇشىمىزدىن خوشلىشىدۇ.
— سىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلىسام دەيمەن، — دېدى غوڭقا پەرى، — مېنى قېرىنداشلىرىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن.
— ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق جىن، ئۇ شۇنداق دەپ يەنە ئۈچ باش بىرھازا كۈسۈرلاشتى - دە، — لېكىن شۇنداقتىمۇ بىر سىناپ باققاننىڭ يامىنى يوق، — دېدى.
ئاندىن جىن بىر شامال چىقىرىپلا غوڭقا پەرىنى ئۇچۇرۇپ يەر ئاستىدىكى بىر سارايغا ئېلىپ كىردى، ساراي ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، جىنلارنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرلار بۇ يەرنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسى ئىدى، جىنلار بولسا بىر قارا تاۋۇتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىدىن ئاشۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلىشىۋاتاتتى.
— ئۇ كىم؟ — دېدى ئۇلار بىردىنلا بىرسى كوماندا بەرگەندەك تەڭلا يىغىدىن چىپپىدە توختىشىپ، — ئۇنى نېمىشقا ئېلىپ كىردىڭ؟
— مەن مۇزىكانت پەرى، — دېدى غوڭقا پەرى كۈلۈمسىرەپ، — سىلەرنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلغىلى كىردىم، سىلەر ئاۋۋال بىر پەدە مۇزىكا ئورۇنلاپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلساڭلار، ئەگەر سىلەرنى خۇشال قىلالمىسام مېنى قانداق جازالىساڭلار مەيلى.
— بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — سورىدى

جىنلار بىرھازا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن گۇمانسىراپ.

— ھېچنېمە، — دېدى غوڭقا پەرى، — مۇزىكا ئورۇنلاش مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم ھەم خۇشاللىقىم، ئەگەر يېقىملىق بىر مۇزىكا ئورۇنلىسام، لېكىن ئۆزۈمدىن باشقا ئاڭلىغۇچى بولمىسا، بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ، مەن دەل سىلەردەك ئاڭلىغۇچىلارغا موھتاج.

ئۇ شۇنداق دەپ نازۇك بارماقلىرىنى كۈمۈش تارلىرى ئۈستىدە ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئارامبەخش تۈيغۇلارنى بېغىشلىغۇچى يېقىملىق بىر كۈي ياڭراتتى. ئۈچ باشلىق جىنلار بارا - بارا تىنچلىنىپ، ئاخىر ھەممىنى ئۇنتۇپ، بار ئىشتىياقى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇشتى، چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى، غوڭقا پەرى ئەمدى بارماقلىرىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۈلۈككىمۇ جان كىرگۈزگۇدەك شوخ پەدىگە چالدى، ئۈچ باشلىق جىنلار بارغانسېرى جىم ئولتۇرالماي، ئاخىر بىر - بىرلەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ھەتتا تاۋۇت ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ئويناقشىپ كېتىشتى، ساراي ئىچىمۇ ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، قاقاقلاپ كۈلگەن شادلىق سادالىرى مۇزىكىغا جور بولدى، مۇزىكا ۋە كۈلكە گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەر ئۈچ كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتى، ئاخىر غوڭقا پەرىنىڭ نازۇك بارماقلىرى كۈمۈش تارلىرىنى چېكىشتىن توختىغاندا ئاخىرلاشتى.

— رەھمەت ساڭا! — دېيىشتى ئۈچ باشلىق جىنلار ئاغزى - ئاغزىغا تېگىشمەي، — ئۈچ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىغا - زار، قايغۇ - نادامەتتىن مەڭگۈ خاتىمە بەردىڭ، بىزگە خۇشاللىق بېغىشلىدىڭ، بىزمۇ ئەمدى نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇنلايمىز.

— سىلەر خۇشال بولساڭلارلا مەن شۇنىڭغا رازى، — دېدى غوڭقا پەرى، — ئەمدى بۇ تاۋۇتنى يەر قوينىغا تاپشۇرۇڭلار، ئۈستىگە چىرايلىق بىر گۈمبەز قاتۇرۇپ ئىچىگە قەبرە ياساڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە قايغۇرۇش توغرا كەلسە يىغا - زار ئورنىغا روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىڭلار، بەك ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان يىغا - زار تىرىكلەرگىمۇ، ئۆلۈكلەرگىمۇ ئازاب، ئەمدى تۈگىمەس قايغۇ - نادامەتتە يۈرمەسلىكىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، قازا قىلغان قېرىنداشلىرىڭلارمۇ ئەلۋەتتە

خۇشال - خۇرام ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمدى بىز خوشلىشايلى.

— قەيەرگە بارىسەن؟ — سورىدى ئۈچ باشلىق جىنلار، — راستىنلا ياردىمىمىز كېرەك ئەمەسما؟

— ئالتۇن ئاچقۇچ ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى غوڭقا پەرى، — ئۇنىڭ بىلەن تىلسىمنى بويسۇندۇرماقچىدىم، قەيەردىن تېپىشنى بىلمەي تېنەپ يۈرۈۋاتىمەن، بۇھەقتە بىلىدىغانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بەرسەڭلار ماڭا چوڭ ياردىمى بولار ئىدى.

— ئۇ بىزنىڭ كۆز يېشىمىزدىن ھاسىل بولىدۇ، بىز يەنە توختىماي توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت يىغلىساق، كۆز ياشلىرىمىز ئېقىن بولۇپ ئاقسا، ئېقىندا بىلىقلار پەيدا بولىدۇ، بېلىقلار ئارىسىدا ئەلۋەتتە ئالتۇن ئاچقۇچمۇ بولىدۇ - دە.

— ياق! — دېدى غوڭقا پەرى قەتئىيلىك بىلەن، — كۆز يېشىڭلار بەدىلىگە ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشىشنى خالىمايمەن، سىلەر قايغۇ - ھەسرەتنى يېڭىلا تەرك ئەتكەن، تۇرمۇشۇڭلاردا خۇشال - خۇراملىق يېڭىلا باشلانغان، ئەمدى ئۇنىڭغا خاتىمە بەرمەيلى، ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ جىنلار بىلەن خوشلىشىپ، سارايدىن چىقتى، نۇرغۇن كۈنلەر توختىماي ئۇچتى، كۆپ جايلارغا باردى، بارغانلا يېرىدە شوخ، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى بىلەن خۇشاللىق ئۇرۇقى چاچتى، لېكىن ئالتۇن ئاچقۇچقا ئېرىشەلمىدى، باشقىلارنىڭ ھاياتىنى بەدەل قىلىشى، ئازاب - ئوقۇبىتى، كۆز ياشلىرى بەدىلىگە ئالتۇن ئاچقۇچ پەيدا قىلىشنى خالىمىدى، ئىزدەش يولىدىنمۇ يانمىدى.

شۇنداق يۈرۈپ بىر چۆل-باياۋانغا بېرىپ قالدى ،چۆل قوينىدا ئىسكىلىتلار ئاپئاق ئاقىرىپ ياتاتتى، قۇم - بورانلار ئۇچۇپ، ئوتتەك قىزىق ھارارەت يەر - زېمىننى ئوت سالغان تونۇردەك قىلىۋەتكەنىدى، ئىسسىقنىڭ ھارارىتىدىن بۇ چۆلگە كىرىپ قالغۇچىنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، دېمى سىقىلاتتى، ھايالسىزلا ھوشسىزلىنىپ بىر يىقىلغانچە مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماي ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالاتتى.

بىراق، غوڭقا پەرى ۋۇجۇدىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ھالىتىدە چۆلنى

كېرىپ بىمالال يۇرۇۋەردى، ئۇ بۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن خىسلەتلىك گىياھنىڭ خاسىيىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاق كۆڭۈل پېرىخونغا غايىبانە تەشەككۈر ئېيتتى، لېكىن ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىڭمۇ موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، قوپالماي ياتقىنىنى، يەر يۈزىدە بولسا بىرمۇ تىرىك جانلىق يوقلۇقىنى كۆردى ـ دە، ھېچكىمنىڭ بۇ يەردىن تىنىچ ـ ئامان كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئاپئاق ئىسكىلىتلارغا ئايلىنىپ قالغانلارنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە ئېچىنىپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، شۇ ھالەتتە مۈگى بىلەن تاشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك بىر كۈيگە كۈمۈش تارلىرىنى ساداغا كەلتۈردى، ھايالسىزلا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق كۆپكۆك ئاسمان توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قاراسلاپ چاقماق چېقىلدى، چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر تۆكۈلدى، يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆز ياشلىرىنى، لەۋلىرىدىن چىشلىگەندە چىققان قانلىرىنى ئېقىتىپ، يەر يۈزىگە ئەچۈشتى، شۇ ھامان چۆل قوينىدا ئوتقاشتەك قىزىل، تاۋاقتەك يوغان ۋە تاڭدىكى قىزىل قۇياشتەك نۇرلۇق بىر قىزىلگۈل پەيدا بولدى، ئۇ پېرىخون ئەكەلگەن خىسلەتلىك گىياھقىلا ئوخشايتتى، قىزىلگۈلنىڭ نۇر ـ جۇلاسى يامغۇرلۇق ئاسمان ۋە چۆل قوينىنى قىزىللىققا پۈركىدى، ئارقىدىنلا چۆل باغرىدىن بۇلدۇقلاپ نۇرغۇنلىغان بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ، خىلمۇخىل گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلار تېزلا ئۆسۈپ ھەر شېخىدا يۈزلەپ غۇنچىلار پەيدا بولدى.

چۆلدىكى مۆجىزىلىك ئۆزگىرىشتىن سۆيۈنگەن غوڭقا پەرى كۈمۈش تارلىرىنى مۇڭلۇق كۈيلەرگە چېلىشتىن توختىغان ھامان غۇنچىلار قاقاقلاپ كۈلگەندەك سادا ياڭرىتىپ، ھەممىسى پورەكلەپ ئېچىلدى، ئارقىدىنلا ھەر خىلدىن بىر تال گۈل ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلۈپ، بىر دەستە بولۇپ باغلىنىپ، غوڭقا پەرىنىڭ قولىغا ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، ۋاللىداپ نۇرلىنىپ تۇرغان ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىپ قالدى، ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ بېغىشىغا «پەزىلەت» دېگەن خەت نەقىشلەنگەنىدى.

غوڭقا پەرى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئالتۇن ئاچقۇچنى باغرىغا بېسىپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى، ئاندىن غۇيۇلداپ

ئۇچقانچە كەينىگە ياندى. ئۇچتى، ئۇچتى، نەچچە ئون كۈنلەر ئۇچتى، ھېچبىر مەخلۇقات يولنى توسمىدى، لېكىن سىرلىق سارايغا چىقىش يولىنى تاپالماي بىكار ئاۋارە بولدى، شۇنداق تېنەپ يۈرۈپ، ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن يىغلىۋېتەيلا دەپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز ئالدىدا بىر ھەسەن - ھۈسەن يول پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بىر ئۇچى زېمىنغا، بىر ئۇچى ساماغا تۇتاشقانىدى.

— بۇ يولنى سىزگە تەييارلىدۇق! — كىملەردۇر ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىغاندەك بولدى، ئارقىدىنلا جاراڭلىق شوخ كۈلكىلەر ئاڭلاندى.

غوڭقا پەرى خۇشاللىق بىلەن ھەسەن-ھۈسەن يولنى بويلاپ ئۇچۇپ كەتتى، كۆڭلىدە ئۆزىگە يول ھازىرلاپ بەرگۈچىلەرگە غايىبانە رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتتى.

ئۇ ھەسەن - ھۈسەن يولدا توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ ئاخىر بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپلا ئۇ چىققان ھامان يەنە غايىب بولدى، غوڭقا پەرى ئۆزىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان شاھزادە نۇرئەزىز ۋە ئۈچ باشلىق شىر بىلەن دىدارلاشتى، ئۇچەيلەننىڭ ھاياجان ياشلىرى بىرلىشىپ كۆل بولدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلاتتى.

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچ ۋاللىداپ نۇرلىنىپ پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بېغىشىغا نەقىشلەنگەن بىر قۇر خەت ئۆزگىچە چاقناپ تۇراتتى، ئۇچەيلەن ئۇنىڭغا تەڭلا قارىدى، ئېغىزلىرىدىن «ئىنتىپاقلىق» دېگەن سادا تەڭلا جاراڭلىدى.

— ئالتۇن ئاچقۇچلار تەل بولدى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئەمدى تىلسىم تەخسىنى تېزرەك گۇمران قىلايلى.

شۇ ھامان تۆت ئالتۇن ئاچقۇچ سارايىنىڭ تۆت تېمىنى يېرىپ غايىب بولدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى، غوڭقا پەرى ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ساراي تاملىرى چاراسلاپ يېرىلىپ، ئۆگزىسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، ئۈچ باشلىق شىر تامنىڭ چوڭراق يېرىقىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، شۇ چاغ ئارال دېڭىز قوينىغا چۆكۈشكە باشلىدى، ئۈچ باشلىق شىر شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى،

دېڭىز بولسا دەھشەتلىك ئۆركەشلەپ، قاينام ياساپ، قايناملىرىدىن سۇ ئەجدىھالىرى چىقىپ ئۈچ باشلىق شىرنى قوغلىدى، سۇ پەرىلىرى ئېچىنىشلىق نالە - پەرياد قىلىپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىشقا باشلىدى، بىراق تېزلا يالماۋۇز باشلىق بېلىقلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈچ باشلىق شىر بولسا بار كۈچ - مادارىنى قاناتلىرىغا يىغىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئۇچۇۋەردى، سۇ ئەجدىھالىرى ئۇلارغا يېتىشەلمىدى، ئاخىر تىلسىم تەخسە چاراسلاپ يېرىلىپ، تەخسە يۈزىدىكى دېڭىز يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى، قۇرۇق قالغان گىگانت قول ئۈچ باشلىق شىرنى تۇتالماي، ئۈزۈلۈپ چۈشتى - دە، سانسىزلىغان تامچىلارغا ئايلىنىپ چېچىلىپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! ئالتۇنچى تىلسىم تەخسىنى بويسۇندۇردىڭىز، دېگەن يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئاخىرقى بىرسى قالدى - دە، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر مەمنۇنلۇق بىلەن.

— شۇنداق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنىمۇ چوقۇم بەربات قىلىمىز.

# ئون بىرىنچى باب

## يەتتە خىل ئىزنىتقو

ئۇلار يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپ ئۇچۇۋەردى، تۇيۇقسىز جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى، شىددەتلىك بوران چىقىپ، ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ كەتتى، نەچچە كۈنلەر پىرقىراپ يۈردى، ئاخىر غوڭقا پەرى چىقىپ، كۈمۈش تارلىرىدىن ئارامبەخش كۈي ياڭرىتىپ، بوراننى تىنچىتتى، لېكىن قاراڭغۇغا ئامال بولمىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز ئالتۇن ئەينەكنى قولىغا ئالدى، ئۈچ باشلىق شىر ئالتۇن ئەينەكتىن چاقنىغان نۇر كۆرسەتكەن تەرەپكە ئۇچتى، بىراق ئۇلارنىڭ كېتىۋاتقان تەرىپىنى قىزىللىق قاپلاپ بىر يانغىن پەيدا بولۇپ ھەرتەرەپكە يامرىدى، يول توسۇلدى، ئۈچ باشلىق شىر سۇ پۈركۈپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى، غوڭقا پەرى مۇڭلۇق كۈيلىرى بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئوتنىڭ ھارارىتىنى پەسلەتتى، ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە ئىلگىرىلىدى، شۇنداق كېتىۋېتىپ ئەمدى ئۇلار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ۋە جاندىن ئۆتكۈدەك جۇت - شىۋىرغانغا دۇچ كەلدى. ئۈچ باشلىق شىر ئوت پۈركۈپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى، ئارقىدىنلا ئۇلارغا گۈلدۈرماملىق يامغۇر ھۇجۇم قىلدى، يامغۇر تامچىلىرى ئورنىدا تاش پارچىلىرى ياغاتتى، ئۇلار شۇنداق قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلەر ئىچىدە كۈرمىنىڭ بالالارنى يېڭىپ، ئاخىر يەتتىنچى تىلسىم تەخسە يۈزىگىمۇ قوندى، تەخسە يۈزى ئالتۇن بولۇپ، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتى تېگىپ بولغۇچە ئۇمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەتراپقا نەزەر سالدى، نېرىدا لەۋھەدىن

كۆرۈنگەن پەرىزاتنىڭ پارلاق سىماسى جىلۋە قىلىپ قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز مەھبۇبىسىنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالدى، بىراق ئۈچ باشلىق شىردىن چۈشۈپ مەھبۇبىسىنىڭ سىماسى كۆرۈنگەن تەرەپكە ماڭاي دېگۈچە غوڭقا پەرى قوينىدىن چىقىپ تۇتۇۋالدى.

— بىر ئېزىتقۇ كۆرۈۋاتىسىز، — دېدى ئۇ، — كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىڭ، پۈتىڭىز تىلسىم تەخسە يۈزىگە تەگكەن ھامان سىزمۇ ئالتۇن ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالىسىز، ھەممە ئەجرىڭىز بەربات بولىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ھوشىنى يىغىپ سىنچىلاپ قارىدى، مەھبۇبىسىنىڭ سىماسى ئەمدى ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، ئورنىدا يەتتە تەخسىلىك بىر شامدان تۇراتتى، بىر ئايلانما پەشتاق شامداننىڭ يەتتە تەخسىسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، ھەر تەخسىدە بىر خىل رەڭلىك ئوت كۆيۈپ تۇراتتى؛ شاھزادە نۇرئەزىز نېمە قىلارىنى بىلمەي غوڭقا پەرىگە قارىدى.

— خاسىيەتلىك كىتابىڭىزغا قاراڭ، — دېدى غوڭقا پەرى كۈلۈپ، — مەھبۇبىڭىزنىڭ سىماسىنى كۆرۈپلا ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز، ئەمدى ھەرقانداق نەرسىگە بىر كۆرۈپلا ئىشىنىپ قالماڭ، بولمىسا دامىغا چۈشۈپ، ھەممە ئەجرىڭىز بىكار كېتىدۇ.

— چۈشەندىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز خىجىللىق بىلەن، ئاندىن قوينىدىن خاسىيەتلىك كىتابنى ئالدى، كىتاب ئۆزىلا ۋاراقلىنىپ، يەتتىنچى بېتى ئېچىلدى، بەت يۈزىدە بىر گۈلزارلىق ۋە گۈلزارلىقتا كېپىنەكلەر بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتقان ئوماققىنە بىر قورچاق قىز كۆرۈندى.

شاھزادە نۇرئەزىز گەپ قىلاي دېگۈچە كېپىنەكلەر يەتتە تەخسىلىك شامدان تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

— كېپىنەكلىرىمنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى قورچاق قىز رەنجىگەندەك، — ئۇلار قايتىپ كەلمىگۈچە ساڭا ھېچنېمە دەپ بەرمەيمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز كېپىنەكلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بىراق بۇ كۈتۈش توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى، بۇ ئۈچ كۈندە ھەر تەرەپتىن ھەرخىل خەۋپ - خەتەرلەر ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇردى، گاھ گۈرۈلدەپ ئوت يالقۇنلىرى كەلسە، گاھ دەھشەتلىك شاۋقۇنلاپ كەلكۈن بېسىپ كەلدى، گاھ بەتبەشىرە يىرتقۇچ مەخلۇقلار، تىمساھتەك يوغان چايانلار ۋە ئۆمۈچۈكلەر ھۇجۇم قىلدى، گاھ يالماۋۇز جادۇگەر سېھىر قىلدى، گاھ چاقماق چۈشسە، گاھ تاشيامغۇر ياغدى...... ئەيتاۋۇر خىلمۇخىل ئاپەتلەر ئۇلارنى قاپساپ كەلدى، بىراق قورچاق قىزدىن تارالغان نۇرغا دۇچ كەلگەن ھامان غايىب قىلدى.

— ئۇ بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن، — دېدى غوڭقا پەرى تېنى شۈركۈنۈپ.

— كېپىنەكلەر قايتىپ كەلمىسە قانداقمۇ قىلارمىز؟! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قايغۇرۇپ. بىراق، ئۇ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ تۇرغان شۇ پەيتتە كېپىنەكلەر لىپ - لىپ ئۇچۇشۇپ قايتىپ كەلدى، ئۈچ كۈندىن بېرى گۈلزارلىقتا ئېگەك يۆلىگىنىچە مىت قىلماي ئولتۇرغان قورچاق قىزنىڭ تۇتۇلغان چېھرى ئاپتاپتەك ئېچىلغىنىچە دىككىدە تۇرۇپ كەتتى - دە، قولىدا كىچىككىنە بىر ئالتۇن قەپەس پەيدا قىلىپ، كېپىنەكلىرىنى سولىۋالدى، ئاندىن سۆزلەپ كەتتى:

— قارا! ئاشۇ شامدانمۇ تىلسىم مۇنار، مۇنارنىڭ كىرىش ئىشىكىدە ئالتۇن ئاچقۇچ ئېسىقلىق، سەن شامداننىڭ يەتتىنچى تەخسىسىگە چىقىشىڭ كېرەك ھەم شۇنىڭغا قەدەر ئالتۇن ئاچقۇچنى يىتتۈرۈپ قويماسلىقىڭ كېرەك، ساڭا پەقەت يەتتە كۈنلا ۋاقىت بار، بۈگۈن دۈشەنبە، مۇنارنىڭ بىرىنچى ئىشىكى ئوچۇق، سەن بارغۇچە يېپىلىپ قالماسلىقىغا ياردەم قىلىمەن، بىراق كېيىنكى ئىشىكلەردىن ئېچىلغان ھامان كىرىۋالمىساڭ مەڭگۈ كىرەلمەيسەن، بارغىن!

ئۇ شۇنداق دەپ پۈۋلەپ قويۇپلا گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى، كىتاب يېپىلىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا شىددەتلىك بىر قۇيۇن چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىمۇ، غوڭقا

پەرىنىمۇ ئۇچۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مۇنار ئىشكى تۇۋىگە تاشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن غوڭقا پەرى تۇۋرۈككە ئېسىقلىق ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپلا يېپىلىپ قېلىۋاتقان ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، ئۇلار ئىشىك ئىچىگە كىرىشى ئىشىك يېپىلىپ قالدى.

ئۇلار بىرىنچى تەخسىگە چىقىدىغان ئايلانما پەشتاقنى كۆردى، بىراق پەشتاقلارغا ئاغزىدىن قان - يىرىڭ تېمىپ، خەنجەردەك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان باشلار نەقىشلەنگەن بولۇپ، قارىغانلا كىشىنى سۈر باساتتى، غوڭقا پەرى يىرگىنىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز بىرىنچى پەشتاققا قەدەم باستى. شۇ ھامان پەشتاققا نەقىشلەنگەن باشلار سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇنى غالجىر ئىتتەك چىشلەپ تالاشقا باشلىدى، ئۇلارغا قىلچىمۇ كار قىلمىدى، لېكىن شاھزادە نۇرئەزىزمۇ تىغ كار قىلمايدىغىنى ئۈچۈن زەخىملەنمىدى، شۇنداقتىمۇ پۇتلىرىنى بىر پەشتاقتىن يەنە بىر پەشتاققا يۆتكەش ئۈچۈن تاغ يۆتكىگۈدەك زورۇقۇشقا توغرا كېلىپ خېلى كۆپ ۋاقتى زايە بولدى، ئاخىر كۈرمىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە بىرىنچى تەخسىگە چىققىنىدا، بىر چوڭ شىرە ئۈستىدە ۋىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قىپقىزىل يالقۇننى كۆردى، قىزىل يالقۇندىن قىزىل نۇر چاقناپ، بۇ يەردە كەچكى شەپەق مەنزىرىسى ھاسىل بولغانىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قارىغانسېرى ئوت يالقۇنىنىڭ يېلىنىدەك تولغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، بارا - بارا ئوت يالقۇنىدا جىلۋە - ناز بىلەن تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزىل كىيىملىك، چېھرى قىزىلگۈلدەك بىر قىزنىڭ سىيماسى زاھىر بولدى، ئۇنىڭ نەپىس ئۇسسۇلى كۆرگۈچىنى بارغانسېرى مەپتۇن قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ تېخىمۇ نۇرلىنىپ، گۈزەللىشىپ باراتتى، ئويناپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى، ئانار دانىسىدەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان لەۋلىرى كىشىنى يۈز يىللىق ئېسىل شاراب ئىچكەنىدەك مەست قىلىپ، ئەس - ھوشىنى ئوغرىلايتتى.

بارا - بارا بىر ئۇسسۇلچى قىز ئىككى بولدى، ئىككىسى تۆت، تۆتى سەككىز بولدى، ئەمدى ئۇلار شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ئەتراپىدا

پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، يىلاندەك تولغىنىپ، ئىپار ھىدلىق تىننىقلىرىدا يۈزلىرىنى غىدىقلاپ، تېخىمۇ نازلىق ۋە شوخ ئۇسسۇلغا چۈشتى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. قۇلاق تۈۋىدە بولسا:

«ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ! ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ!......» دېگەن ئاۋاز باشتا پەس، بارغانسېرى ياڭراق چىقىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۆزىگىلا سوزۇلغان بىر قولغا بېرەي دېگۈچە تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا مەھبۇبىسىنىڭ سولغۇن چىرايى نامايان بولدى ـ دە، چۆچۈپ قولىنى تارتىۋالدى، شۇ چاغ بىر ياندىكى ئىشىك غىچچىدە ئېچىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن ئاچقۇچنى مەھكەم سىقىملىغىنىچە ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى، بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا ئىشىكمۇ يېپىلىشقا باشلىدى، كەينىگە قارىغاندا بىرىنچى تەخسىدىكى قىزىل يالقۇننىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى كۆردى.

ــ ئازغىلى تاسلا قاپتىمەن، ــ دېدى ئۇ شىۋىرلاپ قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا، ــ نېمانچە ھاماقەتلىك قىلدىم!؟

ئەمدى ئۇ ئىككىنچى تەخسىگە چىقىدىغان پەشتاققا قەدەم قويدى، پەشتاقلاردىن چىققۇچە تىزىپ قويۇلغان قورچاق شىرلار بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى، گەرچە بۇلار كىچىككىنە قورچاق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن خىرىس قىلغىنىدا ھەربىر پەشتاق بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ، ھەربىر قورچاق شىر تاغدەك يوغان گىگانت مەخلۇققا ئۆزگىرىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى بىر كۈننىڭ كۆپ قىسمىنى قانلىق جەڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئاخىر جەڭنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى تەخسىگە چىققاندا يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان يېشىل يالقۇننى كۆردى، يالقۇنغا قارىغانسېرى يالقۇن ئىچىدە بىر چىمەنزارنى كۆردى، چىمەنزاردا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بولۇپ، گۈللەر ئارىسىدا قۇياش تەلئەتلىك، سەرۋى قامەتلىك بىر پەرىزات ھەممە گۈللەرنىڭ سەر خىلىدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، چىمەنزار ئۇنىڭ ھۆسنىدىن پارلىغان نۇرغا چۆمگەنىدى.

پەرىزات بىردىنلا شاھزادە نۇرئەزىزغا قاراپ ئاجايىپ يېقىملىق بىر كۈيگە ناخشا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ناخشىنىڭ يېقىملىق ئاھاڭى، سېھرىي كۈچى ئۇنى مەھلىيا قىلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغانىدى.

پەرىزات ناخشىسى ئەۋجىگە چىققانسېرى، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى، بارا - بارا بىردىن ئىككىگە، ئىككىدىن تۆتكە، تۆتتىن سەككىزگە كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قارىغانسېرى شاھزادە نۇرئەزىز گويا ئۇنىلغان قۇياش تەڭلا بىر ئۆزىگە كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋاتقان ناخشىلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىۋېتەيلا دەپ قالدى، ئىختىيار تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ، ئالدىغا قاراپ نەچچە قەدەم چامدىدى، شۇ چاغ قۇلاق تۈۋىدە:

«ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ! ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ !......» دېگەن ئاۋاز باشتا پەسرەك، بارغانسېرى ئۇرغۇلۇق ياڭراشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئىختىيارسىز ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر قولغا ئۇزاتتى، بىراق دەل شۇ دەقىقە كۆز ئالدىدا ئاكىلىرىنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى، ئۇلار ھەسرەت بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ھوشىنى يىغىپ، ئالتۇن ئاچقۇچنى چىڭ سىقىملىغىنىچە قولىنى تارتىۋالدى - دە، قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغان «غىچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۆزىنى ياندىكى ئىشىككە ئاتتى، ئىككىنچى تەخسىدىكى يېشىل يالقۇن ئۆچتى، ئۇ كىرىپ بولۇشى ئىشىكمۇ يېپىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز سەل ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى تەخسىگە چىقىدىغان پەشتاققا قەدەم باستى، بىراق پۇتى بوشلۇققا دەسسىگەندەك بولۇپ چولتوككىدە بىر دەرياغا چۈشۈپ كەتتى، دەريادىن ئۇزۇپ ئۆتكۈچە ئاجايىپ - غارايىپ سۇ مەخلۇقلىرى بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كەلدى، مىڭبىر مۇشەققەتتە قىرغاققا چىققىنىدا، ئىككىنچى دەرياغا تېيىلىپ كەتتى، دەريالار بىر - بىرىدىن خەتەرلىك

ئىدى، شاھزادە نۇرئەزىز زور غەيرەت - شىجائەت بىلەن تىرىكىشىپ يۈرۈپ 36 دەريادىن ھالقىپ، ئاخىر ئۈچىنچى تەخسىگە يەتتى، بىراق ھېچ يېرى ھۆل بولمىغانلىقىنى، ئالتۇن ئاچقۇچ بوينىغا ئېسىلغان ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئۈچىنچى تەخسىدىكى شىرە ئۈستىدە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يالقۇن يېنىپ تۇراتتى، قارىغانسېرى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ كۆزلىرىگە يالقۇن بىر خۇشتار بولۇپ كۆرۈندى، بىراق خۇشتارنىڭ بېشى ئورنىدا ئاجايىپ كېلىشكەن ساھىبجامال بىر پەرىزاتنىڭ بېشى پەيدا بولدى، خۇشتار ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىدى، ئىككى بىقىنىدا بىر جۈپ ئەۋرىشىم قول بولۇپ بىر قولىدا پەدە باسسا، بىر قولىدا كامالچە تارتىپ، كۈمۈش تارلىرىدىن ئاجايىپ يېقىملىق بىر كۈي ياڭرىتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ ئۆزگىچە تۇرقىغا قاراپ، بارغانسېرى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك سېھىرلىك كۈيىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى، ھايالسىز يەنە دۇتار، تەمبۇر، چىلتار، بەرباپ، راۋاب، ساتار، غېجەك، ئىسكىرىپكا تەنلىك...... پەرىلەرمۇ پەيدا بولدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ساز گەۋدىلىك بولۇپ، گاھىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى ئورنىدا قوللىرى ۋە گاھىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى ئورنىدا نەچچىدىن بېشى بار، قوللىرى بولسا بىقىنىدا، قۇياشتەك نۇرلۇق ۋە گۈزەل ھۆسن - جامالىمۇ، ئۆزگىچە تۇرق - سىياقىمۇ، سېھىرلىك كۈي - مۇزىكىلىرىمۇ ئوخشاشلا كىشىنى ئۆزىگە رام قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ نەغمىسى ئەۋجىگە چىققانسېرى چىھرى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ باراتتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئىختىيارسىز ئۇلارغا ئىنتىلىپ، ئالدىغا چامدىدى، قۇلاق تۈۋىدە شۇدەم يەنە:

«ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ! ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ!» دېگەن ئاۋاز ياڭراشقا ۋە بارغانسېرى ئۇرغۇلۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئالتۇن ئاچقۇچنى بويىنىدىن ئېلىپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر قولغا بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىرسى قولىنى تۇتۇۋېلىپ توۋلىدى:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ شاھزادە! ھوشىڭىزنى تېپىڭ، تېز ئىشىك

تەرەپكە بېرىڭ......

شاھزادە نۇرئەزىز چۆچۈپ بېشىنى سىلكىۋەتتى، قولىنى تۇتۇۋالغۇچى غوڭقا پەرى ئىدى.

— ئىشىك ھازىرلا ئېچىلىدۇ، دەرھال چىقىپ كېتىشكە تەييارلىنىڭ، — دېدى ئۇ يەنە جىددىي تەرزدە.

— سىزچۇ؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ھەمشىرىلىرىمنى تاپتىم، — دېدى غوڭقا پەرى، — ئۇلار تىلسىمغا بەند بولۇپ قاپتۇ، ئەگەر بۇ يالقۇن ئىچىدە ئۇزاققىچە تۇرۇۋەرسە ئۇلار مەڭگۈلۈك غايىب بولىدۇ، مەن بۇ يەردە قالىمەن، ئۆلۈم - كۆرۈمدە ئۇلار بىلەن بىللە بولىمەن، تېز مېڭىڭ، ھەممە تىلسىمنى بويسۇندۇرسىڭىز بىزمۇ ئەركىنلىككە چىقىمىز، بەلكىم يەنە ئۇچرىشىپمۇ قالارمىز.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆزىنى يالقۇن ئىچىگە پەرۋانىدەك ئاتتى، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يالقۇن تېخىمۇ قېنىقلىشىپ، گۇرۇلدەپ ياندى، ئۇلغايدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئېككىلىنىپ تۇرغىنىدا«غىچ!» قىلىپلا ياندىكى ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ نائىلاج دىلىدا غوڭقا پەرىگە ئامانلىق تىلەپ، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، كىرىپلا كەينىگە قاراپ بولغۇچە ئىشىك يېپىلىپ قالدى.

ئەمدى ئۇ تۆتىنچى تەخسىگە چىقىدىغان پەشتاققا قەدەم قويۇشى بىلەن تېگى يوق بىر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى، چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا قولىغا ئۇرۇنغان بىرنېمىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، ئېسىنى يىغىپ، تۇتۇۋالغىنىنىڭ تاغ بېغىرلاپ ئۆسكەن ياۋا پېلەك ئىكەنلىكىنى بىلدى.

تاغ ئېگىز ۋە تىك ئىدى، ئۇ بار كۈچىنى قوللىرىغا يىغىپ، ياۋا پېلەكلەرگە ئېسىلىپ، تاغ چوققىسىغا ياماشتى، مىڭبىر مۇشەققەتتە بىرىگە يامىشىپ چىققاندا يەنە بىرىگە دۇچ كەلدى، شۇ ھالدا كۈرمىڭ رىيازەتلەر ئىچىدە تاغ چوققىلىرىغا بىر - بىرلەپ يامىشىپ 36- تاغ چوققىسىغا يەتكەندە ئۆزىنى ھاۋا رەڭلىك ئوت يالقۇنى كۆيۈپ تۇرغان شىرە ئالدىدا كۆردى، تاغلار غايىب بولۇپ، ئورنىدا پەشتاقلا قالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىختىيارسىز يالقۇنغا قارىدى، قارىغانسېرى

قىزىقىپ، مەپتۇن بولۇپلا قالدى، چۈنكى يالقۇن ئىچىدە شۇنداق ساھىبجامال بىر پەرىزات نازۇك بارماقلىرىدا سېھىرلىك قەلىمىنى ئوينىتىپ، سۈتتەك ئاق قەغەزگە رەسىم سىزماقتا ئىدى.

ئۇ گاھ چاڭىلداپ سايراۋاتقاندەك گۈزەل قۇشلارنى، گاھ ئېچىلاي دەپ قالغان گۈل - غۇنچىلارنى، گاھ ئەۋرىشىم تالى مەجنۇنلارنى، گاھ ئاق قۇلار ئۈزۈشۈپ يۈرگەن، بېلىقلار ئويناقشىپ تۇرغان كۆللەرنى، گاھ كېيىك - بۇغىلار چاپراقشىپ چېپىپ يۈرگەن، يولۋاس - قاپلانلار خىرىس قىلىشىۋاتقان ئورمان - ئوتلاقلارنى سىزاتتى. سىزغان رەسىملىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ، ھەرتەرەپكە تاشلايتتى -دە، رەسىم چۈشكەن جايدا رەسىمدىكى مەۋجۇداتلار شۇ پېتى پەيدا بولۇپ قالاتتى، قۇشلار پەرۋاز قىلاتتى، گۈل - چېچەكلەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، تالى مەجنۇنلار مەيىن شامالدا يەلپۈنەتتى، ئاق قۇلار نېمىدىندۇر ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتسە، بېلىقلار پىلتىڭلىشىپ ئوينايتتى، كېيىك -بۇغىلار قېچىپ، يولۋاس - قاپلانلار قوغلاپ يۈرۈشەتتى.

پەرىزات ئەمدى ئاق قەغەزگە ئۆزىدىنمۇ گۈزەل خۇش قامەتلىك نازىنىن پەرىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا كىرىشتى، سىزىپ بولۇنغانلىرى دەرھال ناز - كەرەشمە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، گاھىلىرى ساز چالسا، گاھىلىرى ناخشا ئېيتتى، گاھىلىرى لەرزان ۋە نەپىس ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە نازاكىتىگە رام بولۇپ قالغان شاھزادە نۇرئەزىز ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالدى. رەسسام پەرىزات ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالدىدا جەننەت مەسەللىك بىر باغنى پەيدا قىلدى، پەرىلەر باغ ئىچىدە جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇلنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى باغقا كىرىشكە ئىشارەت قىلىشتى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قەدىمىمۇ بىلىپ - بىلمەي شۇ تەرەپكە يۆتكەلدى، قۇلاق تۈۋىدە يەنە:

«ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ! ئالتۇن ئاچقۇچنى بەر، ئۇلار سېنىڭ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئالتۇن ئاچقۇچنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك بىر قول ئۇنىڭغا سوزۇلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز شۇ چاغ يەنە يۈرەك قېتىدىن چىقىۋاتقان بىر

سادانىمۇ ئاڭلىدى، كىمدۇر بىرى ۋەزمىن ئاھاڭدا:

— بۇ دۇنيادىكى جەننەت — ۋەتىنىڭ دەۋاتقانىدى.

ئۇ قەدىمنى ئىختىيارسىز توختىتىپ، سەل ئېسىنى يىغىۋالدى - دە، ياندىكى ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى، ئىشىكمۇ ئۇنىلا كۈتۈۋاتقاندەك «غىچ!» قىلىپلا ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز كىرىپ، ئىشىك يېپىلغۇچە كەينىگە قاراپ، ھاۋا رەڭ يالقۇننىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى كۆردى.

ئەمدى بەشىنچى تەخسىگە چىقىدىغان ئايلانما پەشتاققا قەدەم باستى، شۇ ھامان پەشتاقتىن بىر قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ كەتتى، قۇيۇن ئىچىدە پىرقىراپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر تىك قىياغا دۈچ كېلىپ، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ قىيا ئۈستىگە ياماشتى، ئۈستىگە چىققان ھامان قىيا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بار كۈچى بىلەن ئالدىغا يۈگۈرۈپ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قىيادىن يەنە بىر ئېگىزلىككە چىقىۋالدى، ئەمدى بۇ يەردە ئۇنى تىمساھتەك يوغان چايانلار ۋە توملۇقىدىن بىلىگە قۇچاق يەتمىگۇدەك يىلانلار كۈتۈۋالدى. ئۇ ئۇلارغا قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، يەنە بىر ئېگىزلىككە يەتتى، ئەمما بىر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى...... شۇنداق قىلىپ، ئۇ 36 پەشتاقتىن چىقىپ بولغۇچە 36 خىل ئاپەتكە يولۇقتى، كۈرمىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە بەشىنچى تەخسىگە قەدەم قويدى، بۇيەردە شىرە ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان قاردەك ئاق يالقۇننى كۆردى ۋە يەنە يالقۇن ئىچىدە ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان شاھ ئوردىسىنى، شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئاكىسى نۇرمۇھەممەتنى كۆردى ۋە يەنە ئوردىغا يانداش بىر ھەشەمەتلىك سارايىنى، سارايدا ئۇلپەتلىرى بىلەن شاھمات ئويناۋاتقان ئاكىسى شاھزادە نۇرئېلىنى كۆردى، يەنە بىر جايدا ئاجايىپ يېقىملىق نەغمە - ناۋا ئاڭلىنىپ، ئاستا - ئاستا غوڭقا پەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى كۆرۈندى، ئۇلار بار ئىشتىياقى بىلەن نەغمىگە قولاق سېلىپ، سوزۇلۇپ ياتقان ئۈچ باشلىق شىرغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

تۇيۇقسىز ئاكىلىرى ئۇنى چاقىردى:

— تېز بول ئىنىم، بۇياققا كەل، سېنى بەك سېغىندۇق، بىز بىلەن بىردەم ھەمسۆھبەت بول.

ئارقىدىنلا مۇزىكانت پەرىلەر بىلەن ئۈچ باشلىق شىرمۇ تووۇلدى:

— بۇ ياققا كېلىڭ، بۇياققا!، سىزنى بەك سېغىندۇق.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاۋۋال قايسى تەرەپكە بېرىشنى بىلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرغىنىدا ياندىكى ئىشىك «غىچ!» قىلىپ ئېچىلدى، بىراق شاھزادە نۇرئەزىز سەزمىدى، شۇ چاغ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدا:

«ئۈچ باشلىق شىر ئالتۇن ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان ئەمەسمىدى، ئەجەب بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قاپتۇ؟!» دېگەن ئوي پەيدا بولدى، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىدى، كۆز ئالدىدا ئەمدى ئاق يالقۇندىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى، ئۆرۈلۈپلا يېپىلىپ قېلىۋاتقان ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، قىسىلىپ قالغىلى تاسلا قېلىپ ئىچىگە ئاران كىرىۋالدى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى ئۇ كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، — تاسلا قالدىم غەپلەتتە قېلىپ، ھەممە ئەجرىمنى يوققا چىقارغىلى.

ئەمدى ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئالتىنچى تەخسىگە چىقىدىغان ئايلانما پەشتاققا قەدەم قويدى، شۇ ھامان ئۆزىنى ئاجايىپ ئاۋات ۋە گۈزەل بىر شەھەردە كۆردى، شەھەردە ئۇ كۆرۈش تۈگۈل، بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئاجايىباتلار، گۈزەل مەنزىرىلەر، قىزىق - قىزىق ئويۇن - تاماشىلار كۆپ ئىدى، كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلىپ كەتكۈسى كەلمىدى، شەيتىنى شەھەرنى بىردەم بولسىمۇ ئايلىنىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلاتتى.

ئۇ ئۆز - ئۆزىنى سەگەك تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپمۇ بۇ شەھەردىن چىقىشتا خېلى ھايال قالدى، ئىككىنچى بىر شەھەرگە يەتكەندە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي كېتىۋەردى، شۇنداق قىلىپ، بىرىدىن بىرى گۈزەل، بىرىدىن بىرى ئاۋات 36 شەھەردىن ئۆتۈپ، ئالتىنچى تەخسىگە يەتتى، بىر كۈنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يولدا ھارام بولغىنى ئۈچۈن شىرە ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قاپقارا يالقۇنغا قارىماسلىق نىيىتىگە كەلدى، لېكىن قېرىشقاندەك قارا يالقۇن ئۇ قايسى تەرەپكە قارىسا شۇ تەرەپتە پەيدا بولۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالسا يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ بىئارام قىلىپ، قاراشقا

مەجبۇر قىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قارىدى - يۇ، چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى يالقۇن ئىچىدە ئۆزىنى كۆرگەنىدى، ئەنە ئۇ تۇلپارغا مىنىپ يايلاقلاردا كېيىك - بۆكەن، بۇغا - مارال، قىرغاۋۇل - توشقانلارنى قوغلاۋاتىدۇ، بۇلار ئارىسىدا يولۋاس - يىلپىزلارمۇ بار تېخى، ئاتقان ھەربىر تال ئوقىدا بىردىن جانىۋار يىقىلىۋاتىدۇ.....

ئەنە ئۇ قوشنا ئەل زېمىنىدا قىلىچ ئوينىتىپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ، قىلىچى ھەر كۆتۈرۈلگەندە قىپقىزىل قانلار مارجاندەك چېچىلىپ، باشلار گەۋدىسىدىن توپ سويمىدەك ئۈزۈلۈپ، تورۇكلاپ چۈشمەكتە، ئەنە تەگتۈشلىرى بىلەن غەلىبە شادلىقىنى تەبرىكلەپ، قان رەڭلىك شارابلارنى سۈمۈرۈۋاتىدۇ. ئايىغى ئاستىدا بولسا قوشنا ئەل شاھىنىڭ كاللىسى قانغا - لايغا مىلىنىپ رەسۋاسى چىققان، قان تولغان كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالىتىدە، خەزىنىدىن بۇلاپ چىقىلغان ھېسابسىز بايلىقلار بىلەن بىللە ياتىدۇ......

ئەنە ئۇ بىر جۈپ ساھىبجامال مەلىكىنى سۈمبۇل چاچلىرىدىن قامالاپ تۇتۇپ سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە- پەريادىنى ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى بېسىپ كېتىۋاتىدۇ...... ئەنە .....

— ياق، ياق! بۇ مەن ئەمەس، مەن ئەمەس! — تووۋلىۋەتتى شاھزادە نۇرئەزىز قاراۋېرىشكە تاقەت قىلالماي.

— ئۇ سەن، سېنىڭ يېرىمىڭ، — كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەسخىرىلىك شىۋىرلىدى، — تېز بول، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋال، ئۇ ھېلىلا كۆيۈپ كېتىدۇ، ئۆز يېرىمىڭدىن ئايرىلىپ قالما، تېز ئۇنى ئوت يالقۇنى ئىچىدىن تارتىۋال.

ئۇ شۇ چاغ قارا يالقۇن ئىچىدىكى بىر تۈۋرۈككە باغلىنىپ قالغان، ئاياغ ئاستىغا دۆۋىلەنگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخانلىرى ئوت ئېلىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغانىدى.

— مېنى قۇتقۇزۇۋال، تېز بول! — دەپ نالە قىلدى ئوت ئىچىدىكى ئۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ۋۇجۇدى راست شۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى، شۇ چاغ «غىچ!» قىلىپلا ياندىكى ئىشىك ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز قارا يالقۇن ئىچىدىكى ئۆزىگە بىر قاراپ قويۇپ:

— كۆيۈپ كەت! — دەپ شىۋىرلىدى - دە، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، ئىشىكتىن كىرىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىك يېپىلغۇچە قارا يالقۇننىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى كۆردى.

ئەمدى ئۇ يەتتىنچى تەخسىگە چىقىدىغان ئايلانما پەشتاققا قەدەم باستى، شۇ ھامان زېمىن تەۋرەپ، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك بىر ھالەت يۈز بەردى، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ پۇتىنى تارتىۋالغانىدى، ھەممە تىنچلىنىپ قالدى. يەنە پەشتاققا قەدەم باسقانىدى، ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك بىر ھالەت يۈز بەردى، ئەندىكىپ پۇتىنى تارتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىپ، پەشتاققا قەدەم باستى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا نالە - پەرياد، تەھدىت - يىغلىنىش، يىغا - زار، ھۆركىرەش، مەسخىرىلىك كۈلكە سادالىرى...... خىلمۇخىل ئاۋازلار ئاڭلاندى، پەشتاقلاردىن بەزىلىرى نازۇك ۋە بەزىلىرى قوپال، بەزىلىرى يۇمران ۋە بەزىلىرى قاتمال، بەزىلىرى پاختىدەك يۇمشاق.ۋە بەزىلىرى پولات ئامبۇردەك، بەزىلىرى سۇتتەك ئاق ۋە بەزىلىرى قاپقارا قوللار سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋالدى، گۇل بەدەن نازىنىنلار پەيدا بولۇپ يولىنى توربۋالدى. ياۋۇز تەلەتلىك يالماۋۇزلار پەيدا بولۇپ تەھدىت سالدى، ئەيتاۋۇر خىلمۇخىل توسالغۇلار پەيدا بولدى، لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنى يولىدىن توسۇپ قالالمىدى. ئەمدى ئاخىرقى پەلەمپەي يەتتىنچى تەخسىگە قەدەم باستى، ئالتۇن شىرەدە يېنىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك يالقۇننى كۆردى، مۇنار ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارنى كۆردى، يىراقلاردا پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياشنى كۆردى، كەڭ زېمىن بولسا تولىمۇ تۆۋەندە، بۇلۇت - تۇمانلار ئاستىدا قالغاچقا كۆرۈنمىدى.

— مەرھابا! — ئالتۇن رەڭلىك يالقۇندىن سادا كەلدى، سادا كەلگەندە كېپەك ئالتۇن چېچىلغاندەك بىر ھالەت يۈز بەردى ھەم يالقۇن

ئىچىدە ئالتۇن نىقابتەك بىر چىراي زاھىر بولدى.
— سەن كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز.
— سېنىڭ بەختىڭ! — شۇنداق ئاۋاز كەلدى ئالتۇن نىقابتەك چىرايدىكى ئېغىز مىدىرلاپ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىن ئالمىدەك، ياڭاقتەك، گۈلدەك ئاجايىپ ئېسىل ۋە نۇرلۇق، قارىغان كۆزلەر قامىشىپ يۇمۇلۇشقا مەجبۇر بولغۇدەك يەتتە خىل رەڭلىك گۆھەر بىلەن بېزەلگەن، ۋالىلداپ- نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئالتۇن تاج، بىر بېشىغا قوش مۇشتتەك چوڭلۇقتىكى، قۇياشتەك پارلاق ئالماس ئورنىتىلغان ھەم يەتتە خىل رەڭلىك يۇلتۇزلاردەك گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن ھاسا، دېڭىزدەك كۆپكۆك ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈك، بىر شاختا ئېچىلغان ئۈچ تال گۈلدەك ياسالغان ۋە چۆرىسىگە يەتتە خىل رەڭلىك گۆھەرلەر ئورنىتىلغان ئۈچ كۆزلۈك ئالتۇن ئەينەك ئۇچۇپ چىقتى، شاھزادە نۇرئەزىز كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ، ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى.
— قارا! — سادا كەلدى ئالتۇن رەڭلىك يالقۇندا ھاسىل بولغان چىرايدىن، — بۇ تاجنى كىيسەڭ يەتتە ئىقلىم شاھلىرى ساڭا غۇلام بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولىسەن، شەرتى ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك.
— بۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەن ئۇنى مەھبۇبەمنىڭ ئالتۇن بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋېتىمەن.
ئالتۇن رەڭلىك يالقۇن ئۆڭدى ۋە بىرئاز كىچىكلەپ قالدى، شۇ ھامان تاج غايىب بولدى.
— قارا! — سادا كەلدى يالقۇندا ھاسىل بولغان چىرايدىن يەنە،— بۇ ھاسىنى قولۇڭغا ئالساڭ ھەممە دىۋە - پەرى، جىن - ئالۋاستى، شاياتۇنلار پەرمانىڭغا بويسۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ شاھلىرى ساڭا غۇلام بولىدۇ، ساڭا نېمە كېرەك بولسا شۇنى ھازىر قىلىدۇ......
— ئۇلار ماڭا يار - مەھبۇبەمنى ئالدىمدا ھازىر قىلىپ بېرەلەمدۇ؟— سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.
— ياق، — دېگەن ئاۋاز كەلدى يالقۇندا ھاسىل بولغان چىرايدىن

زەئىپقىنا، — سەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك.

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز كەسكىنلىك بىلەن، — يار ۋەسلىدىن جۇدا قىلىدىغان بۇ ھاسىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.

شۇ ھامان ئالتۇن ھاسا غايىب بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك يالقۇن تېخىمۇ ئۆڭدى، يەنە بىرئاز كىچىكلەپ قالدى.

— قارا! — دېگەن ئاۋاز كەلدى يەنە يالقۇندا ھاسىل بولغان چىرايدىن، — مانا بۇ ئۈزۈكنى تاقىساڭ جىمى مەخلۇقات خىزمىتىڭدە بولىدۇ، گوياكى سۇلايمان پەيغەمبەردەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولىسەن، شەرت شۇكى پەقەت شۇ ئەرزىمەس ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپشۇرساڭلا بولغىنى.

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قەتئىيلىك بىلەن، — مېنى ئالدايمەن دېمە، بۇ ئاچقۇچ ئەرزىمەس نەرسە بولسا نېمىشقا شۇنچە ياخشى نەرسىلەرگە، بىباھا ئەڭگۈشتەرلەرگە تېگىشمەكچى بولدۇڭ؟

— ئۇنى سورىما، — دېگەن ئاۋاز كەلدى يالقۇندا ھاسىل بولغان چىرايدىن يىغلامسىرىغاندەك، — سەن ئەمدى بۇ ئۈچ كۆزلۈك ئەينەككە قارا، ئۇنىڭ بىر كۆزىدە زېمىن، بىر كۆزىدە ئاسمان، بىر كۆزىدە دېڭىز- ئوكيانلاردىكى جىمى مەۋجۇداتلارنى كۆرەلەيسەن ھەم ئۇلاردا كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى خالىغانچە ئالالايسەن، مەيلى ئۇ تەھتىسارادا بولسۇن ياكى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە بولسۇن، ياكى ئوكيانلار ئاستىدا بولسۇن، قول ئۇزاتساڭلا ئۇ سېنىڭ بولىدۇ، ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ...... بىرلا شۇ......

— بولدى قىل! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز غەزەپ بىلەن، — مەن بۇ تىلسىم ئاچقۇچنى ھېچ نەرسىگە تېگىشمەيمەن، بەلكى بۇ تىلسىمنى گۇمران قىلىمەن، ئەمدى سەنمۇ ئۆچۈپ قال.

شۇ ھامان ئۈچ كۆزلۈك ئەينەكمۇ غايىب بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك يالقۇن كىچىكلەپ، كىچىكلەپ شام ئوتىدەك پىلدىرلاپ قالدى - دە:

— پۇشايمان قىلىسەن، — دېگەن ئاۋاز كەلدى ئاران - ئاران

ئاڭلانغۇدەكلا.

شاھزادە نۇرئەزىز جاۋاب ئورنىغا پۇۋلەپ قويدى، ئالتۇن رەڭلىك يالقۇن ئۆچۈپ، ئورنىدا قارا ئىس - تۈتەك پەيدا بولدى - دە، بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئورىۋالدى، شاھزادە نۇرئەزىز ھېچنېمىنى سەزمەيلا قالدى، بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز بىر قوم بارخان ئالدىدا كۆردى، شۇ ھامان قوم بارخىنى يەنە بىر تەرەپكە دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇرۇپ كۆچۈپ، ئاستىدىن كۆك چىنە خىش - كاھىش بىلەن بېزەلگەن بىر چوڭ گۈمبەز كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ۋە ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز گۈمبەزگە كىردى، ھەددى - ھېسابسىز بايلىق دۆۋىسىگە دۇچ كەلدى، بىراق بۇلار ئۇنى ئەسلا قىزىقتۇرالمىدى، بۇ يەرگە زادى نېمىشقا كىرگىنىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — يەنە بىر ياغاچ ساندۇقنى تاپ ئوغلۇم!

شاھزادە نۇرئەزىز بايلىق دۆۋىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، كۆپ ئاختۇرۇپ ئاخىر بىر كۆرۈمسىز ياغاچ ساندۇقنى تاپتى، ساندۇق ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ ئالىقانچىلىك كىچىكلەپ قالدى.

— كەينىڭگە يان! — شۇنداق ئاۋاز كەلدى يەنە.

ئۇ گۈمبەزدىن چىققان ھامان بىر قارا قۇيۇن كېلىپ، كۆزنىمۇ ئاچقۇزماي ئۇچۇرۇپ كەتتى - دە، يەتتىنچى تىلسىم تەخسە يۈزىگە ئاپىرىپ تاشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىۋالدى، شۇ تاپ ئۈچ باشلىق شىر ئەسلىگە كېلىپ قالغان، يەتتە تەخسىلىك شامدان مۇناردىكى يەتتە خىل رەڭلىك ئوتنىڭ ھەممىسى ئۆچكەنىدى، يەتتە تەخسىلىك شامدان مۇنار تۈرۈپلا يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇ ھامان ئالتۇن ئاچقۇچ يەتتە تال ئالتۇن ئوق بولۇپ، ۋىشىلداپ بارغانچە يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىغا قادالدى، دەھشەتلىك چىرقىراق سادا ئېچىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز قان قۇسۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كۈل بولدى، كۈل ئېچىدىن يەتتە خىل رەڭلىك تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپكە تاراپ كەتتى، ئارقىدىنلا

يەتتىنچى تىلسىم تەخسە چاراسلاپ يېرىلىشقا باشلىدى، ئۈچ باشلىق شىر دەرھال بۇلۇتلار ئۈستىگە پەرۋاز قىلدى، تۆۋەندىكى تىلسىم تەخسە كېپەك ئالتۇنغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى، توزاڭ ئارىسىدىن بىر گىگانت قول يىلاندەك سوزۇلۇپ چىقتى، بىراق ئۈچ باشلىق شىر تېخىمۇ ئېگىزلەپ ئۇچۇپ، تۇتۇق بەرمىدى، ئاخىر گىگانت قولمۇ ئۈزۈلۈپ، كېپەك ئالتۇنغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئۆكتۈرۈلگەندەك دەھشەتلىك ئاۋازلار ياڭراپ، ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تىلسىم مۇنارمۇ غۇلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ پارچىلىرى مەغرىب كۆلىگە چۈشكەندە ئاسمان - پەلەك داۋالغۇشلار پەيدا قىلدى، كۆل تاشقىنلاپ، ئەتراپىغا نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە تاشقىن يامرىدى، ئارىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ، ئاندىن ئالەم - جاھان تىنچلاندى.



## ئون ئىككىنچى باب

# ۋىسال شادلىقى، ئۆلشىپ كەلگەن جۇدالىق

ئۈچ باشلىق شىر ئاستا - ئاستا تۆۋەنلىدى، نەچچە كۈنلەر توختىماي تۆۋەنلەپ، ئاخىر مەغرىب كۆلىدىكى يېگانە ئارالغا قوندى، ئارالدا شۇ چاغ گۈمبەزدەك يوغان قورام تاشتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى.

شۇ چاغ قورام تاش ۋاققىدە يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر ئاق كىيىملىك پەرىزات چىقىپ شۇنداق دېدى:

— مۇبارەك بولسۇن! ھەممە تىلسىمنى بوسۇندۇردىڭىز، تىلسىم مۇئەككىلى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يوقاتتىڭىز، ئەمدى جىنلار مەلىكىسى دىلخۇمارنىڭ ئالدىغا بېرىڭ، ئۇ سىز بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ، گۈمبەزدىن ئېلىپ چىققان ياغاچ ساندۇقنى قولدىن چىقىرىپ قويماڭ، بولمىسا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسىز، يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇنارنى گۇمران قىلىشىڭىز شۇ ساندۇق ئۈچۈن ئىدى.

پەرىزاتنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ پەرىزات ئاق ئىسقا ئايلىنىپ كەتتى، ئارال قاتتىق تەۋرەشكە باشلىدى.

— تېز كېتەيلى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر،— تېز ھېلىقى بېلىقنى تۇۋلا، ئىسمى نېمىتى ئۇنىڭ.

— يۇنۇس بېلىقى،— دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— يۇنۇس بېلىقى!، يۇنۇس بېلىقى! — ئۈچ باشلىق شىر ئالدىراپ تەكرارلىدى.

شۇ ھامان ئارال گىرۋىكىدە يۇنۇس بېلىقنىڭ سىپسىلىق كۆل رەڭ بېشى كۆرۈندى.

— تېز ئاغزىمغا كىرىۋېلىڭلار، — دېدى يۇنۇس بېلىقى، — ئارال ھازىرلا چۆكۈپ كېتىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىر دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا سەكرىدى. يۇنۇس بېلىقى كەينىگە بۇرۇلۇپلا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ كەتتى. قىرغاقتا يەتكەندە ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى، بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغان شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىر قىرغاققا چىقىۋالدى.

— خەير - خوش! — دېدى يۇنۇس بېلىقى خوشلىشىپ،— پېرىخونلار شاھى چوقۇم سىلەرنى تۇتۇۋېلىش كويىدا يۈرىدۇ، ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇ ھەرقاچان يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇنارنىڭ غۇلاپ چۈشكىنىنى بىلىپ بولدى، ئۇدۇل ماڭماي، ئايلىنىپ ئۆتۈڭلار، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇدى، ئۈچ باشلىق شىر شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ كۆلنى بويلاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۈچتى، بىر ئۇيان - بىر بۇيان ئەگىپ ئۇچۇپ، پېرىخونلار شاھىنىڭ جېسەكچىلىرىگە يولۇقۇپ قالماي، قار - مۇز بىلەن قاپلانغان بىر ئېگىز تاغ چوققىسىغا بېرىپ قوندى، تاغ چوققىسىدىكى مۇزلۇق ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر پارچە مۇز ئاجرىلىپ چىقىپ، ئادەم سىياقىغا كىردى - دە:

— ھۆكۈما سىلەرگە مەلىكە دىلخۇمار بىلەن كۆرۈشۈش، يالماۋۇز قەلئەسىگە بېرىش، يالماۋۇز كىتابىنى يوقىتىشنى تاپشۇردى، ھازىر سىلەر قۇياشقا ئەگىشىپ ئۇچۇڭلار، قۇياش تىك ئۆرلىگەن مەزگىلدە نۇرلۇق تاغ چوققىسىغا بارىسىلەر، مەلىكە دىلخۇمار بىلەن دىدارلىشىسىلەر، — دېدى ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇ شۇرۇردە ئېرىپ، سۇ بولۇپ ئېقىپ كەتتى.

— يەنە ھېلىقى مۇدھىش قەلئەگە بارىدىكەنمىز - دە، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — مېنىڭغۇ ئۇ يەرگە قايتا دەسسىگۈم يوق ئىدى.

— بىراق ئۇ بىز تىلسىم مۇناردا دۇچ كەلگەن خېيىم - خەتەرلەر ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى قۇياشقا ئەگىشىپ ئۆچتى، قۇياش تىك ئۆرلىگەن مەزگىلدە نۇرلۇق تاغقا يەتتى. تاغدىن بىر شامال كېلىپ، ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، مەلىكە دىلخۇمارنىڭ سارىيى ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

— مەرھابا! ئەزىمەتلەر، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، — سىلەرنى كۈتۈپ بەك تەقەززا بولغانىدىم.

— سىز كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ھەيران بولۇپ.

— يەڭگىڭىز، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار كۈلۈپ تۇرۇپ، — جىنلار مەلىكىسى دىلخۇمار بولىمەن، ئەرۋاھ ھۆكۈما سىلەرگە يالماۋۇز قەسىرىدىكى قۇدۇقتا كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىپ بېرىشىمنى تاپىلىغان، سىزنىڭ يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇناردىن تىنچ - ئامان كېلەلمەسلىكىڭىزدىن ئەنسىرىگەنىدىم، تىلسىم مۇنارغا بېرىش تۇگۇل، ھەتتا بارلىقىنى ئاڭلاشمۇ بىزگە نېسىپ بولمىغان، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلىشكە، ھەتتا ئارىمىزدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پېرىخونلار شاھىنىڭمۇ قۇربى يەتمىگەن، ئۇمۇ شۇ يەردىلىكىڭىزنى قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن بىلگەن، ئاخىر تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدىڭىز، بۇ بىر مۆجىزىدەكلا ئىش بولدى، ئەمدى سىزنى سىردىن خەۋەردار قىلاي.

— ئاۋۋال ئاكىلىرىمنىڭ خەۋىرىنى بەرسىڭىز؟ — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىراپ.

— ئۇلار پۈتۈن شەھەر بىلەن قوشۇلۇپ تاشقا ئايلىنىپ كەتتى، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئىسكىلىت پېرىخون ئادەمزات دۇنياسىغا قانداق بارالىدىكىن، سېھىرلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ شەھىرىڭىزنى، شەھەردىكى ھەممە ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى قوشۇپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ بۇ ئارقىلىق سىزنى ئۆز قەلئەسىگە بېرىشقا مەجبۇرلىماقچى.

— ئۇنىڭسىزمۇ يالماۋۇز قەلئەسىگە بارماقچىدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز غەزەپ بىلەن، — ئەمدى يالماۋۇز قەلئەسىدە

كۆرگەنلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، يالماۋۇز قەلئەسىنى ئىسكىلىت پېرىخون بىلەن قوشۇپ گۇمران قىلىمەن، شەھىرىمنى، ئاكىلىرىمنى ۋە باشقىلارنى قۇتقۇزىمەن.

— سىز ئاۋۋال قاراڭغۇ تاغقا بېرىڭ، — دېدى مەلىكە دىلخۇمار، — قۇياشقا ئەگىشىپ ئۇچۇپ، قۇياش پاتقاندا بىر قارا تاغ چوققىسىغا يېتىسىز، تاغدا زۇلمەت غارى بار، غار ئىچىدە بۇلاق بار، بۇلاقتىن تۆت تارام سۇ ئاقىدۇ، بىر تارامدىكى شەربەت، بىر تارامدىكى سۈت، بىر تارامدىكى مۇسەللەس، بىر تارامدىكى قىرتاق، شورلۇق سۇ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ھور دىماقلىرىڭىزنى ئېچىشتۇرىدۇ، شۇ شورلۇق سۇدا يۇيۇنسىڭىز بولىدۇ، شۇ چاغدا مەن قېشىڭىزدا ھازىر بولۇپ، نېمە قىلىشىڭىزنى ئېيتىپ بېرىمەن، تېز بولۇڭ، زۇلمەت غارىنىڭ ئىشىكى ھەر يەسلىدە بىركۈن ئېچىلىدۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئېچىلىدىغان كۈنى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ ئۇچۇپ كەتتى، قۇياشقا ئەگىشىپ ئۇچۇپ، كۈن پاتاردا ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تۆۋرۈككىلا ئوخشايدىغان، تاش - تۇپرىقى قاپقارا ۋە ئېگىز بىر تاغقا دۇچ كەلدى، تاغ ئەتراپى قارا بۇلۇت-تۇمانلار بىلەن ئورالغان ۋە جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان، تولىمۇ غەلىتە ۋە خەتەرلىك بىر جاي ئىدى.

ئۈچ باشلىق شىر غارنى ئىزدەپ، تاغنى ئايلىنىپ ئۇچتى، ئاخىر بىر مۇزلۇق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان غار ئاغزىنى تاپتى، لېكىن غار ئاغزى مۇز بىلەن توسۇلۇپ قالايلا دېگەچكە، كىرىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال قوينىدىن خاسىيەتلىك ئالتۇن ئەينەكنى ئېلىپ، غار ئاغزىدىكى مۇزغا توغرىلىدى، ئەينەكتىن ئوت پۈركۈلۈپ چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مۇزلارنى ئېرىتىپ، غار ئاغزىنى داغدام ئېچىۋەتتى، ئۈچ باشلىق شىر ئەمدى بىمالال غارغا ئۇچۇپ كىردى، خاسىيەتلىك ئالتۇن ئەينەك يورۇقىدا توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ، ئاخىر غارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كەڭرى مەيدانغا يەتتى، بۇ يەردە ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى تۆمۈر تىكەندەك موي بىلەن قاپلانغان، ۋۇجۇدىدىن قارا رەڭدىن باشقا ئۆزگە رەڭ دىدارى تېپىلمايدىغان بىر دىۋىگە يولۇقتى،

دىۋىنىڭ قولىدا ئادەمنىڭ باش ئىسكىلىتى شەكلىدە ياسالغان گۈرزە بار ئىدى، ئۇ ئۇن - تىۋىشسىزلا شاھزادە نۇرئەزىزغا ھۇجۇم قىلدى، ئارىدا قىلىچ - گۈرزىلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، دەھشەتلىك جەڭ باشلاندى. قارا دىۋىنىڭ گۈرزىسىدىكى ئېغىز- بۇرۇن، كۆز - قۇلاقلاردىن ئوت چىقىپ تۇراتتى، قىلىچ كار قىلمايتتى، شۇنداقتىمۇ شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەسۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، قارا دىۋىنى ھالسىراتتى، ئۆزى بولسا ئېلىشقانسېرى كۈچلىنىپ باردى، ئاخىر قىلىچقا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۇرۇپ زەرب بىلەن ئۇرغاندى، قىلىچ گۈرزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دىۋىنىڭ بېشىنى ئۈزدى، ئىككى پارە بولغان گۈرزىدىن بىر قاناتلىق قارا چاشقان ئۇچۇپ چىقىپ:

— خەپ سېنى! خەپ! — دېگىنىچە قاچتى، ئەمما ئۈچ باشلىق شىر پۇرسەت بەرمەي ئوت پۈركۈپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كىرىپ بىر بوشلۇقتا بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغان بۇلاققا يولۇقتى، بۇلاق سۈيى تۆت تارامغا بۆلۈنۈپ ئېقىپ غاردىكى كامارلارغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر تارام سۇغا چۈشتى، بىراق ئادەمدەك تىك تۇرالايدىغان قاسراقلىق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇ چاغ كۆز ئالدىدا مەلىكە دىلخۇمارنىڭ سىيماسى زاھىر بولۇپ:

— مۇشۇ تارام سۇ كىرىپ كېتىۋاتقان كامارغا كىرىڭ شاھزادە، سۇ مەخلۇقلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلار ساقلاۋاتقان تاش گۈمبەز ئىشىكنى ئېچىڭ، ئالتۇن ئاچقۇچنى تېپىڭ، ئاندىن قايتىپ چىقىپ، سۇت ئېقىنىدا يۇيۇنسىڭىز ئەسلىڭىزگە كېلىسىز، — دېدى ئۇنىڭغا.

ئەجدىھا سۇ ئاستىغا كىرىپ قالغان شاھزادە نۇرئەزىز كامارغا بېشىنى تىقتى، يىلاندەك سوزۇلۇپ كىرىپ، چولتۇككىدە بىر يەر ئاستى كۆلگە چۈشۈپ كەتتى، شۇ ھامان تەرەپ - تەرەپتىن خەنجەر چىشلىق، تۆمۈر تىرناقلىق غەلىتە سۇ مەخلۇقلىرى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئەجدىھا پەنجىسىگە ئايلىنىپ قالغان قوللىرىدا قىلىچنى چىڭ سىقىملاپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. بۇ جەڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋام

قىلدى، ئاخىر مەخلۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، كۆل ئاستىغا شۇڭغۇدى، بىر تاش گۈمبەز كۆرۈندى، تاش گۈمبەزنى غايەت زور بىر سەككىزئاياغ قاماللاپ ياتاتتى، سەككىز ئاياغنىڭ ھەر پۇتىدا بىردىن يالماۋۇز بېشى بار ئىدى، كۆرگەنلەرنىڭ يۈرىكى سىرقىرايتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى سەككىزئاياغ بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما سەككىز ئاياغنىڭ قىلىچتا كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن يەرلىرى ھايال ئۆتمەي ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى، ئاندىن ئۇ شاھزادە نۇرئەزىزنى چىشلىۋېلىشقا ياكى چىرمىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، پات - پات زەھەرلىك قارا سۇيۇقلۇق پۈركۈيتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنى يوقىتىشقا ئامال قىلالماي كۆپ ئاۋارە بولدى، ئاخىر كەينىگە يېنىپ، سەككىزئاياغدىن يىراقلىشىپ ئۇنى كۆزەتتى، سەككىزئاياغنىڭ گۈمبەزدەك يوغان بېشىدا بىلىنەر-بىلىنمەس بىر ئىشىكنى بايقىدى.

«بۇ گۈمبەزنىڭ ئىشىكى بولۇشى مۇمكىن،» دەپ ئويلىدى ئۇ: «ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن دەپ ئاۋارە بولماي ئاشۇ ئىشىكتىن كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلاي».

ئۇ ئاستا - ئاستا ئۈزۈپ، سەككىز ئاياغنىڭ ئۈستى تەرىپىگە باردى، ئاندىن شىددەت بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ سەككىزئاياغنىڭ سەككىز پۇتى تەگلا سوزۇلۇپ كېلىپ، تۇتۇۋالغۇچە ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى تاملىرى كەھرىۋادىن قوپۇرۇلغان بىر سارايدا كۆردى، سارايدا تىنىمسىز ئۆچۈپ يۈرگەن بىر ئالتۇن ئاچقۇچتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى، ئالتۇن ئاچقۇچ قەپەستىن قۇتۇلماقچى بولغان قۇشتەك ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتاتتى.

— بۇياققا كەل! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەن سېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىمەن.

بىراق، قاناتلىق ئاچقۇچ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك قالايمىقان ئۇچۇۋەردى. شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز ئۇنى قوغلىدى، ئالتۇن ئاچقۇچ ئۇنىڭغا تۇتقۇق بەرمىدى، بەلكى بىرى ئون، ئونى يۈز بولۇپ، ئەسلىدىكىسى قايسى بىلگىلى بولمىدى، شاھزادە نۇرئەزىز نېمە قىلارىنى

بىلەمەي، خالىغان بىرىنى تۇتاي دېگۈچە مەلىكە دىلخۇمارنىڭ شۋىرلىشى ئاڭلاندى:

— ھەرگىز قالايمىقان ئىش قىلماڭ، ئەسلىدىكىسىنى تۇتۇشىڭىز كېرەك، باشقا بىرىنى تۇتسىڭىز تاشقا ئايلىنىپ قالىسىز، بارمىقىڭىزنى چىشلەپ، بىر تامچە قان چىقىرىڭ، قاننى كۆرۈپلا ئېتىلىپ كەلگەننى تۇتۇۋېلىڭ، ئاندىن گۇمبەز پارتلىغان ھامان ھېچنېمىگە قارىماي قايتىپ چىقىڭ، كېچىكسىڭىز ھەممە ئىشىڭىز بىكار بولۇپ، ئىسكىلىت پېرىخونى يوقىتالمايسىز.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئالتۇن ئاچقۇچلارنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ، قولىنى چىشلەپ قان چىقاردى، شۇ ھامان يۈزلىگەن قاناتلىق ئاچقۇچلاردىن بىرى ئوقتەك تېزلىكتە ئېتىلىپ كەلدى ، شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋالدى، شۇ ھامان قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ساراي پارتلاپ، ئۆگزە ۋە تاملىرى پارە - پارە بولۇپ، ھەرتەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچتى، ئەتراپتا ئۇنى چاقىرغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، لېكىن پەرۋا قىلمىدى، ئارقىدىن گۈلدۈر - قاراس، قىيا - چىيالار ئاڭلاندى، خىلمۇخىل سۈرەتلەر، بەزىلىرى ئاجايىپ گۈزەل ۋە بەزىلىرى بەتبەشىرە ھالەتتە پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ ھېچبىرىگە پەرۋا قىلماي سۇ يېرىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئۇچۇۋەردى، ئاخىر بىرلا ئۇچۇپ كاماردىن چىقىپ، سۇت ئېقىنىغا كىرگەندى، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

— تېز بولۇڭ شاھزادە! — دېدى يەنە مەلىكە دىلخۇمارنىڭ سىيماسى زاھىر بولۇپ، — ئالتۇن ئاچقۇچنى غارنىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر قۇلۇپقا سېلىڭ، ئاندىن ئېچىلغان ئىشىكتىن كىرىپ باغدا يورغىلاپ يۈرگەن توققۇز كەكلىكنىڭ ھەممىسىنى ئوۋلاڭ، بېشىنى ئۈزۈڭ، ئىسكىلىت پېرىخون غار ئالدىغا كېلەيلا دەپ قالدى، ئۇ ئىشلىرىمىزنى سېزىپ قالدى، ئۇ كىرىپ بولغۇچە ئىشنى تۈگىتىڭ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ غارنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىدى. ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن، تۆمۈردىن ياسالغان ئۈچ قۇلۇپنى كۆردى، ئالتۇن، كۈمۈش قۇلۇپلار ساھىبجامال نازىنىنلارنىڭ يۈزىدەك

كۆرۈندى، ئۇلار سىرلىق كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى، تۆمۈر قۇلۇپ بولسا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خىرىس قىلىپ تۇرغان غالجىر ئىت سۈرىتىدە ئىدى.

— مېنى ئالتۇن قۇلۇپقا سال، ئالتۇن قۇلۇپقا! — چىرقىراق سادا كەلدى ئالتۇن ئاچقۇچتىن، — تۆمۈر قۇلۇپقا سالساڭ تۈگىشىسەن.

بىراق، شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن تۆمۈر قۇلۇپقا تەڭلىدى، شۇ ھامان تۆمۈر قۇلۇپ غالاپ - غۇلۇپ قىلىپلا ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۇنىڭ قولىدىن چىشلەپ ئېلىپ يۇتۇۋالدى - دە، غىرىچلىتىپ چايناپ يۇتۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېچىنىشلىق ناله-پەرياد ئاڭلىنىپ، قان - يىرىڭ ئاقتى.

ئارقىدىنلا تاغ چوققىسى تەۋرەپ ھېلىلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولۇپ، تۆمۈر قۇلۇپنىڭ تۆشۈكى يوغىناپ-يوغىناپ بىر ئىشىككە ئايلاندى، شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكتىن كىرگەن ھامان ئىشىك يوقىدى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بىر چارباغدا كۆردى، باغدا پەيلىرى ھەسەن- ھۈسەندەك يەتتە رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان توققۇز كەكلىك يورغىلاپ يۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقىغا قارىغان كىشى ئېتىش تۈگۈل، بىرەر تال پېيىگە زىيان سېلىشقىمۇ چىدىمايتتى.

— تېز بول! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئالدىرىتىپ، — تاغ تەۋرەۋاتىدۇ، يەر يېرىلىدىغاندەكلا قىلىدۇ، ئىسكىلىت پېرىخون غارغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ، كەكلىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئاتتى، ئۈچ باشلىق شىر ئېتىلغانلارنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تۇردى، توققۇزىنچى كەكلىكنىڭ بوينىنى ئۈزگۈچە ئىسكىلىت پېرىخوننىڭ كۆلەڭگىسى زاھىر بولۇپ يېلىندى:

— قوي، ئۇنى قويۇۋەت، توققۇز جېنىمدىن بىرسى قالدى، ئەمدى ھېچ نەرسىگە زىيان - زەخمىتىم يەتمەيدۇ، رەھىم قىلغىن.

— سەن شەھىرىمدىكى نەچچە يۈز مىڭلىغان جانغا رەھىم قىلدىڭمۇ؟ — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئاچچىق بىلەن، — جان -

جىگەر قېرىنداشلىرىمغا رەھىم قىلدىڭمۇ؟! مەھبۇبەم شۇ تاپتا قەيەرلەردە ئازاب تارتىۋاتىدىكىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلدىڭمۇ؟! قوي ئۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭنى، ساڭا ئۆلۈملا بار، ئامانلىق يوق.

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشقۇچە ئۈچ باشلىق شىر:

— بۇنداق مەلئۇنلارغا ئىبغىز ئۇپۇرتىپ يۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى،— دەپ غۇدۇرىغىنىچە كەكلىكنىڭ بويىنىنى ئۈزدى، شۇ ھامان ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ سىماسى ئېچىنىشلىق نالە - پەرياد ئىچىدە قارا تۈتەككە ئايلىنىپ تاراپ كەتتى، ئارقىدىنلا چارباغ ئاستىدىكى زېمىن قاراسلاپ يېرىلىپ، سانسىزلىغان ئاق كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتتى، ئۈچ باشلىق شىر بۇ ئاق كەپتەرگە ئەگىشىپ ئۇچۇپ، بىردىنلا يورۇق ئالەمگە چىقىپ قالدى، پارلاپ تۇرغان قۇياش ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، قاراڭغۇ تاغ غايىپ بولغانىدى.

— نۇرلۇق تاغقا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇچۇپ قۇياش تىك ئۆرلىگەن مەھەلدە نۇرلۇق تاغقا يەتتى، بىراق نۇرلۇق تاغدىكى نۇر جۇلاسىنىڭ ئۆچكىنىنى، خاسىيەتلىك گۈل - گىياھلارنىڭ كۆلگە ئايلىنىپ، نۇرلۇق سارايىنىڭ ۋەيران بولغىنىنى كۆردى. خارابىلىكتە مەلىكە دىلخۇمارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى قالغانىدى، ئۇنىڭ بىر قولى مەشرىق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى بىلەلمەي ھەسرەت چەكتى، شۇ چاغ تاغدىكى بىر كاماردىن بويىنى ئۇزۇن، زىلۋاغىنە قاردەك ئاق بىر مۇشۇك ئالتۇن - كۈمۈش مويلۇق بىر جۈپ ئاسلىنىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقتى - دە:

— بۇلار ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ ئىشى، مەلىكەم ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئېلىشتى، لېكىن تەڭ كېلەلمەي ئاخىر تاشقا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرى مەخپىي ھۇجرىغا كىرىپ، سىرلىق ئەينەكتىكى بىلەرمەن جىننى ئازاد قىلىش بەدىلىگە ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ سىرىنى سوراپ بىلىۋالغان، ئاندىن سىلەرگە يەتكۈزگەنىدى، ئەمدى مەن سىلەرگە يەنە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي، مەلىكەم بۇنى ماڭا تاپىلاپ قويغانىدى،

ئاڭلاڭ، يالماۋۇز قەلئەسىگە كىرسىڭىز ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ تەختىدىن باشقىغا يولىماڭ، تەخت ئاستىدا قۇدۇق بار، قۇدۇق ئاستىدا ئوڭ - سول ئىككى تەرەپتە ئىككى ئەجدىھا بار، بىرى ئاق، بىرى قارا. ئاق ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا يالماۋۇز كىتاب بار، ئۇ ھەممە رەزىللىكنىڭ مەنبەسى، ئۇنى يوقاتسىڭىز ئاكىلىرىڭىزمۇ، شەھىرىڭىزمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ،— دېدى مىياۋلاپ. گېپى ئاياغلاشقان ھامان مۈشۈك ئاسلانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تاشقا ئايلىنىپ قالدى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «بۇنى كىشىگە تىنىغۇچى بولماڭ!» دېگەن سادا ياڭرىدى.

— بۇ سىرنى ئېغىزدىن چىقارغۇچىلار تاشقا ئايلىنىپ قالىدىكەن،— دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— بىز مەشرىق تامام ماڭايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەلىكىنىڭ قولى شۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدا نېمە سىر بارلىقى نامەلۇم.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇنى ئېلىپ شۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. بىر چاغدا تۈۋەندىكى بىر بۇلاقتىن ساقاللىق پەتەك جىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توستى - دە:

— توختاپ تۇرغىن شاھزادە! بۇ يەردە بىر ئامانەت بار، تاپشۇرۇۋېلىپ كەت، — دېدى مەيۈسلۈك بىلەن.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇلاق بويىغا قوندى، جىن بۇلاققا كىرىپ كېتىپ، بىر پەرىزاتنىڭ تاش ھەيكىلىنى ئېلىپ چىقتى.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەجەبلىنىپ.

— مەلىكە دىلرەبا، — دېدى جىن، — ئىككىنچى ئاكاڭنىڭ مەھبۇبىسى، ئاكىلىرىڭمۇ، شەھىرىڭمۇ ئىسكىلىت پېرىخون تەرىپىدىن تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئاتىسى، مومىسى ۋە باشقا پەرىلەر ئىسكىلىت پېرىخون ھەم ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بىلەن ئېلىشتى، ئىسكىلىت پېرىخونىنىڭ قولچوماقلىرىنى يوقىتالىدى، لېكىن ئۆزىگە كۈچى يەتمەي، مەلىكە دىرەبادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن جىسمىنى مەلىكە دىلخۇمارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەكېلىپ ساقلاپ قويدۇم.

— ئۇنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنى يەنىلا سەن ساقلاپ بەرگىن، زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بول، — دېدى جىن، — ئەمدى ئۇنىڭغا زەررىچىلىكمۇ زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ، لېكىن سەن كۆپ ئېھتىيات قىل، ھەممىسىنىڭ ئۈمىدى سەندە، ساڭا ئاق كەپتەر يول باشلايدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكىن.

شاھزادە نۇرئەزىز قەلبى غەزەپ - نەپرەتكە تولغان ھالدا ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر ئاق كەپتەرگە ئەگىشىپ ئۇچۇپ كەتتى.

كەپتەر ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئۇچتى، ئۈچ باشلىق شىر بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاران يېتىشتى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپ بىر قاراڭغۇلۇققا يېتىپ كەلدى، ئاق كەپتەردىن نۇر چاقناپ، نىشاننى كۆرسىتىپ بەردى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۇزلار قاراسلاپ يېرىلىپ، ئاستىدىن غايەت زور سۇ مەخلۇقلىرى چىقىپ، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئۇرۇندى، ئاسماندىن تورۇكلاپ مۆلدۈر يېغىپ كەتتى، ھەرتال مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى تاۋۇزدەك كېلەتتى، ئارقىدىنلا سوغۇقى نەشتەردەك سانجىلىدىغان قاتتىق شىۋىرغان چىقتى. شۇنداق مۇشكۈلاتلار ئىچىدە ئۇلار تۆپرىقى قاپقارا ۋە تۆمۈردەك قاتتىق بىر ئارالغا يەتتى.

ئارالدا يالماۋۇز قەلئەسى ھەممە تۆشۈك - ئېغىزلىرىدىن جۇت - شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ، كەلگەنلەرنى «ھاپ» قىلىپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا تۇراتتى.

ئاق كەپتەر ئەمدى قاياققىدۇر غايىب بولدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىردىن چۈشمەيلا يالماۋۇز قەلئەسىگە كىرىپ كەتتى، مانا ئەمدى ئۇلار قۇرۇق سارايغا كىرگەندەكلا ئىلگىرىلىدى، ئاخىر ئىسكىلىت پېرىخوننىڭ تەختى ئالدىغا بېرىپ توختىدى، ئەمما تەخت ئاستىدا نە قۇدۇق، نە بىر ئىشىكتىن ئىزنا يوق ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى قولىغا ئالدى - دە، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ، ھۇرۇپ تۇرۇپ، تەختكە قىلىچ ئۇردى، شۇھامان گۈلدۈر-

قاراسلىغان دەھشەتلىك سادا بىلەن تەڭ، تەخت يېرىلىپ، ئىككى پارە بولدى، ئاندىن ئاستىدا بىر قۇدۇق زاھىر بولدى، قۇدۇقتىن ھايالىسىزلا ئوت لاۋا ئېتىلىپ چىقىشقا، خىلمۇخىل ۋەھىملىك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز قۇدۇققا قاراپ تىنى شۈركۈنۈپ تۇرۇپ قالدى.

— خاسىيەتلىك كىتابقا قارىغىنا، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — يول كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە نۇرئەزىز قوينىغا قول سالاي دېگۈچە، كىتاب ئۆزىلا ئۇچۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن شۇنداق سادا كەلدى:

— ھەقىقىي رەقىبىمگە يولۇقتۇم، ئەمدى مېنى قۇدۇققا تاشلا، ئۈچ كۈن كۈتكىن، ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنسە مېنى «يىگىپتۇ» دەپ بىل، ئالىپاساق ئىس - تۈتەكلەر چىقسا ئۆزۈڭنى ياقىغا ئال، قۇدۇققا يېقىنلاشقۇچى بولما.

— ئەگەر سەن يەڭسەڭ مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىراپ.

— قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ قارا ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرگىن.

— خاسىيەتلىك كىتاب شۇنداق دەپ ئۇچۇپ قۇدۇققا كىرىپ كەتتى. قۇدۇقتىن ھەرخىل رەڭلىك نۇر چاقنىدى، تۇرۇپ قارا ئىس چىقسا، تۇرۇپ ئاق ئىس ئۆرلىدى، تۇرۇپ دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلانسا، تۇرۇپ يېقىملىق نەغمە - ناۋا ياڭرىدى، تۇرۇپ بەتبۇي پۇراق تارالسا، تۇرۇپ خۇش پۇراق چېچىلدى، ھېلى غالجىر ئىتلارنىڭ نېمىلەرنىدۇر تالىغان ئاۋازى، تۇرۇپ يەنە بوۋاقلارنىڭ سەبىي كۈلكىسى ئاڭلاندى، ئەيتاۋۇر ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە قۇدۇقتىن خىلمۇخىل سادا، ھىد - پۇراقلار چىقىپ تۇردى، بۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز شاھزادە نۇرئەزىزغىمۇ، ئۈچ باشلىق شىرغىمۇ گويا ئۈچ يىلدەك ئۇزاق بىلىندى، قۇدۇققا قاراپ باقايلى دېسە كۆرۈنمەس بىر قول ئىتتىرىۋەتتى، ئۇلار تازا تەقەززا بولغان بىر چاغدا قۇدۇق تىنچىپ قالدى، شاھزادە نۇرئەزىز زادى نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى.

—كىرەيلى، — دېدى ئۇ خېلى ساقلاپ بېقىپ، — نېمىلا بولسۇن

ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بول ئەمىسە، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

ئۇلار قۇدۇققا چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا بىردىنلا قۇدۇقتىن ئۈنچە - مارجانلار چېچىلىپ، ھەسەن - ھۈسەن جىلۋە قىلدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز خۇشاللىقىدا ئۈچ باشلىق شىرنىڭ باشلىرىغا سۆيۈپ، — خاسىيەتلىك كىتاب غەلىبە قىپتۇ.

شۇ چاغ قۇدۇقتىن تىنىما - كاتىنگى چىقىپ، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن، ھەممە يېرىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان بىر رەزگى كىتاب چىقىپ، پالاقشىدە يەرگە چۈشتى، ئارقىدىنلا يەتتە خىل رەڭدە جۇلالاپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك كىتاب ئۇچۇپ چىقتى - دە، بىرلا ئوت پۈركۈپ، رەزگى كىتابنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

— ئۇھ! — دېگەن سادا كەلدى خاسىيەتلىك كىتابتىن، — ئۇنى يېڭىپ بولغۇچە كۈچ - مادارىمدىن كېتىپتىمەن، ئەمدى خۇشلىشايلى، قالغان ئىشلار ئۆزۈڭگە قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خاسىيەتلىك كىتاب يەتتە رەڭلىك بىر چوڭ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، يالماۋۇز قەلئەسىنىڭ تورۇسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ قۇدۇققا شۇڭغۇپ كىردى، قۇدۇق دىۋارىغا چاك كەتكىنىنى، بىشى ئۈزۈلگەن ياكى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ يېرىم گەۋدىلىرىنىڭ ساڭگىلىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى. قۇدۇق ئاستىغا چۈشتى، بىر قارا ئەجدىھادىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى، قارا ئەجدىھا بولسا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئاغزىنى ھاڭغىرقاي ئېچىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، كەھرىۋادىن كۆز قويۇپ بېزەلگەن بىر گۈمبەز قېشىغا كەلدى، گۈمبەز ئىشىكىدىن شۇنداق سادا كەلدى:

— كىمسەن؟ شاھزادە نۇرئەزىز بولساڭ گۈمبەزگە كىر، بولمىسا كەينىڭگە يان.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىردىن چۈشۈپ بىمالال گۈمبەز ئىشىكىگە يەتتى، بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈچ كۆزلۈك جاھانئەما ئەينەك چىقتى ـ دە:

— مەرھابا! سىنى قايتا كۆرگىنىمدىن خۇرسەنمەن،— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى بىلەلمەي ھەيران بولدى، ئارقىدىنلا كۆز ئالدىدا يەتتە خىل رەڭلىك گۆھەر ئورنىتىلغان تاج، گۆھەر باشلىق ھاسا ۋە گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكلەرمۇ پەيدا بولدى.

— مەرھابا! — شۇنداق سادا كەلدى ھەممىسىدىن، — ھەممىمىز خىزمىتىڭىز ئۈچۈن كەلدۇق، بىز غەلىبىڭىزنىڭ مۇكاپاتى، بىزنى ئېلىپ كېتىڭ.

شاھزادە نۇرئەزىز تولىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ھەرتەرەپكە نەزەر سالدى، گۈمبەزدىن چىقىدىغان يەنە بىر ئىشىكنى كۆردى، شۇ ئىشىكتىن چىققاندى، قىلىچ، ئوقيا، گۈرزە تۇتۇپ تۇرغان ئۈچ تىلسىم ھەيكەلنى كۆردى، تىلسىم ھەيكەللەر يەنە بىر ئاق تاش گۈمبەزنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى.

— يىگىت! — دېدى تىلسىم ھەيكەللەر بىردەك، — غەلىبە مېۋەڭدىن بىزنىمۇ بەھرىمەن قىل، ئاندىن مەھبۇبەڭ يېنىغا كىر، غەلىبە مېۋەڭدىن كېچەلمىسەڭ كەينىڭگە يان.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىككىلەنمەي شاھلىق تاجنى قىلىچ تۇتقان تىلسىم ھەيكەلگە، گۆھەر باشلىق ھاسىنى گۈرزە تۇتقىنىغا، گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئوقيا تۇتقان تىلسىم ھەيكەلگە بەردى، شۇ ھامان ئۈچ ھەيكەل گۈمبەزگە بىرى قىلىچ، بىرى گۈرزە ئۇردى، بىرى ئوق ئۈزدى، ئاندىن ئۈچىلىسى غايىب بولدى، گۈمبەز بولسا چاراسلاپ يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر خىرۇستال تاۋۇت چىقتى، تاۋۇت ئىچىدە بولسا بىر پەرىزات سۈت ئۈيىقۇدا ياتاتتى، ئۇنىڭ يۈزىگە قات ـ قات يىپەك پەرەنجىلەر يېپىلغان بولۇپ، پەرەنجىلەر ئاستىدىن نۇر ۋە گۈزەللىك ئاپتىپى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

شۇ چاغ يۈرىكى ھاياجان ھېسلىرى ئىچىدە دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئەرۋاھ ھۆكۈمانىڭ تاراپ كېتەيلا دەپ قالغان تۇتەكتەك غۇۋا سىيماسى زاھىر بولۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن شاھزادە! مەھبۇبەڭنىڭ ۋۇجۇد نوتىسىنى تاپتىڭ، ئەمدى ئاتىسى بەرگەن ئالما بىلەن ئۇستازى بەرگەن كامالچىنى تاۋۇت ئۈستىگە قوي، مەلىكە دىلئارام ئەمدى ساڭا مەنسۇپ، قوينۇڭدىكى ياغاچ قۇتىنىمۇ ئەمدى ئاچساڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى كارامەتلەرنى كۆرسەڭ بولىدۇ، ئۇنى قەدىرلە، ئۇنى سۆي، ئۇ بەخت يۇلتۇزۇڭ، سەن ئاتاڭنىڭ خەزىنىسىدە كۆرگەن لەۋھە بولسا پەقەت سېنى بۇ مۇشەققەتلىك ئۇزاق سەپەرگە باشلىغۇچى، ئۇنى قۇملۇقتىكى گۈمبەزدىن ئېلىپ كەلگەن بوۋايغا ھەمراھ بولۇۋاتقان مەلىكە بولسا بىر قورچاق، ئۇ بوۋاينىڭ ئەجرى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، بوۋاينىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، بوۋاي باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلغاندا ئۇمۇ غايىب بولىدۇ، مانا بۇ لەۋھەدىكى مەھبۇبەڭنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى، جېنى، ئۇنى ئاچساڭلا مەھبۇبەڭ ئۇيقۇدىن پارىغ بولىدۇ، تېز بول، ياغاچ قۇتىنى ئاچ، ئالما بىلەن ئەتىرگۈل كامالچىسىنى تاۋۇت ئۈستىگە قوي، مەلىكە دىلئارامنىڭ گۈزەل رۇخسارى جاھاندا نۇرلانسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە قوينىدىن ياغاچ قۇتىنى ئېلىپ ئاچتى، شۇ ھامان قۇتىدىن ئېپار - ئەنبەر ھىدىغا تويۇنغان بىر يىپەك لەۋھە چىقتى، لەۋھەدە تاڭدىكى قۇياش ۋە تۇندىكى تولۇن ئايدىنمۇ نۇرلۇق ۋە گۈزەل ھۆسن - جامال، قەددى-قامىتىنى تەرىپلەشكە ھەرقانچە سۆزمەن تىلمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغان تەڭداشسىز ساھىبجامال بىر پەرىزاتنىڭ سىيماسى زاھىر بولدى. شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ قوللىرى ھاياجىنىنى باسالماسلىق تۈپەيلى تىترەپ كەتتى، بىراق لەۋھەدىكى سىيما تېزلا غۇۋالىشىپ ئاخىر ئۆچتى، قوينىدىكى ئالما بىلەن ئەتىرگۈل كامالچىسى ئۆزىلا ئۇچۇپ چىقىپ تاۋۇت ئۈستىگە چۈشتى ۋە ئاستا - ئاستا تاۋۇتقا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى، شۇ ھامان تاۋۇتمۇ غايىب بولۇپ، تاۋۇت ئىچىدە ياتقان پەرىزات ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇردى، مىڭ يىل ئۇخلىغان بولسىمۇ يەنىلا 14 ياشلىق غۇنچە

ھالىتىدە ئىدى.

پەرەنجىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئالغانىدى، ھۆسن - جامال ئاپتىپى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى، ئالەم - جاھان پارلاق كەتتى.

— سىزنى چۈشلىرىمدە كۆرگەنىدىم، — دېدى مەلىكە مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن، — خۇداغا شۈكرى، مانا ئوڭۇمدىمۇ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، ئەمدى جاھاندا ئۆزۈمنى يېگانە ھېس قىلمايمەن، سىز بىلەن دىدارلاشقىنىم مېنىڭ بەختىم.

ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى بىلەن تەڭ خۇشبۇي ھىدلار تارالدى، كۈلۈمسىرىگەنىدى، ئۇنلارچە قۇياش تەڭلا پارلىغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولدى، ئەتراپتا يۈزلەرچە گۈل پورەكلەپ ئېچىلغاندەك كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ۋۇجۇد ئالتۇنى سىمابتەك ئېرىپ كېتىدىغاندەكلا ھېس قىلدى، خېلىغىچە ئېسىنى يىغالماي يېرىم بىھوش ھالەتتە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن چەكسىز بەخت تۇيغۇلىرى ئىچىدە ئۇنى نازۇك ۋە يۇمران قوللىرىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى.

— ۋاھ! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بۇ ھەقىقەتەن تارتقان رەنج - مۇشەققەتلىرىمىز ئۈچۈن ئەرزىيدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا ئىكەن.

ئۇلار ئۈچ كۆزلۈك جاھاننەمانى ئېلىپ قارا ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىقتى، شۇھامان جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇچى گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمان كۆمتۈرۈلگەندەك بىر ھالەت زاھىر بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىز ھوشىدىن كەتتى؛ سەلكىن شامال يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتكەن بىر مەھەلدە كۆزلىرىنى ئېچىپ، بۇلۇت - تۇمانلار ئارىسىدىن قۇياش ئۆزىگە كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك بىر ھالاتنى كۆردى.

ئەسلىدە قات - قات پەرەنجىگە ئورانغان مەلىكە دىلئارام چۈمپەردىلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىدى.

— يالماۋۇز قەلئەسى گۇمران بولدى، — دېدى ئۇ، — قارا تۇتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى، ئەمدى تاشقا ئايلانغان شەھرىڭىزمۇ،

شەھىرىڭىزدىكىلەرمۇ ئەسلىگە كەلگەن بولۇشى، شۇتاپتا ئاكىلىرىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ مەھبۇبىلىرى ئوردىدا سىزنى كۈتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، توپتوغرا ئۈچ كۈن ھوشسىز ياتتىڭىز.

شۇ چاغ ئۈچ باشلىق شىرنىڭ خۇشال ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى:

— كۆردۈم، مەن ئۇنى كۆردۈم، ئۇ ئەسلىگە كەپتۇ، يانار تاغدىن تىنچ - ئامان چىقىپتۇ.

ئۇ شۇ تاپتا ئۈچ كۆزلۈك ئالتۇن ئەينەك ئالدىدا ئويناقشىپ، سەكرەپ - تاقلاپ يۈرەتتى.

— نېمىنى كۆردۈڭ؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئەجەبلىنىپ.

— بۇ بىر سىر، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھەييارلىق بىلەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ كۆزلۈك ئەينەك ئالدىغا باردى، ئەينەكلەرنىڭ بىرسىدە قايناشقىنىدا چۆمگەن ئاۋات شەھىرى، شەھەر مەركىزىدىكى ھەشەمەتلىك ئوردا، ئوردىدا قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى ئاكىسى بىلەن ئىككى يەڭگىسى كۆرۈندى.

يەنە بىر ئەينەكتە بولسا جەننەت مىسالى بىر باغ ئىچىدە نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقان غوڭغا پەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى، لىپ - لىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كېپىنەك پەرىلەر ۋە ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاق شاتۇتى كۆرۈندى، بۇيەردە يەنە رەسسام پەرىزات، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچى پەرىزاتلارمۇ بار ئىدى.

— ئۇ سىز خالىغان مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، — دېدى مەلىكە دىلئارام.

— بىز ئەمدى كېتەيلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مېنىڭ شەھىرىمگە كېتەيلى، شۇيەردە ئۆمرىڭىزنى مەن بىلەن تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزۈڭ، شۇ تاپتا ئارمانلىرىمغا يەتكەندەك قىلىمەن.

مەلىكە دىلئارام رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ماڭغان ئىزلىرىدىن گۈللەر ئۈنۈپ، شاخلاپ، ھەر شېخىدا ئونلاپ گۈل پورەكلەپ ئېچىلدى، ئارال تېزلا بىر گۈلىستانغا ئايلاندى، ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈپ، جۈت - شۇۋىرغان يوقىلىپ، مۇزلار ئېرىپ كەتكەن، ھەممە يەر باھار ئاپتىپىغا چۆمگەنىدى.

— بۇلار ھەممىسى سىزنىڭ خاسىيىتىڭىز، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر مەلىكە دىلئارامغا، — سىز تۇرغان جايدا قىشمۇ باھارغا ئۆزگىرىپ قالىدىكەن، زۇلمەت بولسىمۇ نۇر ـ ئاپتاپقا چۆمىدىكەن.

ئۇ شۇنداق دەپ بىر جۇپلەرنى ئۇستىگە ئېلىپ ئۇچتى ۋە نەچچە كېچە ـ كۈندۇز توختىماي ئۇچۇپ ئاخىر ئالتۇندىن قويۇلغان، ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقاشقان بىر كەڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى.

دەرۋازا گويا تۇز يەرگە تىكلەپ قويۇلغان غايەت زور كىتابقىلا ئوخشايتتى، بۇ دەرۋازىدىن ئۆتسەڭلەرلا ئادەمزات دۇنياسى، ئەمدى دىۋە، پەرى، جىن، پېرىخونلار ياشايدىغان بۇ رىۋايەت دۇنياسىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدۇ، مەنمۇ مېنى كۈتىۋاتقان بىرسىنىڭ يېنىغا قايتىمەن، ئۆز بەختىمنى تاپىمەن، سېنى ئەسلەپ تۇرىمەن دوستۇم.

— ئامان بولغىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قىيماسلىق نەزەرى بىلەن ئۇزىتىپ، — سەندەك ياخشى دوستۇمنىڭ بولغىنىدىن ئۆز بەختىمنى تاپقانىدىم، سېنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىمەن.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇلارنى دەرۋازا تۈۋىگە چۈشۈرۈپ قويۇپلا ئۇچۇپ كەتتى، ئەمما كۆك ئاسمان قەرىدە قاچاندۇر پەيدا بولغان بىر قارا بۇلۇتتىن يىلاندەك بىر قول سوزۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى قۇشقاچنى سىقىملىغاندەك تۇتۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە بىر قارا قول سوزۇلۇپ كېلىپ، شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان مەلىكە دىلئارامنى سىقىملاپ ئېلىپ، قارا بۇلۇت قوينىغا ئەكىرىپ كەتتى.

— ئاھ، مەلىكەم! — دەپ تۋۋلاپ قالغان شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ يۈرىكە غايىبتىن بىر شاپىلاق تەگدى، ئۇ كەينىگە ئۆكتۈرۈلۈپ، بوسۇغىغا ئۇستىگىلا يېتىپ قېلىپ، ھوشىدىن كەتتى.

# ئىككىنچى قىسىم

# بەخت ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش

بىرىنچى باب

# ئۈچ باشلىق شىرنى قۇتقۇزۇش

سەلكىن شامال يۈزلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتكەن مەھەلدە شاھزادە نۇرئەزىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ قېنى؟ — ئۇ گاڭگىراش ئىلكىدە ھەر تەرەپكە قارىدى، بىراق ئۇ يەككە - يېگانە قالغانىدى، ئۈچ كۆزلۈك جاھانئەمامۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئاھ خۇدا! — نالە قىلدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئاندىن ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— قارىغاندا رىۋايەت دۇنياسىدىكى ئىشلىرىڭ تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى دەرۋازىدىن، — روھلۇقراق بولغىن يىگىت، ئۈمىدسىزلەنمە.

ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە شىۋىرلاش ئاڭلاندى:

— ئورنۇڭدىن تۇر، غەيرەتلىك بول شاھزادە، يوقىتىپ قويغانلىرىڭنى ئەمدى ماڭا ئەگىشىپ بىرىپ ئىزدە.

شاھزادە نۇرئەزىز كىم گەپ قىلىۋاتقىنىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە نەزەر سالدى، بىراق نېرىدا مەلىكە دىلئارامنىڭ چۈشۈپ قالغان رومىلىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، گويا ئاشۇ رومال سۆزلەۋاتقاندەكلا ئىدى.

رومال بىردىنلا پەي قاناتلىرى ئەتلەستەك رەڭدار ۋە جۇلالىق شاتۇتىقا ئايلاندى - دە، ئۇچۇپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى، نەچچە ئون كۈن كېچە - كۈندۈز توختىماي يۈردى، ئاخىر مۇز قاپلىغان بىر دېڭىزغا يەتتى، شاتۇتى بىر كاچكۇلغا كىرىپ

كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئۆزىنى شۇ كاچكۇلغا تاشلىدى، جېنىدىن ئۆتكۈدەك سوغۇق ۋۇجۇدىغا تارىدى، نەپسى قىسىلدى، ھېلىلا مۇزلاپ ياكى تۇنجۇقۇپ جېنىدىن جۇدا بولىدىغاندەكلا ھېس قىلدى، قۇلاق تۈۋىدە «قايتقىن، ئامان قالىسەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يەتتە تەخسىلىك تىلسىم مۇناردا ئالتۇن ئاچقۇچلارنى تاپقۇچە خەتەرگە يولۇققاندا ئاڭلىغىنىنى ئەسلىدى، قەتئىيلىك بىلەن ئۆز - ئۆزىگە قەسەم قىلدى:

«ئەگەر بۇ يولدىن قايتىدىغان بولسام ھازىرلا مېنى ئەجەل سىرتمىقى بوغسۇن».

ئۇ شۇنداق دەپ بارا - بارا سېزىمىنى يوقاتتى، جىسمى بولسا داۋاملىق دېڭىز ئاستىغا چۆكۈۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىنى بىر گۈلشەندە كۆردى، كىيىملىرىمۇ قۇرۇق ۋە ھەممە يېرى ساپساقلا ئىدى، ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن ھەر تەرەپكە نەزەر سالدى، ئاسماندا كۈلۈپ تۇرغان قۇياش، ئەتراپىدا پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەر ۋە ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان خۇشبۇي چۆپلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى.

شۇ چاغ گۈللەردىن ۋىلىقلاپ كۈلگەن سادالار ياڭرىدى، ھەر گۈلدە بىردىن ساھىبجامال پەرىنىڭ گۈلدەك چېھرى زاھىر بولدى، ئۇلار ئۇنىڭغا كۆز قىسىشاتتى، نازلىناتتى، نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلايتتى، ھەتتا گۈل نوتىلىرى نازۇك قوللارغا ئايلىنىپ، ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولاتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز سەگەك بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى - دە، بۇ يەردە تۇرۇۋەرگۈسى كەلمەي، شاتۇتنى ئىزدەپ گۈل ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭغا ئەينەكتەك سۈزۈك بۇلاقلار يولۇقتى، بۇلاقلاردىمۇ نازىنىن پەرىلەرنىڭ سىيماسى جىلۋە قىلاتتى، نازلىق كۈلكىسى ئاڭلىناتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي گۈلباغنى ئارىلىدى، گۈلباغنىڭ چەك - چېگراسى يوقتەكلا ئىدى، شۇنداقلا ئۇ

دەسلەپ تۇرغان يېرىدىن نېرى كېتەلمىگەندەكلا ئىدى.

ئاخىر ئۇ قىلىچنى سۇغۇرۇپ گۈللەرنى چاپماقچى بولدى، بىراق گۈللەردىن تېخىمۇ جاراڭلىق كۈلكە ياڭرىدى، شاھزادە نۇرئەزىز راستىنلا بۇ گۈللەرنى چېپىشقا قىيمىدى، شۇنداق قىينىلىپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز گۈللەر ئارىسىدىن ھېلىقى شاتۇتى پۇرردە ئۇچۇپ چىقتى:

— ئۇھ!، ئاخىر قۇتۇلدۇم،— دېدى ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى، شاتۇتى ئۇزۇن ئۇچمايلا يەنە بىر بۇلاققا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا شاھزادە نۇرئەزىزمۇ بۇلاققا سەكرىدى، بىراق ۋاراقشىپ تۇرغان قازانغا سەكرىگەندەك ھېس قىلدى، ئەتلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدى، قۇلاق تۈۋىدە بولسا،«قايتقىن، ئامان قالىسەن!» دېگەن سادا ياڭرىدى.

— ياق! — ئۇ پەقەت شۇنچىلىكلا دېيەلىدى، ئاندىن سېزىمىنى يوقاتتى.

بىر چاغدا ئۇ بىر سالقىنلىقتىن ھوشىغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۆزىنىڭ ساپساق تۇرغىنىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئەمدى بىر چۆل - باياۋاندا تۇراتتى، چۆلدە ئالىيىپىشىل زەرداب قايناپ تۇرغان بۇلاقلار قەدەممۇ-قەدەم بىر ئۇچرايتتى، ئاجايىپ چوڭ چايانلار ۋە گىگانت كەسلەنچۈك - يىلانلار مىغىلداپ تۇراتتى.

شاھزا نۇرئەزىز دەرھال قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، گېزەندىلەر ۋالىلداپ تۇرغان قىلىچتىن ئۈركۈدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا چېقىلمىدى، لېكىن ماڭغانسېرى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، زېمىن تەۋرەشكە باشلىدى، بارا - بارا يىراقلاردىن بۇلۇت - تۇمانلار ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر تاغ چوققىسى، تاغ چوققىسىدا بولسا ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇرغان بىر مۇنار كۆرۈندى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ھېلىلا قاناتلىرىدا يەلپۈپ ھوشىغا كەلتۈرگەن شاتۇتىغا ئەگىشىپ ماڭدى، لېكىن تېپىلىپ، بۇلاقلارغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىشى لازىم بولۇپ، قەدىمى ئاستىلاپ قالدى، شاتۇتى ئۇنى مۇنار تەرەپكە باشلىدى،

كېتىۋېتىپ ئۇلار ئەمدى بىر سازلىققا دۇچ كەلدى، سازلىقنىڭ سۈيى ئەينەكتەك سۈزۈك، ئاستىدا يىلانغىلا ئوخشايدىغان سۇ ئوتلىرى ئۆسكەن بولۇپ، يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى، گاھىلىرى بوردەك ئاقىرىپ كەتكەن جەسەتلەرنى چىرمىۋالغان بولۇپ، جەسەتلەرنىڭ ئېغىزلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق ۋە كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى، گويا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك، گويا ھېلىلا ئۇنىڭغا نېمىلەردۇر دەيدىغاندەك ئىدى.

تۇيۇقسىز بىر جەسەتنىڭ ئاغزىدىن قاندەك قىزىل رەڭلىك بىر چوڭ چايان ئۆمىلەپ چىقتى، ئارقىدىنلا باشقا جەسەتلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىنمۇ شۇنداق چايانلار بىر - بىرلەپ ئۆمىلەپ چىقىشتى ۋە ھېلىلا شاھزادە نۇرئەزىزغا ئېتىلىدىغان بىر ئەلپازدا سازلىق گىرۋىكىگە يېقىنلاشتى، كىشىگە ۋەھىمە سالىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلارنى چىقىرىشتى - يۇ، لېكىن قىرغاققا چىقىشمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز شۈركۈنۈپ، نەچچە قەدەم كەينىگە يېنىپ توختىدى. سازلىقتىن ئۆتكۈدەك يول ئىزدەپ ھەر تەرەپكە نەزەر سالدى، ئاخىر نېرىدا سازلىقنى ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان تارغىنە يولنى كۆردى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئۇ خۇرسەن بولۇپ، — ھەرنېمە بولسا يول بار ئىكەن.

بىراق، بۇ يولغا قەدەم باساي دېگۈچە يولنىڭ گويا يىلان تېرىسى يېپىلغاندەكلا تۈرغىنىنى ھېس قىلدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سازلىقتا ئۈزۈنىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان گىگانت يىلان ئىدى.

— يا پىرىم! — دېۋەتتى شاھزادە نۇرئەزىز، — نېمانچە چوڭ ھەم ئۇزۇن يىلان بۇ.

— بۇ سەن ماڭىدىغان بىردىنبىر يول، — دېدى شاتۇتى، — بىمالال ئۆتۈۋەر، خەتەر قورقۇنچاقلارغىلا مەنسۇپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئېھتىيات بىلەن بۇ خەتەرلىك يولغا قەدەم باستى، يىلاننىڭ تېرىسىدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق نەقىشلەر بار ئىدى، گاھ بەتبەشىرە يالماۋۇزلارنىڭ باشلىرى ھېلىلا ئۇنى چىشلەپ - چايناپ يۇركۈۋېتىدىغاندەك كۆرۈنسە، گاھ ئالۋاستىلارنىڭ

سىرلىق ھېجىيىپ تۇرغان چېھرى نامايان بولاتتى، گاھ غەلىتە مەخلۇقلار زاھىر بولسا، گاھ يىلان تەنلىك، چايان تەنلىك ساھىبجامالىلارنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنەتتى، گاھىلىرىنىڭ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالسا، گاھىلىرىنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى تۇيۇقسىز جامەدەك چەكچىيىپ قالاتتى .

شاھزادە نۇرئەزىز ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىسمىئەزەمنى زىكرى قىلغاچ، يىلاننىڭ مايلاپ قويغاندەك سىپسىلىق دۈمبىسىدە مېڭىپ كەتتى. قورقۇنچلۇق سۈرەت - نەقىشلەرگە قارىماسلىققا تىرىشتى. سازلىقتىكى يىلانسىمان ئوتلار ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ سوزۇلۇشتى، قىزىل چايانلار بولسا ئۇ تېيىلىپ يىقىلغان ھامان چىشلەپ - تالاپ پارە - پارە قىلىۋېتىدىغاندەك يىلاننىڭ تېنىنى بويلاپ ئەگىشىپ، سۇ ئۈزۈپ مېڭىشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ھېچقايسىسىغا پىسەنت قىلماي، شاتۇتىغا ئەگىشىپ، يىلان ئۈستىدە كېتىۋەردى. بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپ، ئاندىن ئۇخلاپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا يەتتى، بىرلا سەكرىسە سازلىقنىڭ يەنە بىر گىرۋىكىگە چۈشەتتى.

بىراق، بۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر گىگانت چارپاقنى كۆردى، چارپاقا ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ، ئۇ سەكرىگەن ھامان يۇتۇۋېلىش قەستىدە تۇراتتى.

شۇ چاغ يىلاننىڭ بېشى مىدىرلاشقا، كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىزنى تىترەك باستى.

— كەينىڭگە يان، ئامان قالىسەن! — دېگەن ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدىلا ياڭرىدى، بىراق گەپ قىلغۇچى يەنىلا نامەلۇم ئىدى.

— يەنە شۇ ئېزىتقۇ ئاۋاز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز غەزەپ بىلەن، — بىراق ھەرگىز يانمايمەن.

شۇنداق دەپ قىلىچىنى يالڭاچلاپ، چارپاقنىڭ ئاغزىغا سەكرىدى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قىلىچىنىڭ تىغىدىن يالتىرىغان نۇردىن چۆچۈگەن چارپاقا بىر سەكرەپلا نەچچە يۈز قەدەم نېرىغا چۈشتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئامان - ئېسەن يەرگە قەدەم باستى، ئاندىن يىلاندىن

يىراقلىششىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ تاغ چوققىسىغىمۇ يېقىنلاشتى، بىراق يېقىنلاشقان تاغ چوققىسىنىڭ ئۇخلاپ ياتقان غايەت زور دېۋىنىڭ بېشى، مۇنار بولسا دېۋىنىڭ يەككە شاخ مۈڭگۈزى ئىكەنلىكىنى بىلدى، مۈڭگۈز دېۋىنىڭ پېشانىسىدىن ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، دېۋە ئۇگدىسىغا ياتقاندا مۇناردەك تىكلەنگەنىدى، دېۋە ھەر خورەك تارتقاندا زېمىن تەۋرەپ، ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى، بۇرنىدىن قارا بوران چىقاتتى.

— ئۇنى يوقات! — دېدى شاتۇتى توختاپ، — ئاندىن ئالتۇن ئاچقۇچ مۈڭگۈزى بىلەن ئالتۇن قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچ، مەن ساڭا مۇشۇ يەرگىچىلا يول باشلىيالايمەن، ئەمدى قالغان ئىشلار ساڭا قالدى.

سۆزى تۈگىگەن ھامان شاتۇتى كەينىگە يېنىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز كەينىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى، شۇ تاپتا گاڭگىراپلا قالغانىدى: «دېۋىنى قانداق يوقىتىمەن، ئۇنىڭ مۇناردەك مۈڭگۈزىنى قانداق قىلىمەن؟ ئالتۇن قەلئەنى قەيەردىن تاپىمەن؟» دەپ سوئال قوياتتى ئۆز-ئۆزىگە تىت - تىت بولۇپ.

شۇ چاغ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ مەخلۇق پەيدا بولدى. بىرى، تېنى ئالتۇندىن قۇيۇپ ياساپ قويۇلغاندەك چوڭ بىر چايان؛ يەنە بىرى، قاسراقلىق تېرىسى ئەتلەستەك رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يىلان؛ يەنە بىرى، تېنىدىن يەتتە خىل رەڭلىك نۇر چاقنايدىغان كەسلەنچۈك ئىدى. ئۇلار تەڭلا شۇنداق دېيىشتى:

— ئەگەر شەرتىمىزنى قوبول قىلساڭلا بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز.

— مەن قوبۇل قىلغۇدەكلا شەرت بولسا مەيلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغىنىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن، — قېنى شەرتىڭلارنى دەڭلار.

— ماڭا دېۋىنىڭ بىر جۈپ كۆزى كېرەك، — دېدى ئالتۇن چايان.

— ماڭا ئۇنىڭ يۈرىكى كېرەك، — دېدى رەڭدار يىلان.

— ماڭا ئۇنىڭ بىر جۈپ قۇلىقى كېرەك، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك.

— شەرتىڭلار شۇمىدى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز

كۆلۈمسىرەپ، — دېدى يوقىتىش نېسىپ بولسا ئۇنىڭ ئالتۇن مۈڭگۈزىدىن باشقا ھەممە نېمىسى سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن.
— ئالدىراپ ۋەدە بېرىۋەتتىڭ، — دېدى ئالتۇن چايان، — ئەمدى پۇشايمان قىلماسسەن، بىلەمسەنكى، ئۇنىڭ كۆزىنى يېگەن ئادەم «جادۇ كۆز»بولۇپ، ئاسماننىڭ قەرىدە بولسۇن ياكى يەرنىڭ تەكتىدە بولسۇن، ياكى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدە بولسۇن ئاللا ياراتقان ھەرقانداق مەۋجۇداتنى كۆرىدىغان بولىدۇ.
— ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېگەن ئادەم، — دېدى رەڭدار يىلان، — ھەرقانداق مەخلۇق تەڭ كەلگۈسىز كۈچ - قۇدرەتكە، ھەرقانداق قورال كار قىلماس، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماس روينتەنگە ئىگە بولىدۇ.
— ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يېگەن ئادەم، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك، — ئادەمدىكى ھەممە سىرلارنى ئاڭلاپ بىلەلەيدۇ، مەيلى ئادەمزات، مەيلى غەيرىي مەخلۇق بولسۇن، مەيلى يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە تەسۋى سېيرىۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ بولسۇن، جىمىكى تىلى بار مەۋجۇداتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۈشىنىدىغان بولىدۇ.
— ھېچقىسى يوق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — پۇشايمان قىلمايمەن، ئىشىنىمەنكى، دىۋىنى يوقىتىپ، ئالتۇن قەلئەگە كىرگىنىمدە سىلەر ئېرىشكەندىنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشەلەيمەن.
— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، — دېدى ئۈچ جانىۋار تەڭلا.
ئاندىن ئالتۇن چايان:
— مېنى كۈتۈپ تۇر، — دەپلا دىۋە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.
— بېشىمغا چىق، — دېدى شۇ چاغ رەڭدار يىلان، — ساڭا چايان شاھنىڭ نېمە كارامەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى تاماشا قىلدۇراي.
ئۇ شۇنداق دەپ يوغىناپ، يوغىناپ، توملۇقى ئادەمنىڭ بىلىدەك، بېشى چوڭ بىر شىرەدەك بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ ئولتۇردى، رەڭدار يىلان بولسا داۋاملىق يوغىناپ غايەت ئېگىز تۈۋرۈكتەك تىكلىنىپ توختاپ، دىۋىگە يېقىنلاشتى، شاھزادە نۇرئەزىز ھەممىنى ئېنىق كۆرەلىگۈدەك جايغا يەتتى.
يىراقتا ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك دىۋە گويا بىر تاغ تىزمىسىدەك سوزۇلۇپ

ياتاتتى، تېنىدىكى مويلىرى تاغ قاپتىلىدىكى ئورمانلىققا ئوخشايتتى.
دەل شۇ چاغدا ئالتۇن چايان يېتىپ بېرىپ ئۈنىڭ بېشىغا ئۆملەپ چىقتى، دىۋە نەپەس ئالغاندا هاۋا بىلەن بىللە بۇرنىغا كىرىپ كەتتى.
— ۋاي ئىست! — دېدى شاهزادە نۇرئەزىز، — ئۇ بىئەجەل تۇگىشىدىغان بولدى.
— ئەنسىرىمە، — دېدى رەڭدار يىلان، — دىۋىنىڭ تېنى روينتەن، هېچنېمە كار قىلمايدۇ، ئۈنىڭ كۆكرەك قەپىسگە كىرىپ، يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرغاندا ئاغزىدىن جان كەپتىرى ئۇچۇپ چىقىدۇ، سەن خاسىيەتلىك ئوقيانى بەتلەپ تەييار تۇر، دىۋىنىڭ جان كەپتىرىنى پەقەت خاسىيەتلىك ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگىلى بولىدۇ، بىر ئوقتىلا ئېشنى تامام قىلمىساڭ دىۋە ئويغىنىپ، هەممىمىزنى هالاك قىلىدۇ، ئېهتىيات قىل، چەبدەسىرەك بول، بۇ بىزنىڭ سىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىزدىكى سەۋەب، بولمىسا ئاللىبۇرۇن دىۋىنى ئۆزىمىزلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن بولاتتۇق.
شاهزادە نۇرئەزىز دەرهال خاسىيەتلىك ئوقيانى بەتلەپ تەييار بولدى، هايالسىزلا دىۋىنىڭ ئاغزىدىن بىر قارا كەپتەر ئۇچۇپ چىقتى، شاهزادە نۇرئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئوقنى قويۇۋەتتى، يا ئوقى كىرىچتىن ئايرىلغۇچە ۋىشىلداپ بېرىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان قارا كەپتەرگە تەگدى، شۇ هامان دىۋىنىڭ تېنى تاغ پارتىلىغاندەك دەهشەتلىك پارتلاپ پارە - پارە بولۇپ، هەرتەرەپكە چېچىلدى، ئاسماندىن قاپقارا قان يامغۇرى يېغىپ، گۆش پارچىلىرى چۈشتى.
رەڭدار يىلان بىلەن كەسلەنچۈك دىۋە ياتقان جايغا باردى، ئۇلارنى ئالتۇن چايان كۈتۈۋالدى، شاهزادە نۇرئەزىز يەرگە چۈشتى.
— دىۋىنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە ئېرىشتىم، — دېدى ئالتۇن چايان، — ئەمدى مەن خوشلىشاي، ئامان بولغىن.
ئۇ شۇنداق دەپ بىر كامارغا كىرىپ كەتتى، يىلان بىلەن كەسلەنچۈك دىۋىنىڭ هەر تەرەپكە چېچىلغان تەن پارچىلىرى ئارىسىدىن يۈرىكى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئىزدەپ تېپىشتى، ئاندىن شاهزادە نۇرئەزىزنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— ئالتۇن مۈڭگۈز ۋولقان ئېغىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى رەڭدار يىلان، — ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتۇن قۇشنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى بەجا كەلتۈرگىن، ئېھتىمال ئۇ سەندىن بىر پارچە گۆش تەلەپ قىلار، ئەگەر ئۆزۈڭگە زەخمەت يەتكۈزۈشنى خالىمساڭ بىز سېنى كەلگەن يېرىڭگە يەتكۈزۈپ قويايلى، ئىزدەپ تاپماقچى بولغانلىرىڭدىن ۋاز كەچ.

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن ،تېنىمدىن گۆش شىلىپ بېرىشكە رازى.

— ئۇنداقتا قۇشنى چاقىراي، — دېدى رەڭدار يىلان، — ئۇ ۋولقاندىن ئالتۇن مۈڭگۈزنى ئەچىقىپ بەرسۇن، ئاندىن ساڭا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىمەن.

ئۇ ئاسمانغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇدى، ھايالسىزلا كۆك قەرىدىن بىر ئالتۇن رەڭلىك قۇش شۇڭغۇپ چۈشتى، ئۇ گويا ئالتۇندىن قۇيۇپ قويغاندەكلا ئىدى.

— مېنى نېمىشقا چاقىردىڭ؟— ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى.

— ۋولقاندىن دېۋىنىڭ ئالتۇن مۈڭگۈزىنى ئەچىقىپ بەر، — دېدى رەڭدار يىلان، — بۇ ئادەمزاتقا كېرەك ئىكەن.

— بۇ بەك قىيىن ئىش، — دېدى ئالتۇن قۇش، — بۇنىڭ بەدىلىگە تېنىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ بېرىشى كېرەك، ئادەمزات گۆشى مېنى ئۆلمەس قۇشقا ئايلاندۇرىدۇ، شۇ چاغدىلا ۋولقان ئاغزىغا شۇڭغۇپ، لاۋا ئىچىدىن ئالتۇن مۈڭگۈزنى ئەچىقىپ بېرەلەيمەن، بىراق ئۇ ئالتۇن مۈڭگۈزنى ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر بولالماي قانىسراپ ئۆلۈپ كېتەرمىكىن.

— ئۇنىڭ ئۆلمەسلىكىگە مانا مەن كېپىل، — دېدى رەڭدار يىلان، — خاتىرجەم ئىشىڭغا مەشغۇل بول.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال چىشىنى چىشلەپ، يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ، ئالتۇن قۇشقا تاشلاپ بەردى، بىراق ھايالسىزلا ئۆزى قانىسراپ ھوشىدىن كەتتى.

ئالتۇن قۇش بولسا تاشلاپ بېرىلگەن لوقمىنى بىر چوقۇپلا

يۈتۈۋەتتى، شۇ هامان ئۇنىڭ پەي قاناتلىرى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە نۇرلىنىپ، جۇلالىنىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ يىراقلاردا قىپقىزىل لاۋا تاشقىنلاپ، گۈرۈلدەپ ئوت يېنىپ تۇرغان ئەڭ ئېگىز يانار تاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى ۋە تېزلا يانار تاغ ئاغزىغا يېتىپ بېرىپ، پورۇقلاپ قايناۋاتقان لاۋا سۇيۇقلۇقى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

رەڭدار يىلان بولسا شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ بىھوش جىسمىنى رەڭدار كەسلەنچۈككە قالدۇرۇپ، قاياقىقدۇر كېتىپ قالدى. رەڭدار كەسلەنچۈك شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ تېنىنى«ھاپلا» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ، بىر تۆشۈككە كىرىپ غايىب بولدى، ئۇ تۆشۈككە كىرىپ كەتكەن ھامان بۇ يەرگە تەرەپ - تەرەپتىن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەھشىي مەخلۇقلار توپلاشتى، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ جاراھىتىدىن تامغان قاننى يالاشتى، بىر تامچىمۇ قالدۇرماي پاكىزلاپ بولۇشقاندىن كېيىن غالجىرلىق بىلەن بىر - بىرىنى تالاشقا چۈشتى، كارامەت دەھشەتلىك بىر جەڭگى - جېدەل بولدى، ئاخىر بىر قىسمى ئۆلۈپ، قالغىنى يارىلىنىپ ھالسىزلىنىپ، يۆتكەلگۈدەكمۇ مادارى قالماي يېتىپ قېلىشتى. بۇچاغدا تاغدەك بىر مەخلۇق كېلىپ، ئۆلۈك - تىرىك ھەممىسىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى - دە، يەنە كېتىپ قالدى.

شۇ چاغدىلا رەڭدار كەسلەنچۈك تۆشۈكتىن چىقتى، ئارقىدىنلا رەڭدار يىلان بىر تال رەڭدار تۇخۇمنى چىشلەپ يېتىپ كەلدى - دە سورىدى:

— ئۇ قېنى؟

— مانا بۇ يەردە، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ بىھوش جىسمىنى پۇرقۇپ چىقىرىپ، — ئۇنى يۇتۇۋېلىپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسام، ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن خامتالاش قىلىنىپ تۈگەيتتى.

يىلان تۇخۇمنى شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ زەخمىسى ئۈستىگە ئەكېلىپ چاقتى، تۇخۇمدىن ئالتۇن رەڭلىك سۇيۇقلۇق چىقىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ تېنىگە سىڭىپلا كەتتى، زەخىم غايىب بولۇپ، شاھزادە نۇرئەزىز ۋۇجۇدى نۇرغا چۈمۈلگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ساڭا ئۆزۈڭنىڭ تىغىدىن باشقىسى كار قىلمايدىكەن، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك، — سېنى يۇتقاندا خەنجەردەك چىشلىرىمدىن زەخىمە يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىۋىدىم، ئۇنداق بولمىدى.

ئۇلار شۇنداق تۇرغىنىدا كۆك قەرىدە ئالتۇن نۇرلار پارلاپ ، ئالتۇن مۇڭگۈز ئۇلارنىڭ يېنىغىلا چۈشتى.

رەڭدار يىلان شاھزادا نۇرئەزىزنىڭ قۇلىقىغا بىر ئەپسۇننى ئۆگەتتى:

— بۇنى ئوقۇساڭلا ئۇ كىچىكلەپ، بىر ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ساڭا ئالتۇن قەلئە ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، دەرۋازا ئېچىلغان هامان ئۇنىڭغا «ئازاد بولدۇڭ!» دېگىن، ئەمدى بىزمۇ خوشلىشايلى.

شۇ سۆزدىن كېيىن رەڭدار يىلان ھەسەن - ھۈسەنگە ئايلىنىپ غايىب بولدى، رەڭدار كەسلەنچۈك شۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئۇستۇمگە مىن، مەيلى قەيەرگە ئېلىپ باراي، ئۇستۇمدە بىمالال ئولتۇرغىن، ھەرگىز چۈشكۈچى بولما.

شاھزادە نۇرئەزىز كەسلەنچۈككە مىندى، كەسلەنچۈك ئالتۇن مۈڭگۈزنى چىشلەپ، تېز يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن شاھزادە نۇرئەزىز ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسىنى تۈزۈكرەك كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئۇلار شۇنداق يۈرۈپ بىر ئوت بەلبېغىغا يېتىپ كەلدى، كەسلەنچۈك توختىماستىن ئوت بەلبېغىغا كىرىپ كەتتى، ئەمما شاھزادە نۇرئەزىز ئوت ئىچىدە ئەمەس، بىر گۈلشەندە كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

بۇيەردىن چىقىپ بىر دەريا بويىغا كەلدى، دەريا سۈيى قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇنلاپ، داۋالغۇپ ئېقىۋاتاتتى، كەسلەنچۈك يەنە توختىماستىن كىرىپ كېتىۋەردى، بىراق شاھزادە نۇرئەزىز دەريا ئەمەس، بەلكى بىر دەشت قۇملۇقتا كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

بۇ يەردىن ئۆتۈپ، يەنە قانچىلىك يۈرگىنى نامەلۇم، بىر چاغدا يىراقلاردىن ۋاللىداپ نۇرلىنىپ تۇرغان بىر ئالتۇن قەلئە كۆرۈندى. قەلئە

غايەت زور خىرۇستال شار ئىچىگە جايلاشقان، خىرۇستال شار بولسا مۇئەللەقتە چاقپەلەكتەك توختىماي پىرقىراپ تۇراتتى.

كەسلەنچۈك قەلئە ئاستىغا بېرىپ توختىدى، قەلئەدىن تارالغان ئالتۇن نۇردا كۆزلەر قاماشاتتى.

— مانا بۇ ئالتۇن قەلئە، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك، — سېنىڭ ئۇنىڭغا نېمىدەپ كىرمەكچى بولغىنىڭنى بىلمەيمەن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرما، ئۈچ كۈن بولغىنىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇلغان دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلايسەن، ئۈچىنچى دۇمباق ئاۋازى توختىغۇچە قەلئەدىن چىقىپ كەتمىسەڭ مەڭگۈ شۇ يەردە قالىسەن.

— بىلدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — سەممىي ئاگاھلاندۇرغىنىڭغا رەھمەت، بىراق قەلئەنىڭ ئىشىكى قاياقتا، ئۇ توختىماي پىرقىراۋەرسە قانداق ئاچىمەن، ئۈستىگە قانداق چىقىمەن؟

— ئالتۇن مۈڭگۈزنى ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ بەرسەڭ ساڭا ياردەم قىلىدۇ، — دېدى رەڭدار كەسلەنچۈك، — ئەمدى سەن بىلەن خوشلىشاي، ساڭا كېرىكىممۇ قالمىدى.

ئۇ شۇنداق دەپ يەتتە خىل نۇرغا ئايلىنىپ غايىب بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن مۈڭگۈزگە قاراپ يەتتە خىل رەڭلىك يىلان ئۆگەتكەن ئەپسۇننى ئوقۇدى، ئالتۇن موڭگۈز كىچىكلەپ، بىر جۈپ ئالتۇن قانىتى بىلەكتەك توملۇقتىكى بىر ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلاندى.

— قەلئە ئىشىكىنى ئاچقىن، ئاندىن سەن ئازاد، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

ئالتۇن ئاچقۇچ قاناتلىرىنى لەپىلدەتكەن پېتى خىرۇستال شارنى توققۇز قېتىم چۆرگۈلەپ ئۇچۇپ، ئاخىر بىر تەرىپىگە تېشىپ كىردى، ھايالىسىزلا شۇ يەردىن بىر ئىشىك پەيدا بولۇپ، خىرۇستال شار پىرقىراشتىن توختىدى، ئىشىك بوسۇغىسى بىر شوتىغا ئايلاندى.

شاھزادە نۇرئەزىز شوتىدىن ئۆرلەپ ئىشىك ئىچىگە قەدەم ئالغان ھامان ئالتۇن ئاچقۇچ:

— يەتتىنچى ھۇجرىغا كىرگىن، — دەپلا چاقماقتەك شۇڭغۇپ

يېپىلىپ قېلىشىۋاتقان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى .

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئۆزىنى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر ئوردا-سارايدا سەھنىسىدە كۆردى، تاملار ئالتۇن خىشتىن قوپۇرۇلغان، گۆھەرلەر بىلەن گۇل - نەقىشلەر چىقىرىلىپ زىننەتلەنگەنىدى، ھەيۋەت - ھەشەمىتى، گۈزەللىك تەرىپىگە سۆز توغرا كەلمەيتتى، قىلىچ- گۇرزە، ئايپالتا - نەيزىلىرىدىن ۋاللىداپ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، ئالتۇن دۇبۇلغا- ساۋۇتلۇق ياساۋۇللار ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، سۇرلۇك قىياپەتتە قېتىپ تۇرۇشاتتى، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى شاھىنشاھلارنىڭ شاھانە تونلىرىدىنمۇ ئېسىل تون ۋە ئالتۇن تاجلارنى كىيىۋالغان، پادىشاھلاردەك سۈلەتلىك غۇلاملار ۋە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن رەڭدار يىپەك كىيىملەرنى كىيگەن، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى خانىش- مەلىكىلەرنىڭكىدىنمۇ ئېسىل گۇل تاجلارنى تاقىغان، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك گۈزەل، گۇل بەدەن كېنىزەكلەر ئۆز خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بىردىنلا ھەممىسى:

— مەرھابا! مەرھابا! مەرھابا! خىزمەتلىرىگە تەييارمىز ئالىيلىرى!— دەپ توۋلاشتى، ئاندىن ئۇنى ئىززەت -ئېكراملار بىلەن شاھانە قەسرىگە ئەكىرىپ، شاھانە تەختكە ئولتۇرغۇزدى، شۇ ھامان تۆۋەندە بىر سەپ پەرىزات شاھلىرى، بىر سەپ دىۋە شاھلىرى، بىر سەپ جىنلار شاھلىرى پەيدا بولۇپ، ھەممىسى تەخت ئالدىدا باش قويدى ۋە:

— ئالىيلىرىغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمىز، — دەپ بىر ئېغىزدىن توۋلاشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى، دىۋە - پەرى، جىن شاھلىرى ئۇنىڭدىن ئىجازەت بولمىغۇچە بېشىنى كۆتۈرمىدى.

— ئالىيلىرى! — دىدى شۇچاغ شاھانە تەختنىڭ يېنىغا تىكلەپ قويۇلغان ئالتۇن قونداقتىكى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — ئۇلارغا ئىجازەت قىلغايلا.

شاھزادە نۇرئەزىز ھەيرانلىق نەزەرىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ شۇنداق

دېدى:
— سىلەرگە ئىجازەت، مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ماكانىڭلارغا يېنىڭلار.
— پەرمانبەردارمىز ئالىيلىرى! — شاھلار بىر ئېغىزدىن شۇنداق توۋلىشىپلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۈچ قەدەمدىن كەينىگە يېنىپلا ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.
شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئالتۇن رەڭ شاتۇتىغا يۈزلىنىپ سورىدى:
— ئېيتقىنا؟ بۇ نېمە ئىش، قەلئەگە كىرىپلا تەختكە ئولتۇردۇم، تېخى دىۋە - پەرى، جىن شاھلىرى ماڭا باش قويدى، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم.
— قەلئەگە كىرەلىگەن كىشى شاھ بولىدۇ،يەنە كېلىپ مۇشۇ قەلئەگە قاراشلىق دىۋە - پەرى، جىنلار قوۋمىدىن 36 شاھقا پەرمان چۈشۈرگۈچى شاھىنشاھ بولىدۇ، بۇ سىزنىڭ كۆزلىگىنىڭ ئەمەسمۇ؟
— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز تەختتىن تۇرۇپ كېتىپ، — بۇ مېنىڭ كۆزلىگىنىم ئەمەس، مەن يەتتىنچى ھۇجرىغا كىرمەكچى، ئىزدەيدىغان نەرسەم چوقۇم شۇ يەردە، مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بار.
— پۇشايمان قىلىسەن، — دېدى شاتۇتى ئىزتىراپ بىلەن.
— مېنى باشلا، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز تەھدىت سېلىپ، — بولمىسا بويىنۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن.
شاتۇتى نائىلاج قونداقتىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچتى، ئۇلار ھەشەمەتلىك ئوردا- قەسىرلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى.
شاتۇتى ئۇنى 35 سارايدىن باشلاپ ئۆتۈپ 36- سارايدا توختىدى، 35 سارايىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزگىچە ھەيۋەت - ھەشەمەت، گۈزەللىكىمۇ، ئېسىل مەنقۇلاتلىرى، ئاجايىپ - غارايىباتلىرىمۇ شاھزادە نۇرئەزىزنى بىردەملىككىمۇ توختىتىپ قالالمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ سارايلاردىن ئۆتكۈچە ئىككى يېرىم كۈن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، 36- سارايدا بولسا ئۇنى قۇلۇپلانغان يەتتە ھۇجرا كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئاچقۇچ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ماڭا ئالتۇن ئاچقۇچ كېرەك.

شاتۇتى بىرلا سىلكىندى، ئالتە تال ئالتۇن پېيى چۇشۇپ ئالتە ئاچقۇچقا ئايلاندى.

— ماڭا يەتتىنچى ھۇجرىنىڭ ئاچقۇچى كېرەك، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ماڭا شۇ بىر تال ئاچقۇچىنىلا بەرسەڭ بولدى.

شاتۇتى بىردىنلا ئەنسىزلىنىپ قېچىشقا ئۇرۇندى، شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۇقياسىنى بەتلەپ، بىر ئوقتىلا ئۇنى ئېتىپ چۇشۇردى، شاتۇتى يەرگە چۇشۇپلا بىر ئالتۇن ئاچقۇچقا ئايلىنىپ قالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاچقۇچنى ئېلىپ، يەتتىنچى ھۇجرا ئىشىكىدىكى قۇلۇپقا سالدى، ئىشىك غىچچىدە ئېچىلدى، ئۇ ھۇجرىغا كىردى، ھۇجرىدا ئۇچ باشلىق شىرنى كۆردى، ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئالتۇن تۇۋرۇككە باغلانغانىدى.

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ تووۋلىدى ئۇ ئاچچىق بىلەن،— بۇ يەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلەيلا دېدىم.

— كەچۈرگىن! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭنى بىلمەيتتىم، مەلىكەم قېنى؟

— ئۇنى پېرىخونلار شاھىنىڭ ئانىسى ئەكەتتى، — دېدى ئۇچ باشلىق شىر، — ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئالتۇن زەنجىرنى چاپتى، كار قىلمىدى، زورۇقۇپ ئۇزمەكچى بولغانىدى، ئۇزەلمىدى، قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز ئالدىدا ئۇچ يىگىت پەيدا بولدى، بىرى ئاق، بىرى قارا، بىرى سېرىق تەنلىك ئىدى.

— بىز ياردەم قىلايلى، — دېدى ئۇلار.

— سىلەر كىم؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز تەئەججۇپلىنىپ.

— بىز ھېلىقى رەڭدار يىلان، كەسلەنچۇك، ئالتۇن چايانلارمىز، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — بىز ئەسلي پەرى، دىۋە، جىنلار تائىپىسىنىڭ شاھزادىلىرى ئىدۇق، پېرىخونلارنىڭ ئانىسى ئالدىغا ئۇقۇشماي بېرىپ قالغىنىمىزدا سېھرىي ئەپسۇن بىلەن ھېلىقىدەك مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئاندىن بىرىمىزنى مۇھاپىزەتچى، بىرىمىزنى ئالتۇن ئاچقۇچنى ساقلىغۇچى، بىرىمىزنى خەزىنىچى قىلىپ بەلگىلىگەن، كېيىن ھېلىقى

روينتەن گىگانت دېۋنى ئەل قىلىپ، خىزمىتىگە سالغاندىن كېيىن ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۇنىڭ مۇگگۈزىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بىرنى ئەسلىمىزگە قايتۇرمايلا ھەيدىۋەتتى، ھېلىقى شاتۇتى ئۇنىڭ سادىق خىزمەتكارى ئالتۇن رەڭ جىن ئىدى، ئۇ يوقالسىلا بىز ئەسلىمىزگە كېلەلمەيتتۇق، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بىزگە زور ياخشىلىق قىلدىڭ، بۇنىڭ بەدىلىگە شىرىڭنى ئازاد قىلىپ بېرەيلى، سېنىڭ بۇ سېھىرلىك زەنجىرنى ئۈزۈشكە قۇربىڭ يەتمەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاق، قارا، سېرىق ئوت يالقۇنىغا ئۆزگىرىپ، ئالتۇن زەنجىر ئاستىدا گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى، ھايالسىزلا زەنجىر ئېرىپ ئۈزۈلدى، ئۈچ خىل رەڭلىك ئوت يالقۇنىمۇ:

— خەير - خوش! قالغان ئىشلار ئۆزۈڭگە قالدى، — دېگىنىچە ئۇچۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئاخىر ئازاد بولدۇم.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ھۇجرىدىن چىقتى. يەردە ئالتۇن رەڭلىك جىننىڭ جەسىتى بىلەن ئالتە تال ئالتۇن ئاچقۇچنى كۆردى.

— بۇ ھۇجرىلارغىمۇ كىرىپ باقساقمىكىن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرغا مەسلىھەت سېلىپ.

بىراق، ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى ئالتۇن ئاچقۇچلار بىر- بىرلەپ ئۇچۇپ بېرىپ ئالتە ھۇجرىنىڭ قۇلۇپلىرىغا ئۆزلۈكىدىن سېلىندى، ئىشىكلەر بىر- بىرلەپ ئېچىلىپ بىرىنچى ئىشىكتىن توختىماي كۈلكە ئاۋازى، ئىككىنچى ئىشىكتىن ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى، ئۈچىنچى ئىشىكتىن مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازى، تۆتىنچى ئىشىكتىن شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا ئاۋازى، بەشىنچى، ئالتىنچى ئىشىكتىن مۇلايىملىق بىلەن تەكلىپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— قانداق قىلاي؟ — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىنى توختىتالماي.

— كىرىپ باققۇڭ بولسا كىرەيلى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

شۇچاغ ئىككىنچى دۇمباق ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى، شاھزادە نۇرئەزىز

چۆچۈپ - ئەندىكىپ دەرھال ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى - دە:

— دەرھال قەلئەدىن چىقىپ كېتەيلى، بولمىسا مەڭگۈ بۇ يەردە قالىمىز، — دېدى جىددىيلىشىپ.

ئۈچ باشلىق شىر ھودۇقۇپ ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ كەتتى، شۇ ھامان ئالتە ھۆجرىدىن ئاغزى- بۇرنىدىن ئوت- تۈتەك پۇرقۇپ تۇرىدىغان ئالتە گىگانت ئىت غالجىرلارچە قاۋاپ چىقىپ ئۇلارنى قوغلىدى .

ئۈچ باشلىق شىر بار كۈچى بىلەن تېز ئۇچتى، سارايلاردىن چىقىشىغا 3-دومباق ئاۋازى ياڭراپ، قەلئە دەرۋازىسى يېپىلىشقا باشلىدى.

— تېز بول! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىرىتىپ.

ئۈچ باشلىق شىر قەلئە دەرۋازىسىغا چاقماقتەك ئېتىلدى، دەرۋازا ئۇ چىقىپ بولۇشى يېپىلىپ، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى قىسىلىپ قېلىپ، بىر سىقىم مويى يۇلۇنۇپ قالدى. دەرۋازا ئىچىدە بولسا غالجىر ئىتلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاۋشىشى ئاڭلىنىپ، بىردىنلا قەلئە ئىلگىرىكىنىڭ تەتۈرسىگە پىرقىراشقا باشلىدى - دە، پىرقىرىشى بارغانسېرى تېزلەشتى. ئەتراپىدا شىددەتلىك تەتۈر قۇيۇنلار پەيدا بولدى- دە، ئۈچ باشلىق شىرنىمۇ، شاھزادە نۇرئەزىزنىمۇ يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خىرۇستال شار ئىچىدىكى ئالتۇن قەلئە گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ساداسى ئىچىدە غايىب بولدى، ئاسماندىن كېپەك ئالتۇن ياغدى، چۆل -باياۋان ئالتۇن رەڭ تۈس ئالدى.

# ئىككىنچى باب

## تۆمۈر مۇناردىكى قىيىن تاللاش

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— پېرىخونلار ئانىسى مەلىكەمنى قاياقلارغا ئەكەتتىكىن، ئىزدەپ تاپىمىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— نەدىنمۇ تاپارمىز؟! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— بىلمەيمەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بىراق تۇرۇۋەرمەيلى، قارا، ئۇ تەرەپتىن بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار كېلىۋاتىدۇ، تېز كېتەيلى. ئۈچ باشلىق شىر يىراقتىن چاپراقشىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارغا قاراپ قويۇپ، كۆككە ئۆرلىدى، نىشانسىزلا بىر تەرەپكە ئۇچتى.

ئۇلار بۇ يەردە نەچچە كۈنلەر ئۇچۇپ يۈردى، ھېسابسىز غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقاتتى، كۆرمىگەن خەتەرلەردىن قۇتۇلدى، لېكىن پېرىخونلار ئانىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى، ھەممە يەر بىر تەكشى ھالەتتە زەرداب قايناپ تۇرغان بۇلاقلار، ۋولقان ئېغىزلىرى يولۇقۇپلا تۇرىدىغان شور تۇپراقلىق بىر ئىقلىم ئىدى، غەلىتە مەخلۇقلاردىن باشقا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى.

— چۆرگۈلەپ - چۆرگۈلەپ بىر ئورۇندىن نېرى كېتەلمەيۋاتقاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر غۇدۇراپ.

— ھېلىقى يول باشلىغۇچى شاتۇتى بولسىچۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىزمۇ مەيۇسلىنىپ، — ئۇ نەگىمۇ كېتىپ قالغاندۇ.

— ئۇ ئاللىبۇرۇن بىرەر يىرتقۇچ مەخلۇققا يەم بولغاندۇ بەلكىم، —

دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— بۇ ئىقلىمدىن كەتمەكچى بولساڭ ماڭا ئەگەش، — دېدى شۇ چاغ ئالتۇن قۇش پەيدا بولۇپ.

— بىز مەلىكەمنى ئىزدەپ تاپماقچى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز،— ئۇنى پېرىخونلارنىڭ ئانىسى بۇلاپ كەتكەن.

— ئۇنى قايتا ئېغىزغا ئالما، — دېدى ئالتۇن قۇش ھودۇقۇپ، — مەن كېتەي، ساڭا ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن، ئۆزۈمگە بالا تاپقۇم يوق. ئۇ شۇنداق دەپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— توختا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئالدىراپ،— ھېچبولمىغاندا بىزگە بىرەر بېشارەت بەرمەمسەن.

— ئوت قويۇۋەت، — دېدى ئالتۇن قۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپلا.

— ئوت قويۇۋەت! — تەكرارلىدى شاھزادە نۇرئەزىز گاڭگىراش ئىلكىدە.

— شۇنداق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بۇ ۋەزىپىنى مەن ئورۇنلاي، لېكىن نېمىگە ئوت قويىمەن، بۇ چۈشىنىكسىزلا بىر گەپ بولدى، ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىقلىمدا ۋولقاننىڭ كۆپلۈكىدىن زېمىن قىزىپ، يېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئوت قويغۇدەك دەرەخ - چاتقالمۇ يوق.

— بىلدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئاۋۋال ئوت پۈركۈپ باقمامسەن.

ئۈچ باشلىق شىر ئۈندىمەستىن ھەر تەرەپكە ئوت پۈركۈدى، لېكىن پۈركۈلگەن ئوتنىڭ كۈچى ئاجىز كەلدىمۇ - قانداق، تېزلا ئۆچۈپ قالدى.

— توختا! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — خاسىيەتلىك ئەينەكنى ئىشلىتەي.

ئۇ خاسىيەتلىك ئەينەكنى قوينىدىن ئېلىپ، ھەر تەرەپكە قاراتتى، خاسىيەتلىك ئەينەكتىن ھەرقانداق نەرسە ئۆچۈرەلمىگۈدەك سېھىرلىك ئوت گۈرۈلدەپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە يامرىدى، ئۈچرىغان تاغ - تاشلار پارتلاپ كۆكۈم - تالقان بولدى، بۇلاقلار قۇرۇپ، سازلىقنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ، چاك - چاك يېرىلدى، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدىن ئوت

ئەجدىھالىرى پەيدا بولۇپ، ھەرتەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، بۇ ئىقلىم تېزلا ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

— مانا كارامەت، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئويناقشىپ.

شۇ چاغ يىراقلاردىن كىملەرنىڭدۇر نالە - زارى ئاڭلاندى:

— بىزگە رەھىم قىل، ئوت قويۇشنى توختات.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەينەكنى قويىنىغا سالدى، ئوت يالقۇنلىرى يامراشتىن توختىدى، ئاندىن ئۇ ئۈچ باشلىق شىرغا بۇيرۇدى:

— ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېلىپ بار.

ئۈچ باشلىق شىر ئوت دېڭىزى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۇچۇپ، قېچىپ كېتىۋاتقان بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار ئارىسىغا چۈشتى، ئارىدىن پەي قاناتلىرى ئۆتلىنىپ كەتكەن بىر غەلىتە قۇش ئايرىلىپ چىقىپ شۇنداق دېدى:

— ساڭا نېمە كېرەك، نېمىشقا سەۋەبسىزلا ئوت قويىسەن؟

— پېرىخونلارنىڭ ئانىسى مەشۇقۇمنى ئەكەتكەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز،— ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ بۇ ئىقلىمدا نەچچە ئون كۈنلەر يۈردۈم، لېكىن كۆزلىگىنىمنى تاپالمىدىم، شۇڭا ئاچچىقىمدا ئوت قويغانىدىم.

— بولدى، — دېدى ھېلىقى قۇش، — بۇ چوقۇم بىرسى كۆرسەتكەن ئەقىل، سېنى توغرا يولغا سالىمەن، بۇ ئوت مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلغان چۈجىلىرىمنى نابۇت قىلغۇدەك، ھېلىمۇ ئون جېنىنىڭ بىرسى قالدى ئۇلارنىڭ، بىز خاسىيەتلىك قۇشلار بولغاچقا بۇ ئىقلىمدا ھېچ مەخلۇقات زىيان يەتكۈزمەيتتى، بىراق سەن بىر ئاپەت بولدۇڭ.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ بىر تەرەپكە قويۇندەك تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى، ئۈچ باشلىق شىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچتى.

ئۇلار توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ بىر بۇلاققا يەتتى، بۇ بۇلاقتىمۇ ئوخشاشلا زەرداب قايناپ تۇراتتى، بىراق ئىچىدە تولۇمدەك يوغان بىر چارپاقا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى.

— يىگىت، — دېدى يارىلانغان قۇش، — سىرنى ئاشكارا قىلغىنىم ئۈچۈن تاشقا ئايلىنىپ قالىمەن، تاكى سەن پېرىخونلارنىڭ

ئانىسنى يوقاتمىغۇچە ئەسلىمگە كېلەلمەيمەن، بۇ ئەقلىم بىر تىلسىم دۇنيا، ئاشۇ چارپاقنىڭ ئاغزىدىن كىرسەڭ مەنزىلگە يېتەلەيسەن، ئەمدى خۇداغا ئامانەت، ساڭا ئامەت يار بولسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپ پۇتلىرىدىن باشلاپلا تاشقا ئايلىنىپ قالدى.

شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ ئىچى ئېچىشىپ قالدى، لېكىن نېمە ئامال، ئەمدى ئۇ چارپاقنىغا نەزەر سالدى، ئۇ تولىمۇ يىرگىنىشلىك ئىدى.

— ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرگۈم يوق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر سەسكىنىپ.

— بىراق، باشقا ئامالىڭ بارمۇ؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مېنىڭمۇ ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ئاغزىغا كىرگۈم يوق، ئەگەر بەك سەسكىنىپ كەتكەن بولساڭ سەن قېپقال.

— سېنى يالغۇز كىرگۈزمەيمەن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — بولدى، قۇرۇق گەپنى قويايلى، تېز ئامال قىل، ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرەيلى، ئۇ ئۆزى بىزنى يۇتىۋالىدىغاندەك ئەمەس.

— ئويغىتايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، ئاندىن ئۇ قىلىچىنىڭ ئۇچىنى چارپاقنىغا سانجىدى، چارپاقا ئەندىكىپ كۆزلىرىنى ئاچتى - دە، «ھاپ!» قىلىپلا خۇددى چىۋىن تۇتۇپ يېگەندەك ئۇلارنى سوزۇلۇشچان رېزىنكىدەك تىلىدا يۆگەپ يۇتۇۋەتتى، لېكىن شاھزادە نۇرئەزىز چارپاقنىڭ قارنىغا ئەمەس، بەلكى بىر سوغۇق ئارالغا چۈشۈپ قالدى.

— پېرىخونلارنىڭ ئانىسى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە ھېلىقى پەي قاناتلىرى ئەتلەستەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان شاتۇتى پەيدا بولدى - دە، ئارالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۇچتى، ئۈچ باشلىق شىر شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچتى. ئۇلار يەنە بىر مۇز قاپلىغان دېڭىز بويىغا كەلدى، شاتۇتى ئۇچۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، شۇ چاغ مۇزلارنى قاراسلىتىپ يېرىپ غەلىتە سۇ مەخلۇقلىرى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، غايەت ئېگىز سېپىلدەك يول توسۇپ تۇرغان بىر قىيا تاشقا دۇچ كەلدى،

شۇ چاغ قىيا تاش ۋاققىدە يېرىلدى - دە، ئارىسىدىن قارا ئەجدىھا چىقىپ دەم تارتتى، شاتۇتى ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز چاققانلىق بىلەن خاسىيەتلىك قىلىچىنى ئەجدىھانىڭ بېشىغا چاپتى، ئەجدىھانىڭ بېشى ئىككى پارە بولۇپ، قارنىدىن شاتۇتى ئۇچۇپ چىقتى، ئەمما قىيا تاش يەنە ۋاققىدە يېپىلىپ قېلىپ، شاتۇتى ئارىسىدا قالدى، ئۈچ باشلىق شىر بولسا بىر پۇتۇن بولۇپ قالغان قىيا تاشقا سوقۇلۇپ توختىدى، ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شاتۇتىنىڭ:

— ئالغا! — دېگەن ئاۋازىلا ياڭراپ قالدى.

— ئىسىت! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — يول باشچىدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

— نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى سوقۇلۇشتىن بېشى ئايلانغان ئۈچ باشلىق شىر ئېسىگە كېلىپ.

— بۇ قىيا تاشتىن ھالقىشىمىز كېرەك، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— بۇ ئاسان گەپقۇ، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، ئاندىن قىياتاشنى ئايلىنىپ ئۇچماقچى بولدى، لېكىن شىددەتلىك جۇت - شۇۋرغان كېلىپ، ئۇنى كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر قىلدى، ئۇستىگە ئۆرلەپ قىيا تاشتىن ھالقىماقچى بولغانىدى، ئەمما چاقماق چۈشۈپ ئىمكان بولمىدى، يەنە تېخى تاراسلاپ مۆلدۈر ياغدى.

— قىيا تاشقا قىلىچ ئۇر، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئامالسىز.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۆرۈپ تۇرۇپ، قىيا تاشقا قىلىچ ئۇردى، قىيا تاش يېرىلدى - يۇ، يەنە تېزلا ھىملىشۋالدى.

— ئوت قوي، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر يەنە، — ئۇ قىزىپ پارتلاپ كەتسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك ئەينەكنى چىقىرىپ، قىيا تاشقا توغرىلىدى - دە، خاسىيەتلىك ئەينەكتىن ئوت ئەجدىھالىرى چىقىپ قىيا تاشقا ياماشتى، ئوت يالقۇنلىرى ھەر تەرەپكە يامرىدى، يېغىۋاتقان مۆلدۈرلەر ئېرىپ پارلىنىپ كەتتى، مۇزلارمۇ ئېرىپ، بىردەمدىلا دېڭىز ۋاراقشىپ قايناشقا باشلىدى، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ چىرقىراشلىرى ئالەمنى بىر ئالدى. قىيا تاشمۇ ئاخىر قىزىپ چوغلاندى - دە، ئورنىدا

بىر تاش بەدەنلىك دىۋە پەيدا بولۇپ يىلىندى:
— رەھىم قىلغىن، يول بىرەي، پىرىخونلارنىڭ ئانىسىنىڭ پەرمانى بىلەن يول توسۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم.
— ئۇ قەيەردە؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز، — تېز ئېيت، ئاندىن رەھىم قىلىمەن.
— بىلمەيمەن، — دېدى تاش دىۋە، — بىراق بۇ تەرەپكە نېمىنىدۇر بەند قىلىپ قويغىنىنى بىلىمەن، مەن شۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان توسۇقلارنىڭ بىرى.
— كەت! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك ئەينەكنى يىغىشتۇرۇپ، — ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما.
تاش دىۋە ھالسىزغىنە دېڭىزغا چۆكتى، قىزىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دېڭىز ئۈستىدە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ مۇردىلىرى لەيلەپ قالدى.
ئۈچ باشلىق شىر ئالدىغا قاراپ ئۈچتى. ئەمدى ئۇلار يەنە تىك قىيا تاش ئارالدا يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا تۈمۈر مۇنارنى كۆردى، مۇنار ئەتراپىدا قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار لەيلەپ، ئاجايىپ زور قاناتلىق ئەجدىھالار سەت چىرقىرىشىپ ئۈچۈشۈپ يۈرەتتى، ئۈچ باشلىق شىر ئارالغا يېقىنلاشتى، ئارالنى يەنە ئاجايىپ زور گىگانت سەككىزئاياغنىڭ قاماللاپ ياتقىنى مەلۇم بولدى.
— قارىغاندا بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭ بولىدىغان بولدى،— دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.
— شۇنداق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ھوشيار بول، قاناتلىق ئەجدىھالار ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.
شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال خاسىيەتلىك ئوقياسى بىلەن قاناتلىق ئەجدىھالارنى ئېتىشقا باشلىدى. ئۈچ باشلىق شىر گاھى ئوت، گاھى سۇ پۈركۈپ، گاھى شامال چىقىرىپ، قاناتلىق ئەجدىھالارنى يېقىنلاشـ ـتۇرمىدى، بۇ جەڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى، ئاخىر قاناتلىق ئەجدىھالاردىن بىرى قالماي يوقالدى.
ئەمدى ئۇلار گىگانت سەككىزئاياغنى يوقىتىشقا تۇتۇندى، بىراق ئوقيادىن ئېتىلغان ئوق سەككىزئاياغنىڭ قەيىرىگە تەگمىسۇن تېشىپ

كىرگەنچە غايىب بولدى، زەخىم بولسا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ساقىيىپ قالدى، ئۇرۇلغان قىلىچ ئۇنى پارە - پارە قىلدى - يۇ، لېكىن سەككىز ئاياغنىڭ تېنى يەنە پۈتۈنلىنىپ تۇردى، كېسىلگەن پارچىلىرى بولسا يەنە بىر گىگانت سەككىز ئاياغقا ئايلىنىپ ھۇجۇم قىلدى.

— ئوت قوي، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — كۆيدۈرۈپ يوقىتايلى.

شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك ئەينەكتىن ئوت يالقۇنى ئورنىدا ئوت ئەجدىھالىرى چىقىپ، ئارالغا، گىگانت سەككىزئاياغلارغا ياماشتى، ھايالىسزلا سەككىزئاياغلار كۆيۈپ تۈگىدى، تاش ئارال چاراسلاپ يېرىلىپ، تۆمۈر مۇنار قىڭغايدى .

مۇناردىن كىمنىڭدۇر زەئىپقىنا ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خاسىيەتلىك ئەينەكنى تېز تاشلىۋەت شاھزادە، ئۇنىڭ ئىشى تۈگىدى، تېز بول، بولمىسا ھەممىمىز تۈگىشىمىز.

شاھزادە نۇرئەزىز بۇ ئاۋازلارنى قەيەردىدۇر ئاڭلىغاندەك ھېس قىلدى.

— توغرا! بۇ ئۇنىڭ ئاۋازى، — دېدى سەل ئويلىنىپ.

ئۇ خاسىيەتلىك ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ نۇر جۇلاسى ئۆچكەنىدى، ئوت ئەجدىھالار بولسا تولىمۇ غالجىرلىشىپ مۇنارغا يامىشىۋاتاتتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئىككىلەنمەستىن ئەينەكنى دېڭىزغا تاشلىدى، ئوت ئەجدىھالىرى ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

ئۈچ باشلىق شىر ئارالغا قوندى، تۆمۈر مۇنارنىڭ ئىشىكىگە ئات كاللىسىدەك چويۇن قۇلۇپ سېلىنغانىدى، قۇلۇپ تۆشۈكىدە بولسا بىر قارا ئۆمۈچۈك جىن سىرلىق ھېجىيىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قۇلۇپقا قىلىچ ئۇردى، قۇلۇپ يېرىلدى، ئەمما يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەسلىگە كېپقالدى.

— بىھۇدە ئاۋارە بولما، — شۇنداق سادا كەلدى يەنە مۇناردىن ئاچقۇچ بولمىسا مۇنارغا كىرەلمەيسەن، مېنىمۇ قۇتقۇزالمايسەن، ئاچقۇچنى قۇلۇپ تۆشۈكىدىكى ئۆمۈچۈك جىنلا بىلىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز قۇلۇپ تۆشۈكىدىكى ئۆمۈچۈك جىنغا قارىدى، ئۇ سىرلىق ھەجىيىپ تۇراتتى.

— ئامان قالاي دېسەڭ ئاچقۇچنى بەر، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ماڭا ئامالىڭ يوق، — دېدى جىن، — قىلىچىڭدا ئۆلمەيمەن، ئوتۇڭدا كۆيمەيمەن، مېنى ئۆلتۈرۈشۈڭ خام خىيال.

— ساڭا نېمە كېرەك؟ — سورىدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ماڭا ئاچقۇچنى بەرگىن، بەدىلىگە نېمە تەلەپ قىلساڭ ئورۇنلاي.

— سىرنى ئاشكارىلىغۇچى تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېدى ئۆمۈچۈك جىن، — مەن ھاياتىم بەدىلىگە ساڭا ياردەم قىلامدىم، ياق!

— پېرىخونلار ئانىسىنى يوقاتسام ئەسلىگە كېلىسەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئاندىن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ خالىغان يەرگە بارالايسەن، بۇ قۇلۇپ تۆشۈكىدىن نېرى كېتەلمەي ياشىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى.

— ئەركىنلىك! — دېدى ئۆمۈچۈك جىن خورسىنىپ، — مەن چۈشۈمدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغىنىم شۇ، بۇ قۇلۇپ تۆشۈكى مەن ئۈچۈن بىر زىندان، پېرىخونلار ئانىسى مېنى بۇيەرگە باشقىلارنىڭ ئاچقۇچنى تېپىۋالىشىمۇ ئىشلىتەلمەسلىكى ئۈچۈن بەند قىلىۋەتكەن، ئۇ يوقالسا مەنمۇ بەندىتىن خالاس بولىمەن، لېكىن ئۇنى يوقىتىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.

— ماڭا ئىشەن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مانا بۇ ئۈچ باشلىق شىرنى ئالتۇن قەلئەدىن قۇتۇلدۇردۇم، تاش دېۋىنى بويسۇندۇردۇم، گىگانت سەككىزئاياغنى يوقاتتىم، پېرىخونلار شاھىمۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆلگەن، پېرىخونلار ئانىسىمۇ چوقۇم مېنىڭ قولۇمدا ھالاك بولىدۇ.

— ماڭا ئۈچ قوشۇق قېنىڭنى بەر، — دېدى ئۆمۈچۈك جىن، — مېنىڭ يەنە بىر ئارمىنىم ئادەم قېنى تېتىپ بېقىش ئىدى، ئەگەر مەردلىك بىلەن بۇ ئارمىنىمغا يەتكۈزسەڭ، ساڭا ئاچقۇچنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئاندىن تاشقا ئايلىنىپ قالساممۇ رازىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز گەپ ـ سۆز قىلماستىن بېغىشنى تىلىدى، قېنى ئـاقتى، ئۆمۈچـۈك جىـن ئاققـان قـانلارنى تـامچە قويمـاي شـورىۋالدى، شاھزادە نۇرئەزىز ئاندىن قول ياغلىقى بىلەن بېغىشنى مەھكەم تېڭىـپ، قاننى توختاتتى.

— ئـاڭلا، — دېـدى ئۆمۈچـۈك جىـن، — بۇ دېڭىـز ئاسـتىدا بىـر ئـالتۇن بېلىـق بـار، شـەكلى ئـاچقۇچقىلا ئوخـشايدۇ، ئـۇنى تۇتـۇپ چىقالىـساڭلا مۇنارغـا كىرەلەيـسەن، بولمـسا ئامالـىڭ يـوق، مۇنـارنى پاچاقلاپ تاشلىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ شۇنداق دەپلا تاشقا ئايلىنىپ پوككىدا چۈشتى.

— ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى قانداق تۇتارمىز، — دېدى ئۇچ باشلىق شىر ئۈمىدسىزلىنىپ،— بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشـۇ دېڭىزنـى قۇرۇتـۇۋەتـسەك ئىمكان بولارمىكىن.

— يۇنۇس بېلىقنى چاقىرىڭلار، — مۇناردىن يەنە ئـاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك شۇنداق سادا كەلدى، — ئۇ ياردەم قىلىدۇ.

— بىـراق، ئـۇ بـۇ دېڭىـزدا نـېمە قىلىـسۇن، — دېـدى شـاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇ مەغرىب كۆلىدە قالغان تۇرسا.

— يۇنـۇس بېلىقلىـرى ھەممىـسى ياخـشى دوسـتىمىز، — دېـگەن ئـاۋاز كەلـدى مۇنـاردىن يەنە تـازا زەن قويمـىسا ئـاڭلانمىغۇدەك، — ئۇلاردىن بۇ دېڭىزدىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— بولسىمۇ، ھايـات بولـسا ياخـشى بولاتتىغۇ، — دېـدى شـاھزادە نۇرئەزىز دېڭىز يۈزىنى بىر ئالغـان دېڭىـز مەخلۇقلىرىنىـڭ جەسـەتلىرىگە بىر قاراپ قويۇپ.

— ئاۋۋال توۋلاپ باقايلى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

— يۇنـۇس بىلىقـى! — شـاھزادە نـۇرئەزىز ئـۈچ قېـتىم توۋلـىدى، ھايالـسىزلا دېڭىـزدىن بـاش ـ كـۆزلىرى جـاراھەتلەنگەن بىـر يۇنـۇس بېلىقى بېشىنى چىقاردى:

— مېنى چاقىرغان كىم؟

— مانا بىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ھە! — دېـدى يۇنـۇس بېلىقـى رەنجىگەنـدەك، — دېڭىزنـى

داشقازاندەك قايناتقان سەنغۇ، ئەگەر دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىۋالمىغان بولساق مەنمۇ، قېرىنداشلىرىممۇ ئامان قالمايتتۇق، ئۇ چاغدا ئۈچ مىڭ قېتىم تووۋلىساڭمۇ پايدىسى يوق ئىدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز خىجىللىق بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىلمەپتىمەن، تاش دېۋە، گىگانت سەككىزئاياغلارغا تاقابىل تۇرالماي شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، سېنىڭ بارلىقىڭدىن راستتىنلا خەۋىرىم يوق ئىدى.

— بىگۇناھلارغىمۇ زىيان يەتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن خاسىيەتلىك ئەينىكىڭنىڭ خاسىيىتى ئاجىزلاپ، ئاخىر رولىنى يوقاتتى، ئەگەر ۋاقتىدا تاشلىۋەتمىگەن بولساڭ، ئوت ئەجدىھالىرى ساڭىمۇ خىرىس قىلاتتى، — دېدى يۇنۇس بېلىقى، — دېگىنە، مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ؟

شۇنداق دەۋەتقاندا ئۇنىڭ بارلىق جاراھەتلىرى ئاستا-ئاستا ساقىيىپ قالدى.

— ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى تۇتۇپ بېرەمدىكىن دېگەنىدىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— مېھرىبانلىقىڭ جاراھىتىمگە شىپا بولدى، — دېدى يۇنۇس بېلىقى خۇشاللىق بىلەن، — يەنە ئۇن نەچچە قېرىندىشىم بار، ھەممىسىنىڭ باش- كۆزىنى سىلاپ قوي، بىز بىرلىكتە ئىزدەيلى، ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى شۇنچە كەڭ دېڭىز قويىنىدىن ئىزدەپ تېپىش ئوڭاي ئەمەس، ئۈچ كۈن سەۋر قىلىشىڭ كېرەك.

بىراق، پېرىخونلار ئانىسى بۇيەردە بولغان ئىشلارنى بىلىپ قېلىپ، باشقا تەدبىر قوللىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئەڭ ياخشىسى تېزرەك بول.

— مانا ھازىر، — دېدى يۇنۇس بېلىقى، — دوستلىرىم ساڭا قالدى شاھزادە، بولسا يەنە ئۈچ تامچە قېنىڭنى دېڭىزغا تېمىتىۋەت، خاتالىقىڭنى تۈزەتكىنىڭ بولسۇن.

ئۇ شۇنداق دەپلا دېڭىزغا شۇڭغۇدى، دېڭىزدىن جاراھەتلىنىپ، نىمجان بولۇپ قالغان يۇنۇس بېلىقلىرى بىر- بىرلەپ بېشىنى چىقىرىشقا باشلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز ھەممىسىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى،

بەزىلىرىنى بولسا ئۈچ باشلىق شىر يالاپمۇ قويدى، يۇنۇس بېلىقلىرىمۇ سەللىمازا ساقىيىپ، دېڭىز تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى. شاھزادە نۇرئەزىز بېغىشىدىكى تېڭىقنى يېشىپ، يەنە ئازراق قېنىنى دېڭىزغا تېمىتتى، شۇ ھامان دېڭىز يۈزىنى بىر ئالغان دېڭىز مەخلۇقلىرىنىڭ تاپلىرىغا قايتىدىن جان كىرىپ، ھەممىسى دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇدى.

شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ئۈچ باشلىق شىر ئۇلارنى ساقلىدى، ساقلىدى، ساق ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقىت بولغاندا بىر كىچىك يۇنۇس بېلىقى دېڭىزدىن بېشىنى چىقىرىپ، ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇرغان ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى ئارالغا پۇرقۇپ تاشلىدى، ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىق پىلتىڭلاپ دېڭىزغا چۈشۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى، ئۈچ باشلىق شىر چاققانلىق بىلەن تاپىنىدا چىڭ بېسىۋالدى.

— تېز بولۇڭلار! — دېدى باشقا يۇنۇس بېلىقلىرى دېڭىزدىن بېشىنى چىقىرىپ، — بىر خەۋپنى سېزىۋاتىمىز.

— شۇنداق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرمۇ، — يىراقلاردىن ئالسىپىشىل بۈلۈتتەك بىرنېمىلەر ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، قۇلۇپ تۆشۈككە سالدى، قۇلۇپ ئالتۇن ئاچقۇچ بېلىقنى يۇتۇۋېلىپلا شىلىققىدە ئېچىلىپ غايىب بولدى، ئارقىدىنلا مۇنار ئىشىكى جاراڭلاپ ئېچىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز مۇنارغا كىرىپلا تۆت ئەجدىھا كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر پەتنۇستىكى ئالتۇن - كۈمۈش، تۆمۈر لوڭقىلارغا كۆزى چۈشتى، ئەجدىھالار دەرھال پەتنۇسنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلىدى، بىر قەپەس جەڭدىن كېيىن ھەممىسى ھالاك بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز لوڭقىلارغا قارىدى، ھەممىسىنىڭ ئاغزى يالماۋۇز بېشى سۈرەتلىك مۆھۈر بېسىلغان، غەلىتە بىر يېزىقتىكى نەچچە قۇردىن خەت يېزىلغان پېچەت باغاقچە بىلەن پېچەتلەنگەنىدى.

بىردىنلا تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋاز كەلدى ئۈچ لوڭقىدىن تەڭلا:

— مەن ئۆزۈممۇ قايسىسىدا تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن، تۇغرا تاللىساڭ ئۆزۈڭگە بالا تېرىيسەن.

شاھزادە نۇرئەزىز قايسىسىنى ئېلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، پېچەتلەرگە بېسىلغان مۆھۈر ئىزلىرى سىرلىق ھېجىيىشتى.

— تېز بول! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ئالدىرىتىپ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ قول سوزدى، قولىغا كۆمۈش لوڭقا چىقتى، شۇھامان قالغان ئىككىسى چۇقان كۆتۈردى:

— بىزنى تاللا، بىزنى.

بىراق، شاھزادە نۇرئەزىز كۆمۈش لوڭقىنى ئېلىپ ئالدى. كەينىگە قارىماي مۇناردىن چىقىپ، ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپلا ئۇچۇپ كەتتى، تاش ئارال چاراسلاپ يېرىلىپ، دېڭىزغا چۆكتى، مۇنارمۇ غۇلاپ چۈشۈپ، دېڭىزدا ئاسمان - پەلەك دولقۇن كۆتۈرۈلدى، بۇ دولقۇن ئۈچ باشلىق شىرغا قېچىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، ئۇلارغا يېتىشۋالاي دەپ قالغان پېرىخونلار ئانىسىنىڭ ئالۋاستى لەشكەرلىرى دولقۇنغا يولۇقۇپ، بىرقىسمى سۇغا غەرق بولۇپ دېڭىز مەخلۇقلىرىغا يەم بولدى، بىر قىسمى ئامان قېلىپ كەينىگە چېكىندى. ئۈچ باشلىق شىر ئۇچتى، ئۇچتى، قەيەرگە قونۇشنى بىلمىدى.

— پېچەتنى ئېچىۋەت، — شۇنداق سادا كەلدى لوڭقىدىن بوشقىنا.

شاھزادە نۇرئەزىز پېچەتنى سويدى، لېكىن كىچىككىنە بىر پېچەتنى سويۇش ئۈچۈن تاغ يۆتكىگەندەك كۈچىنىشكە توغرا كەلدى، پېچەت سويۇلغان ھامان لوڭقىدىن شامنىڭ ئىسىدەك بىر تۈتەك چىقىپ، ئاستا - ئاستا پەرىلەر ھۆكۈماسىنىڭ سىيماسى غىل - پاللا زاھىر بولدى:

— قۇتقۇزۇۋالغىنىڭغا رەھمەت شاھزادە، بولمىسا قىيامەتكىچە لوڭقىدىن چىقالماي ئۆتەتتىم، كۆپ سۆزلىگۈدەك ۋاقتىم يوق، تېز ئاق تاغ چوققىسىغا بېرىپ، ئاق گۈمبەزگە كىرگىن، ئۇ يەردە ساڭا پېرىخونلار ئانىسىنى يوقىتىشقا زۆرۈر ئۈچ ئەڭگۈشتەر ساقلاقلىق، ساڭا ئۈچ ئايلا مۆھلەت بار، بۇ ۋاقىتتا پېرىخونلار ئانىسىنى يوقىتالمىساڭ ئۇ مەلىكە دىلئارامنىڭ جىسمىغا كىرىۋالىدۇ، ئۇ ھازىر روھ يۆتكەش ئەپسۇنىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا باشقا ئىشلارغا يېتىشەلمەيدۇ،

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنى يوقىتالمىساڭ ئۇ سېنى بوش قويمايدۇ، قېرىنداشلىرىڭمۇ، مەملىكىتىڭ خەلقىمۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئەمدى كۆنچىقىش تەرەپكە ماڭ، خەير - خوش، ئامان بولغىن، دىدار قىيامەتكە قالدى، ئەلۋىدا!

شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئۇ ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى، سامادىن بىر يۇلتۇز زېمىنغا سارقىپ چۈشۈپ كەتتى.

— تېز ماڭايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغان ئۈچ باشلىق شىرغا، — ئاق تاغنى تاپايلى.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇندىمەستىن ئۇچۇپ كەتتى، دېڭىز ئاسمىنىدىن چىقىپ، قۇرۇقلۇق ئاسمىنىغىمۇ يەتتى، مەشرىق تامام توختىماي ئۇچتى، ئەمما توققۇز كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپمۇ مەنزىلگە يېتەلمىدى.

— توۋا! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر غۇدۇراپ، — تېزلىكىمگە گەپ كەتمەيدۇ، بۇ تېزلىكتە توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۇچسام ئەسلىي ئالەمنى بىر چۆرگۈلەپ چىقىپ بولاتتىم، بىراق ھازىر توققۇز كېچە-كۈندۈز ئۇچقان بولساممۇ ئاق تاغدىن نىشان يوق.

— ھېلىقى جىن ماكانلاشقان بۇلاققا بارايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بەلكىم ئۇ يول كۆرسىتەر.

ئۈچ باشلىق شىر يەنە توققۇز كېچە - كۈندۈز تېزلىكتە ئۇچۇپ، ھېلىقى پەتەك جىن ماكانلاشقان بۇلاق بويىغا يەتتى.

— ساڭا نېمە كېرەك؟ — سورىدى جىن بۇلاقتىن بېشىنى چىقىرىپ.

— ئاق تاغقا بارماقچىدۇق، مانا ئون سەككىز كېچە - كۈندۈز ئۆتتى، تېخىغىچە دېرىكىنى ئالالمىدۇق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— ئۇيەرنى ئۇچار گىلەم بىلەمدىكىن، — دېدى جىن بېشىنى قاشلاپ، — چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئاپىرىدە بولغان خىسلەتلىك ئەگگۈشتەر، ئۇنى تېپىپ بېرەي.

ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى كاناي قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— ئۇچار گىلەم! ئۇچار گىلەم! ئۇچار گىلەم! تېز بۇياققا كەل.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى يىراقلاردىمۇ ياڭرىدى، ھايال ئۆتمەي بىر تەرەپتىن كىچىككىنە بىر رەڭدار قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ۋىچىرلاپ

كەتتى:

— نېمانچە ئەنسىز تووۋلايسەن؟ ياخشى ئىشىمنى بۇزدۇڭ، ئەمدىلا تېخى ھېلىقى چىرايلىق چىشى قۇشقاچنى ئىندەككە كەلتۈرەي دەپ قالغانىدىم، شورى قۇرۇغۇر.

— سەن دېگەن ئۇچار گىلەم، قۇشقاچ ئەمەس، نېمە قىلاتتىڭ ئۇنى ئالداپ، — دېدى جىن كۈلۈپ كېتىپ.

— ئۇ راستتىنلا ئۇچار گىلەممۇ؟ — سورىدى ئۈچ باشلىق شىر ئەجەبلىنىپ.

— ئەمىسە مەن نېمە؟ — تووۋلىدى قۇشقاچ بىر پىرقىراپلا ئۇچار گىلەمگە ئايلىنىپ.

— بولدى تالاشماڭلار، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەيلى نېمىلا بولسۇن بىزگە ياردىمى تەگسىلا بولدى.

— ئۇ كىم؟ — سورىدى ئۇچار گىلەم جىندىن.

— ئۇ شاھزادە نۇرئېلىنىڭ ئىنىسى شاھزادە نۇرئەزىز، — دېدى جىن.

— كونا غوجايىنىنىڭ ئىنىسى ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇچار گىلەم، — بىراق تولىمۇ خەتەرلىك جايغا بارماقچىكەن، بۇنىڭغا يېتەرلىك جاسارىتى بارمىكىن.

— خاتىرجەم بول، — دېدى جىن، — ئۇنىڭ جاسارىتىگە گەپ كەتمەيدۇ، بىراق ۋاقىت قىس، تېزرەك يەتكۈزۈشنىڭ كويىدا بول.

## ئۈچىنچى باب

# ئۈچ ئەگكۈشتەر ۋە سىرلىق غاردىكى ئىشلار

ئۈچار گىلەم دەرھال بىر قارلىغاچقا ئۆزگەردى - دە، پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىزمۇ ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ ئەگىشىپ ئۇچتى، ئۇلار مەشرىق تامام توققۇز كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپ بىر ئالتۇن تاغقا يەتتى، بىر خىل سىرلىق كۈچ تۇتۇۋالغاندەكلا بۇ يەردە توختاپ قالدى.

— بۇ بىرىنچى ئۆتكەل، — دېدى ئۈچار گىلەم، — ئەمدى پىيادە تاغقا چىققىن شاھزادە، نېمە كارامەت بارلىقىنى كۆرگىن.

— شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىردىن چۈشتى، ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتلىرى تاغ ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغانىدى.

— سەن نېمە شۇملۇقلارنى ئويلىغانىدىڭ، — سورىدى ئۈچار گىلەم.

— كېيىنچە بۇ ئالتۇن تاغدىن ئالتۇن يۆتكەپ، ئالتۇن ئوردا - سارايلارنى بەرپا قىلىشنى خىيال قىلغانىدىم، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر خىجىللىق بىلەن.

— مانا ئاچ كۆزلۈكنىڭ جازاسى، — دېدى ئۈچار گىلەم، — ئەمدى بۇ يەردە مەڭگۈ قالىسەن، بىز يولىمىزغا ماڭايلى.

— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئۇ مېنىڭ دوستۇم.

— بىراق، قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۈچار گىلەم، — تۇرۇۋەرسەك ئىشىمىزغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن.

— ئاۋۋال تاغ چوققىسىغا چىقىپ باقايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — نېمە كارامەتلەر بارلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، بەلكىم بىرەر قۇتقۇزۇش ئامالى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار تاغ چوققىسىغا چىقتى، بۇ يەردە بىر گۇمبەز بار ئىدى، گۇمبەزگە كىرىپ قومۇش بورا ئۈستىدە تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان بىر زاھىتنى كۆردى، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەنىدى، زاھىت قولىنى شىلتىپلا ئالتۇن كۇرسى پەيدا قىلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن سوئال قويدى:

— كىمدۇرسەن؟

— ئادەمزات دۇنياسىدىن كەلگەن شاھزادە نۇرئەزىز، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز تەۋەززۇ بىلەن.

— قانداقىسىگە بۇ دىۋە - پەرى، جىنلار دۇنياسىغا كېلىپ قالدىڭ؟ — سورىدى زاھىت يەنە تەئەججۇپ بىلەن.

شاھزادە نۇرئەزىز سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلدى. زاھىت ئاپىرىن ئېيتىپ قويندىن بىر ئالتۇن ئالمىنى ئېلىپ بەردى، — ساڭا سوۋغىتىم بولسۇن، خەتەرگە يولۇققاندا ياردىمى تېگىپ قالار، — دېدى - دە، كېتىشكە ئىجازەت قىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرنى قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلاي دەپ تۇراتتى، گۇمبەزمۇ، زاھىتمۇ غايىب بولدى، ئۇ ئۆزىنى ئۈچ باشلىق شىر ئۈستىدە كۆردى.

— بارغىن ئوغلۇم، — دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى، — ساڭا ئاللا مەدەتكار، ئۇتۇق يار بولسۇن، دوستلىرىڭ غەيرىي نىيەتلەردىن كۆڭلىنى پاك تۇتمىسا يەنە پالاكەت باسىدۇ، ئېھتىيات قىلسۇن، سەن ئۈچۈن ئۇنى ئازاد قىلدىم.

ئۈچ باشلىق شىر ئۇندىمەستىن ئۇچار گىلەمگە ئەگىشىپ ئۇچتى. ئۇلار يەنە توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ بىر گۆھەر تاغقا يېتىپ كەلدى. تاغنىڭ ھەممە يېرى نۇرلۇق - تۈمەن خىل، رەڭگارەڭ گۆھەرلەردىن بەرپا قىلىنغانىدى، قارىغانلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۇ يەرگە يەتكەندە يەنە ئۈچ باشلىق شىرنىڭ پۇتلىرى يەرگە قوزۇقتەك كىرىپ كەتتى.

— يەنە نېمە ئويلىغانىدىڭ؟ — سورىدى ئۈچار گىلەم ئاچچىق بىلەن، — ئەجەب ئالتۇن تاغدىكى زاھىتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى قۇلىقىڭدا تۇرماپتۇ.

— كېيىنچە بۇ گۆھەرلەردىن ئەڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ ئېسىل زۇننار ياسىتىشنى ئويلىغانىدىم، كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر يەنە خىجىللىق بىلەن.

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — يەنە قۇتۇلۇشۇڭغا ئىمكان بولۇپ قالار.

ئاندىن ئۇ ئۈچار گىلەم بىلەن تاغ چوققىسىغا چىقتى، گۆھەرلەر ئۈستىگە قوپۇرۇلغان بىر ئاددىي تاش گۈمبەزگە كۆزى چۈشتى، گۈمبەزدىن مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىرائەتكە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالدى، بىر چاغدا قىرائەت ئاخىرلىشىپ:

— كىرگىن ئوغلۇم، — دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

شاھزادە نۇرئەزىز گۈمبەزگە كىردى، جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر ئەۋلىيا سۈپەت ئابىدنى كۆردى، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. ئابىد سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن قولىنى شىلتىغانىدى، گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن كۇرسى پەيدا بولدى، شاھزادە نۇرئەزىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن سورىدى:

— سەن كىم بولۇرسەن؟ قانداق قىلىپ بۇ ئىقلىمغا قەدىمىڭ يېتىپ قالدى؟

شاھزادە نۇرئەزىز ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن يول كۆرسىتىشنى، ئۈچ باشلىق شىرنى بەندىتىن بوشىتىپ قويۇشنى تىلىدى.

— جاسارىتىڭگە قايىلمەن ئوغلۇم، — دېدى ئابىد، — ئۈچ باشلىق شىرىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاق تاغ تېخى ئالدىڭدا، ئۇشبۇ گۈمبەزدىن يىراقلاشماي ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئابىد

بولغىنىم ئۈچۈن سىرتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزمەن، لېكىن تىلەيمەنكى ئاللا ساڭا مەدەتكار، ئۇتۇق يار بولسۇن، ئاندىن ئۇ قوينىغا قول سېلىپ، قۇياشتەك نۇرلۇق، ئالمىدەك چوڭلۇقتا بىر گۆھەرنى ئالدى ـ دە:

— خەتەرگە يولۇققاندا كېرەك بولار، — دېدى ئۇنى شاھزادە نۇر ئەزىزغا بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ، گۇمبەزمۇ غايىب بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلدى.

ئۈچار گىلەم يول باشلىدى، ئۈچ باشلىق شىر ئەگەشتى ۋە:

— ئەمدى ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن، — دېدى ئۇ ئۈچۈپ كېتىۋېتىپ.

ئۇلار يەنە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئۇچتى، يىراقتىن تاش ـ تۇپرىقى قاردەك ئاق بىر تاغ كۆرۈندى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئاخىر مەنزىلگە يېقىنلاشتۇق، بىراق نېمىشقا ماڭا يولۇقمىغان بولغىيتتى.

— چوقۇم پىرىخونلار ئانىسى ساڭا ئازدۇرغۇچى سېھرىي ئەپسۇن ئوقۇۋەتكەن گەپ، — دېدى ئۈچار گىلەم، — قارا، ئوتتۇرىدىكى بېشىڭدا بىر كىچىك قارا يۇلتۇز تۇرۇپتۇ، بۇ شۇنىڭ تاقاپ قويغان بىرنېمىسى بولمىسۇن يەنە.

— مەندە بۇرۇندىن قارا يولتۇز بولغان ئەمەس، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

شاھزادە نۇرئەزىز قارا يۇلتۇزنى ئېلىپ تاشلىدى، ئۈچ باشلىق شىر كۆزلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، كاللىسى سەگەكلىشىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى.

— كاساپەت! — دېدى ئۇ قارا يولتۇزغا ئوت پۈركۈپ، — ئەمدى يەنە ئازدۇرغىنىڭنى بىر كۆرەي.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — تېز ماڭايلى.

ئۇلار تېزلا ئاق تاغ چوققىسىغا يەتتى، بىر ئاق تاش گۇمبەزنى كۆردى، گۇمبەزدىن بىرسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى، — كىرگىن

شاھزادە، سېنى كۈتتۈۋاتىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز گۈمبەزگە كىردى، ئاق جايىنامازدا، ئاق مەرۋايىت تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان بىر ئاق كىيىملىك ئەۋلىيا سۈپەت زاھىتنى كۆردى، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

زاھىت ئۇنى بىر ئاق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ:

— مۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم پەرىلەر مەملىكەتلىرىنىڭ بىرسىنىڭ باش ھۆكۈماسى كېلىپ ئۈچ تىلسىم پەيدا قىلغانىدى، ئۇنىڭغا ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى پىنھان قىلدى، ئاندىن مۇشۇ ۋاقىتتا ئادەمزات ئېلىدىن بىر شاھزادە كېلىدىغىنىدىن بېشارەت بەرگەن، توققۇز كۈنلۈك نېرىدىكى گۆھەر تاغدىن يولغا چىققىنىڭدىلا سېنى كۆرگەنىدىم، ئەمدى تىلسىملارنى بويسۇندۇرۇپ، ئامانىتىڭنى ئال، ئالتۇن تاغ، گۆھەر تاغدا ئۇچرىغان زاھىتلار مېنىڭ ئىنىلىرىم، بىز ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش دورىسىنى يېگەن، ئۆمرىمىزنى تائەت - ئىبادەتكە بېغىشلىغان زاھىتلارمىز، جىن - ئالۋاستى، پېرىخونلار بىزگە يېقىن يولىيالمايدۇ، بىزمۇ ئۆز ئىبادىتىمىز بىلەن بولۇپ، باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمايمىز، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

ئاندىن ئۇ ياقىسىدىن بىر ئالتۇن يىڭنىنى ئالدى - دە:

— بۇ ساڭا يادىكار بولسۇن، ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە ئەسقېتىپ قالار، ئەمدى خوشلىشايلى، ئىشلىرىڭغا ئاللا مەدەتكار، ئۇتۇق يار بولسۇن، — دېدى يىڭنىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ، گۈمبىزىمۇ غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالتۇن يىڭنىنى ياقىسىغا سانجىۋالغاندىن كېيىن ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ، ئۈچ تىلسىمنى تېپىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

بىر چاغدا يەنە بىر ئېگىز ۋە ئاپئاق تاغقا يېتىپ كەلدى، تاغنى ئايلاندى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئايلىنىپ بىر غارغا يولۇقتى، غار تاغنىڭ يان تەرىپىدە ئىدى، غارنىڭ ئاغزىنى توققۇز باشلىق بىر ئاق ئەجدىھا بېقىپ ياتاتتى.

كەلگەنلەرنى كۆرۈپلا ئەجدىھانىڭ توققۇز بېشىدىن توققۇز خىل قورقۇنچلۇق ئاۋاز ياڭرىدى، ئارقىدىنلا قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى

پۈركۈلدى، تاغ تەرەپ ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۈچار گىلەم دەرھال كەينىگە ياندى، ئۇلار يىراقلاشقاندىن كېيىنلا ئەجدىھا تىنچلاندى.

— ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك ئوقياسىغا توققۇز تال ئوقنى بىراقلا بەتلەپ، ئەجدىھانىڭ توققۇز بېشىنى كۆزلەپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئاتتى، ئوقلار بېرىپ ئەجدىھانىڭ توققۇز بېشىغا تەگدى - يۇ، لېكىن ھېچبىرىگە زەخمىم يەتمىدى، ئەمما توققۇز باشلىق ئەجدىھا بىر يۇمىلاپلا بىر ساھىبجامال يىگىتكە ئايلىنىپ:

— ئادەمزات بولساڭ بىمالال كېلىۋەر، ئامانىتىڭنى ئېلىپ مېنىمۇ ئازاد قىل، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىزغا.

شاھزادە نۇرئەزىز خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. يىگىتنىڭ بىر پۇتىنىڭ ئاق ئالتۇن زەنجىر بىلەن غار ئىشىكىگە بەند قىلىنغىنىنى كۆردى.

— سېنى مىڭ يىل كۈتتۈم، — دېدى ھېلىقى يىگىت، — ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان گۇناھكار ئىدىم، بۇ غارنى ساقلاش شەرتى بىلەن ئۆلۈمدىن خالاسلىق تېپىپ ئىشىككە بەند قىلىندىم، كېلىشىڭگە ئىشەنچىم يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ جانىڭ تاتلىقلىقىدىن بۇ ئىشنى ئىختىيار قىلدىم، ئاپىرىن ساڭا، ئىشىك ھالقىسىنى توققۇز قېتىم قاقساڭ، ئىشىك ئېچىلىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ دېگەندەك قىلدى، ئىشىك ئېچىلىشى ھامان ئىچىگە كىردى، مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەندەك يەتتە خىل رەڭلىك يىلان تېرىسىدىن كېرىلىپ، ئالتۇن ھالقىلار ئېسىلغان بىر داپنى كۆردى، داپتىن رەڭگارەڭ نۇر جۇلالىنىپ تۇراتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز داپنى ئالدى، داپ كىچىكلەپ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ سىرتقا قايتىپ چىقتى.

— داپنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇنى چالساڭلا ھەرقانداق جىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، تاكى سەن توختاشقا بۇيرۇمىغۇچە ئۇسسۇلدىن باشقا ئىشقا پۇت - قولى بارمايدۇ، ئەمدى خاسىيەتلىك قىلىچىڭ بىلەن ماڭا

ئەركىنلىك ئاتا قىل، — دېدى توققۇز باشلىق ئەجدىھادىن ئۆزگەرگەن يىگىت.

شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك قىلىچى بىلەن ئاق ئالتۇن زەنجىرنى چاپتى، زەنجىر ئۈزۈلدى، يىگىت خۇشاللىقىدا:

— ئازاد بولدۇم! — دەپ تۇۋلىغىنىچە بىرلا پىرقىرىدى - دە، ئاق ئىسقا ئايلىنىپ غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى يەنە ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ ئۇچۇپ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندە تاغ كەينىدىن يەنە بىر غارنى تاپتى، غار ئىشىكىنى ئۈچ باشلىق، توققۇز بىلەكلىك بىر دىۋە ساقلاپ ياتاتتى.

دىۋە ئۇلارنى كۆرۈپلا بىر بېشىدىن سۇ، بىر بېشىدىن ئوت پۈركۈپ، يەنە بىر بېشىدىن بوران چىقاردى، توققۇز قولىدا قاياقتىن ئالغىنى نامەلۇم، ئۆيدەك - ئۆيدەك يوغان تاشلارنى توختىماي ئاتقىلى تۇردى.

ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۇچار گىلەم دەرھال چېكىندى، ئۈچ باشلىق دىۋە تىنچلاندى .

شاھزادە نۇرئەزىز يىراقتا تۇرۇپ تۇۋلىدى:

— ئەي دىۋە! غاردىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلگەن ئادەمزاتمەن، ماڭا يول بەر.

— ئىشەنمەيمەن! — دېدى دىۋە تۇۋلاپ، — ئەگەر خاتالاشسام جېنىمدىن جۇدا بولىمەن، ئادەمزاتنىڭ بۇ ئىقلىمغا كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاچچىقلىنىپ، ئۈچ تال ئوقنى خاسىيەتلىك ياغا بەتلەپ، دىۋىنىڭ ئۈچ بېشىنى كۆزلەپ ئاتتى، ئەمما دىۋە ئوقلارنى ئۈچ قولىدا تۇتۇۋالدى - دە، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، پۇرىدى، ئاندىن تۇۋلىدى:

— راست ئادەمزات بولساڭ كېلىۋەر، ساڭا زىيان - زەخمەتتىم يەتمەيدۇ، بۇ ئوقيانى ساڭا كىم بەرگىنىنى بىلدىم ھەم ئۇنىڭدىن ئادەمزات پۇرىقىنى سەزدىم.

شاھزادە نۇرئەزىز خۇرسەن بولۇپ غار ئالدىغا باردى، دېۋىنىڭ بىر پۇتىمۇ ئاق ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئىشىككە بەند قىلىنغىنىنى كۆردى.

— ئىشىك ھالقىسىنى 12 قېتىم قاققىن، — دېدى دېۋە.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكنى 12 قېتىم قاقتى، ئىشىك ئېچىلدى، ئىچىگە كىرىپ مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇرغان بىر ئالتۇن كانايىنى كۆردى، قولىغا ئالغانىدى، كىچىكلەپ قوينىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ سىرتقا چىقتى.

— كانايىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ساڭا تەھدىت پەيدا قىلغان ھەرقانداق دېۋە كانايىنى چالساڭلا تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، تاكى سەن ئەسلىڭگە قايت دېمىگۈچە قېتىپ تۇرۇۋېرىدۇ، ئەمدى خاسىيەتلىك قىلچىڭ بىلەن ماڭا ئەركىنلىك ئاتا قىل، — دېدى دېۋە.

شاھزادە نۇرئەزىز خاسىيەتلىك قىلىچى بىلەن ئۇنى زەنجىردىن ئازاد قىلدى. دېۋە:

— ئازاد بولدۇم! — دەپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قۇيۇنغا ئايلىنىپ غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز يەنە ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ، ئۈچار گىلەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يەنە شۇ تاغنى ئايلىنىپ ئۇچتى، ئاخىر تاغنىڭ يەنە بىر چېتىدىن ئۈچىنچى غارنى تاپتى، غار ئىشىكنى بىر شىر باشلىق بۈركۈت بېقىپ ئولتۇراتتى.

ئۇلارنى كۆرۈپلا شىر باشلىق بۈركۈت دەھشەتلىك ھۆركىرىدى ،تاغ ھېلىلا غۇلاپ چۈشىدىغاندەك تەۋرەپ كەتتى، ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ، يەر يۈزىنى ئوت قاپلىدى، بىر تەرەپتىن گىگانت چايانلار، يەنە بىر تەرەپتىن غايەت چوڭ ئۆمۈچۈكلەر قۇيۇندەك چېپىشىپ كەلدى.

ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۈچار گىلەم دەرھال كەينىگە ياندى، خېلىلا يىراقلاشقاندىن كېيىن ئوت ئۆچۈپ، چايان - ئۆمۈچۈكلەر غايىب بولدى، چاقماق چۈشۈشمۇ توختاپ، تاغمۇ، شىر باشلىق بۈركۈتمۇ تىنچلاندى.

— ياپىر! — دېدى ئۈچار گىلەم، — بۇ كاساپەت ھەممىدىن يامىنىكەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇ مۇشۇ ئىشكنى ساقلىغۇچى مۇئەككەل ئىكەن، ھامان ئىشكنى ئېچىشقا ياردەم قىلىدۇ، — ئاندىن ئۇ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى، — ھۆكۈما ساڭا سالام ئېيتتى، مەن ئامانەتنى ئېلىشقا كەلگەن ئادەمزات، ماڭا يول بەر.

— راستلا ئادەمزات بولساڭ كېلىۋەر، — دېدى شىر باشلىق بۈركۈتمۇ توۋلاپ، — مەن پۈركۈگەن ئوت ئادەمزاتقا كار قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە ئوت پۈركۈدى، غارغا بارىدىغان يول ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى.

شاھزادە نۇرئەزىز تەمتىرىمەستىن ئۈچ باشلىق شىردىن چۈشۈپ، ئوت ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئوت دېڭىزى مىسلى بىر گۈلىستان بولۇپ كۆرۈندى، سالقىن شامال ئۇنى سۆيۈپ قارشى ئالدى.

— مەرھابا! — دېدى شىر باشلىق بۈركۈت ئۇ غار ئالدىغا يەتكەندە، — مىڭ يىل مۇقەددەم ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىدىم، كېيىن جازادىن خالاس قىلىش بەدىلىگە بۇ يەرنى ساقلاشقا ماقۇل بولدۇم، كېلىشىمدىن ئۇمىدىم يوق ئىدى، جاسارىتىڭگە قايىلمەن يىگىت، ئەمدى غار ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى 18قېتىم قاققىن، ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالمىسۇن، ئىچىدە ئامانىتىڭ سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئالغاندىن كېيىن مېنى زەنجىردىن بوشات.

ئۇنىڭ بىر پۇتىمۇ ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئىشىككە بەند قىلىنغانىدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىك ھالقىسىنى 18قېتىم قاقتى، ئىشىك ئېچىلدى، مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇرغان بىر نەيىنى كۆردى، ئۇنىڭدىن پارلاق نۇر چېچىلىپ، قاراڭغۇ غارنى يورۇتۇۋەتكەنىدى، نەيىنى قولىغا ئالغان ھامان ئۇ كىچىكلەپ، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىكتىن چىقىپلا شىر باشلىق بۈركۈتنى زەنجىردىن ئازاد قىلدى.

— نەيىنى چالساڭلا ساڭا خەۋپ يەتكۈزىدىغان غەلىتە مەخلۇق، چەرەندە - پەرەندىلەر ھەممىسى ئۇخلايدۇ، — دېدى شىر باشلىق بۈركۈت، — تاكى سەن ئويغان! دېمىگۈچە ئۇتتا كۆيۈپ، كاۋاپ بولۇۋاتسىمۇ ئويغانماي ئۇخلايدۇ، خەير - خوش، ساڭا ئامەت

تىلەيمەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا قاناتلىرىدا بوران چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز كەينىگە ياناي دېيىشىگە، ئاق تاغ تۇيۇقسىز ۋاققىدە يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈندى، ئارىسىدىن بىر پەرىزات چىقىپ شۇنداق دېدى:

— ئەمدى كۈنپېتىش تەرەپكە بېرىڭلار، پېرىخونلار ئانىسى سوغۇق قۇتۇپتىكى مەخپىي ئوردىدا يېڭى سېھىر - ئەپسۇن پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش، مەلىكە دىلئارام بولسا كۈنچىقىش تەرەپتىكى قىزىلتاغ غارىدىكى خىرۇستال تاۋۇتتا، ئۇنى ئېلىپلا قېچىڭلار، ئۈچ ئەڭگۈشتەر پېرىخونلار ئانىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىدۇ، قالغىنى تەلەي - پېشانەڭلەرگە باغلىق.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ غايىب بولدى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ، ئۇچار گىلەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

— مېنىڭ بېرىشىم زۆرۈرمۇ؟ — سورىدى ئۇچار گىلەم ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — دوستلار كۆپ بولسا كۈچ ئۈلغىيىدۇ، دۇچ كەلگەن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىشمۇ ئاسان بولىدۇ، ئەگەر خالىمىساڭ بارمىساڭمۇ بولىدۇ.

— بارىمەن، — دېدى ئۇچار گىلەم، — مېنى نەرسە - كېرەك ئورنىدا كۆرمەي دوست قاتارىدا كۆرۈۋاتساڭ، سېنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارمايمەن، خىزمىتىڭدە بولالىساملا شۇ ماڭا خۇشاللىق.

ئۇلار ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ نۇرلۇق تاغقا يەتتى، نۇرلۇق تاغ يەنىلا خارابىلىشىپ، تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ئۇلار داۋاملىق ئۇچتى، توققۇز كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ، قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇرغان بىر قىزىل تاغقا يېتىپ كەلدى.

— يېتىپ كەپتۇق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — تاغقا چىقىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئوتنى ئۆچۈرۈش كېرەكمۇ - قانداق؟

— بەلكىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — قېنى، كارامىتىڭنى

كۆرسەت.

ئۈچ باشلىق شىر قىزىلتاغقا يېقىنلاشقاچ بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈدى، بىراق پۈركۈلگەن سۇ تاغدىكى ئوتنى ياغ چاچقاندەك ئۇلغايتىۋەتتى، ئارقىدىنلا يالقۇنلار ئىچىدىن ئوت ئەجدىھالار ئۇچۇپ چىقىپ ئۇلارغا ئېتىلدى.

ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۇچار گىلەم شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ دەرھال چېكىندى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي قېچىپ توختىدى، چۈنكى شۇ چاغدىلا ئوت ئەجدىھالىرىمۇ قايتقانىدى.

— بۇ ئوتقا بىرەر ئامال قىلساق بولاتتى، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر تېپىرلاپ.

— ئالدىرىما، — دېدى ئۇچار گىلەم، — بىز ئەمدى ئون - تۆت‍ئىشسىزلا تاغقا يېقىنلاپ باقايلى، بەلكىم ئوتقا سۇ پۈركۈمىسەكلا بىزگە دەخلىسى بولماس.

شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇلار يەنە قىزىلتاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، بىراق تاغقا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز يەردىن ئۈنگەندەكلا خىلمۇخىل ھايۋان باشلىق، قاناتلىق جىنلار توپى پەيدا بولۇپ، غەلىتە قوراللىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇردى، لېكىن قىلىچ ئۇرسا جىنلاردىن بىرسى ئىككى، ئىككىسى تۆت بولۇپ كۆپىيىپ بېرىۋەردى، خەۋپ كۈچەيدى، ئاخىر شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، قويندىن خىسلەتلىك داپنى ئالدى - دە، چېلىشقا باشلىدى، شۇ ھامان ئاسماندا نەغمە - ناۋا ياڭراپ، جىنلار قوراللىرىنى تاشلىدى، ھەممىسى يەرگە چۈشۈپ، قاناتلىرىنى يىغىۋېلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، سەكرەشكە باشلىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز چېلىش رىتىمىنى تېزلەتتى، جىنلارمۇ بارغانسېرى تېز سەكرەشكە، قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى.

— ئۇلارنى ھارغۇزۇپ، ھالىدىن كەتكۈزۈۋەت شاھزادە، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۇچار گىلەم خۇشال بولۇپ، — ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك، بىزنى ئاۋارە قىلالمىغۇدەك بولسۇن.

شاھزادە نۇرئەزىز داپىنى توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز چالدى، جىنلارمۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈز سەكرىدى، پىرقىرىدى، داپ چېلىنىشتىن توختىغان چاغدىمۇ ئۇلار سەكرەش - پىرقىراشتىن توختىمىدى، ئاخىر ئارىدىن گۆھەر كۆزلۈك تاج كىيگەن بىر جىن ئايرىلىپ چىقىپ، پۇت - قوللىرى ئۇسسۇلدىن توختىمىغان ھالدا قىينىلىپ تۇرۇپ يېلىندى:

— رەھىم قىلغىن شاھزادە، جىنلىرىمنى ئېلىپ كۆھىقاپقا كېتەي، ئەمدى ھەرگىز پېرىخونلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئىشلىرىڭغا كاشىلا بولمايمىز.

— بولىدۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — توختاشقا بۇيرۇق قىلاي، لېكىن بىز قىزىلتاغقا بارماقچى، مەلىكە دىلئارامنى قۇتقۇزماقچى، ماڭا بىر يول كۆرسەت.

— قىزىلتاغدا كۆيۈۋاتقىنى سېھىرلىك ئوت، — دېدى جىن، — خاتىرجەم بېرىۋېرىڭلار، ئوتنى ئۆچۈرۈش كويىدا بولمىساڭلار ياكى قورقۇپ، ئۈركۈپ يۈرمىسەڭلارلا بولغىنى، بىر تال مويىڭلارنىمۇ كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئەمما دېۋىلەر يول توسىدۇ، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، قالغىنى ماڭىمۇ نامەلۇم.

— ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز جىنلارغا ئۇسسۇلدىن توختاشنى بۇيرۇپ.

شۇ ھامان جىنلار سانسىزلىغان ئوت توچكىلىرىغا ئايلىنىپ ئۆچۈپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز يەنە ئىككى ھەمراھى بىلەن يولنى داۋام قىلدى، قىزىلتاغ ئېتىكىگە يېقىنلاشتى، شۇ چاغ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر خادا قۇيۇن پەيدا بولۇپ، قۇيۇن ئىچىدىن ھەرەڭ - سەرەڭ، بەتھەيۋەت دېۋىلەر چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا گۈمبەزدەك يوغان ئۇمۇت - گۈرزىلەر بار ئىدى، ھەممىسى بىردەك ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۈچ باشلىق شىر ئوت پۈركۈدى، ئوت دېۋىلەرنىڭ مويلىرىنىمۇ كۆيدۈرەلمىدى، بەلكى ئۇلارنى غالجىرلاشتۇرۇۋەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچ بىلەن چاپقانىدى، بىرنى چاپسا ئىككى، ئىككىنى چاپسا تۆت بولدى، ئۇلار بولسا گۈرزە - ئۇمۇتلەر بىلەن ئۇرۇپ، ئۆيدەك - ئۆيدەك تاشلار بىلەن تاشبوران قىلدى.

ئۈچ باشلىق شىر بىلەن ئۇچار گىلەم شاھزادە نۇرئەزىزنى ئېلىپ چېكىندى، دىۋىلەردىن يىراقلىغاندىن كېيىن شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال قويىندىن كانايىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى، شۇ ھامان دىۋىلەر تۇرغان يېرىدىلا تاشتەك قېتىپ قېلىشتى، تۇرغىنى تۇرغان، تاش ئېلىشقا ئېڭىشكىنى ئېڭىشكەن، ئېتىشقا تەمشەلگىنى تاش كۆتۈرۈۋالغان ھالىتىدە ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز كاناي چېلىشتىن توختىدى، ھەمراھلىرى بىلەن ئەمدى بىمالال قىزىلتاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، دىۋىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دىۋىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدىن سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، بىزنى بەندىتىن بوشات، ئەمدى سەن بىلەن دۈشمەنلەشمەيمىز، كۈھقاپقا كېتىمىز، بىزگە رەھىم قىلغىن.

— ئۇنداقتا ماڭا مەلىكەم دىلئارامنى قۇتقۇزۇش يولىنى كۆرسەت، ئاندىن سىلەرنى بەندىتىن بوشىتاي، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز.

— بىز بۇ يەردىكى غارنىڭ ئىشىكىنى بېقىشقا قويۇلغان، — دېدى دىۋىلەرنىڭ كاتتىسى، — ئىشىك ئىچىدە يەنە غەلىتە مەخلۇقلار مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىل، ئىشىككە قاراپ «قوزام، ئىشىكنى ئاچ!» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىساڭ ئىشىك ئېچىلىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز:

— ئەسلىڭگە قايت! — دەپ توۋلىدى. قېتىپ قالغان دىۋىلەر ئەسلىگە كەلدى، قورال ۋە تاشلارنى چۆرۈۋېتىپ، ھەممىسى بىر قارا بورانغا ئايلىنىپلا غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىككى ھەمراھى بىلەن بىمالال قىزىلتاغ ئۈستىگە قاراپ يول ئالدى، دىلىدا ئىسمىئەزەمنى زىكرى قىلىپ ماڭدى، ئوت كار قىلمىدى، ئەمما تاغ قاتتىق تەۋرەپ كەتتى، ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك بىر ھالەت يۈز بەردى.

ئۇلار ئاخىر بىر غار ئىشىكىگە يولۇقتى، ئىشىككە يالماۋۇز بېشى شەكلىدە قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، قۇلۇپ تۆشۈكىدىن زەھەرلىك تۈتەك- ياللۇن چىقىپ تۇراتتى.

— قوزام، ئىشىكنى ئاچ! — دەپ توۋلىدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ

قېتىم قايتىلاپ.

شۇ ھامان قۇلۇپ ئىككى پارچە بولدى، ئىشىك داراڭلاپ ئېچىلدى، ئەمما ئۇلار كىرەي دېگۈچە ئىچىدىن غەلىتە يىرتقۇچ مەخلۇقلار ۋە گىگانت ئۆمۈچۈك ـ چايانلار دۈپۈرلىشىپ، چىرقىرىشىپ، گاھىلىرى ئوت، گاھىلىرى زەھەر پۈركۈپ ئېتىلىپ چىقىشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ھەمراھلىرى دەرھال كەينىگە ياندى، ھۇجۇمدىن ئامان قالدى، شاھزادە نۇرئەزىز قېچىپ كېتىۋېتىپ، قوينىدىن خاسىيەتلىك نەينى ئالدى ـ دە، چېلىشقا باشلىدى، شۇ ھامان مەخلۇقلار تىنچلىنىپ، تۇرغان يېرىدە كۆزلىرىنى يۇمۇشۇپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

— ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر ھەممىسى زىيانداشلار.

ئۇ شۇنداق دەپ ئوت پۈركۈدى، مەخلۇقلاردىن بىرمۇنچىسىنىڭ تېنىگە ئوت تۇتاشتى، شۇ چاغ ئارىدىن ئالتۇن تاج كىيگەن ئەڭ چوڭ بىر مەخلۇق:

— رەھىم قىل ئادەمزات، ئەمدى ساڭا دۈشمەنلىك قىلمايمىز، كۆھىقاپقا، چۆللەرگە كېتىمىز، — دېدى جۆيلۈگەندەك قىلىپ.

— ئوتنى ئۆچۈر، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇلارغا رەھىم قىلايلى.

ئۈچ باشلىق شىر سۇ پۈركۈپ ئوتنى ئۆچۈردى، شاھزادە نۇرئەزىز:

— ئويغان! — دەپ تووۋلىغانىدى، مەخلۇقلار ئويغىنىشتى، جاراھەتلىرىمۇ ساقىيىپ قېلىشتى.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ كاتتىسى، — ئەمدى غارغا كىرسەڭ بولىدۇ، ئەمما بۇزۇلغان ئىشىكنى ياساپ قوي، ئاچ قالغان ئىتنى تويغۇز، باغلاقتىكى يولۋاسنى ئازاد قىل، پەقەت شۇ چاغدىلا پېرىخونلار ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەلەيسەن.

شۇ سۆزدىن كېيىنلا غەلىتە مەخلۇقلار قاياققىدۇر كېتىپ قېلىشتى. شاھزادە نۇرئەزىز غارغا كىردى، غارنىڭ تاملىرىدا يېرىم بەدىنى چىقىپ تۇرغان يىرتقۇچ مەخلۇقلار بار ئىدى، ئۇلار سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇنى

تۇتۇۋېلىشقا، چىشلىۋېلىشقا ئۇرۇندى. شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچى بىلەن ئۇلارنى يوقىتىپ ماڭدى، شۇھالدا مېڭىپ، بۇزۇلۇپ، بىر قانىتى ئاجراپ چۈشكەن ئىشىككە يولۇقتى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئىشىكنى ئوڭشاشقا كىرىشتى، كېرەكلىك پالتا ـ كەكە، مىخ ـ قۇلاپ ...... دېگەنلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ تۇردى، ئىشىك رېمونت قىلىنىپ بولغان ھامان ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ، شۇنداق سادا چىقاردى:

— بىرىڭلار كىرىڭلار، باشقىلار ياندىكى يولدىن مېڭىڭلار.

شاھزادە نۇرئەزىز يان تەرەپتە يېڭى بىر يول ھاسىل بولغىنىنى كۆردى، ئەمما يول قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە بولۇپ، قانداق خەتەر يوشۇرۇنغىنىنى بىلىپ بولمايتتى.

— مەن بۇ ئىشىكتىن كىرەي، — دېدى ئۇچار گىلەم، — سىلەر بۇ يولدىن مېڭىڭلار، ئىشلار تۈگىگەندە يەنە مۇشۇ ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىشايلى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. شاھزادە نۇرئەزىز ئۈچ باشلىق شىرغا مىنىپ، قاراڭغۇ يولغا ماڭدى، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ يالتىرىغان نۇرىدا يولنى يورۇتۇپ ماڭدى.

تامغا ساھىبجامالنىڭ نازلىق كۈلۈپ تۇرغان سىماسىمۇ، يالماۋۇزلارنىڭ بەتبەشىرە قورقۇنچلۇق باشلىرىمۇ نەقىشلەنگەنىدى، ئۇلار بىردىنلا سىرلىق ھېجىيىشتى، شاھزادە نۇرئەزىز بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلاشقاندەك ھېس قىلىپ، دەرھال ئىسمىئەزەمنى ئوقۇدى، ئەسلىگە كەلدى. شۇنداق مېڭىپ بىر غالجىر ئىت بېقىپ ياتقان ئېغىزغا كەلدى، ئىت قورايدەك ئورۇق بولۇپ، ھالسىزلىقىدىن قوپالمايتتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇنىڭغا يەم بېرىشنى ئويلاپ، ئەتراپقا قارىدى، لېكىن بەرگۈدەك نەرسە يوق ئىدى.

— چىمچىلاق ـ چىمچىلاق! — دەپ قاۋىدى ئىت بوشقىنە.

شاھزادە نۇرئەزىز سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن سول قولىنىڭ چىمچىلىقىنى كېسىپلا ئىتقا تاشلاپ بەردى، ئەمما ئۆزى ئازابتىن ئىڭرىۋەتتى.

ئىت چىمچىلاقنى كاپ قىپلا يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن تۇلۇمدەك سىمىز، ئوينىاقشىپ تۇرىدىغان بىر ھەيۋەتلىك ئىتقا ئايلاندى - دە:

— ساقلا! — دەپ قويۇپلا، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى، بىرھازادىن كېيىن بىر شاخنى چىشلەپ چىقتى، شاختا بىر تال كۆپكۆك ئالما بار ئىدى.

— يېگىن، — دەپ قاۋىدى ئىت.

شاھزادە نۇرئەزىز ئالمىنى يېدى، شۇ ھامان چىمچىلاق بارمىقى ئەسلىگە كېلىپ، تېنىدە جاراھەت ئىزى قالمىدى، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى.

— بۇ ئېغىزدىن بىرىڭلار كىرىڭلار، — دېدى ئىت، — يەنە بىرىڭلار بۇ تەرەپكە مېڭىڭلار.

شاھزادە نۇرئەزىز ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، يېڭىلا پەيدا بولغان بىر يولنى كۆردى.

— بۇ ئېغىزدىن سەن كىرگىن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىرغا، — بۇ يولدىن مەن ماڭاي.

ئۈچ باشلىق شىر ئېغىزدىن كىرىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز ئىت كۆرسەتكەن يولغا ماڭدى.

ئۇ يولغا كىرگەن ھامان ئۈستىدىن تاش تۆكۈلۈپ، ئىككى تەرەپتىن قاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىلا تاغ گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز بار كۈچى بىلەن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئالدىدا كۆرۈنگەن بىر ئېغىزغا ئۆزىنى ئاتتى، يول تاش - توپا بىلەن تولۇپ، ئېتىلىپ قالدى.

— يائاللا! — دېۋەتتى ئۇ، — تاسلا قاپتىمەن شۇ يولنى گۆر قىلىپ ياتقىلى.

ئاندىن ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالدى، بىر ئۆڭكۈرگە چىقىپ قالغانىدى، نېرىدا بىر چوڭ يولۋاس ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ تۇراتتى.

— سېنى ئازاد قىلغىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ قورقماستىن يولۋاسقا يېقىنلاپ.

يولۋاس بويىندىكى ئالتۇن زەنجىرنى شاراقلىتىپ بىر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇردى، زەنجىر ئۆڭكۈر تېمىدىكى بىر ھالقىغا بېكىتىپ قويۇلغانىدى، قىلىچ بىلەن زەنجىرنى چاپتى، زەنجىر تۇتەك بولۇپ غايىب بولدى.

— رەھمەت ساڭا! — دېدى يولۋاس، — پېرىخونىنىڭ كۆچۈكى بولۇپ بۇ ئۆڭكۈردە ياتقىنىمغا ئۇزاق زامانلار بولغانىدى، ئەمدى ئەركىن بولدۇم. شۇنداق دەپ ھالقا بېكىتىلگەن تامغا پەنجە ئۇردى، تام قاراسلاپ يېرىلىپ، بىر يول ئېچىلدى.

— بۇ يولدىن كىرگىن،— دېدى يولۋاس،— ئېسىڭدە بولسۇن، ھەرقانداق جانىۋار ئەركىنلىكنى قەدىرلەيدۇ ،سەن ئۇ تەرەپكە چىقىپ كېتىۋالغاندىن كېيىن، مەنمۇ يەنە بىر تەرەپتىن يول ئېچىپ، يورۇق جاھانغا چىقىپ كېتىمەن، خەير - خوش.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى ئۆزىنى بىر گۈمبەز تورۇسلۇق سارايدا كۆردى، ساراي ئاجايىپ ئېسىل - شاھانە بېزەلگەن بولۇپ، تاملارنىڭ بىر خىشى ئالتۇندىن، بىر خىشى كۈمۈشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئاجايىپ گۈل - نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغانىدى، نەچچە يۈزلىگەن قەپەسلەر تورۇسقا ئېسىلغان، ھەممىسى ئالتۇندىن ياسالغان ۋە گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەنىدى، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئىچىدە بىر - بىردىن كۆرۈمسىز قۇشلار شۈمشىيىپ تۇراتتى، بىرسىمۇ ئالتۇن قاچىدىكى دان بولسۇن ياكى گۆھەر قاچىدىكى سۇ بولسۇن ھېچبىرىگە پەرۋا قىلمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە، توققۇز پۇتاقلىق ئالتۇن قونداقتا پۇتلىرىدىن قونداققا زەنجىرلەنگەن، بويىنغا بىردىن ئاچقۇچ ئېسىلغان توققۇز قاغا بار ئىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ھەيرانلىق ئىلكىدە ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىۋېتىپ، سىنچىلاپ قارىمسا بىلگىلى بولمايدىغان بىر رەت توققۇز ئىشكنى كۆردى، ھەممىسىگە گۆھەر قۇلۇپلار سېلىنغان، قۇلۇپلاردا سىرلىق ھېجىيىپ تۇرغان چىرايلار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

«قاغىلارنىڭ بويىندىكى مۇشۇ ئىشكلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى شاھزادە نۇرئەزىز. ئاندىن ئۇ تەختكە

يېقىنلاشتى، شۇ ھامان تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى شىر سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال قىلىچى بىلەن تاقابىل تۇردى، ئەمما قىلىچ شىرلارغا ئۇرۇلغاندا خۇددى ھاۋاغا چېپىلغاندەكلا بىر ئىش بولۇپ كار قىلمىدى، ئامالسىز ئۇ قىلىچنى تاشلاپ شىرلارنىڭ گېلىدىن ئالدى، شىرلارمۇ ئالماستەك تىرناقلىرى بىلەن ئۇنى تىتما - تىتما قىلىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ تېنى يىگىنىنىڭ ئۇچىچىلىكمۇ زېدە بولمىدى، ئاخىر شىرلار كىچىكلەپ، كىچىكلەپ چاشقاندەك بولۇپ، تامنى تېشىپ كىرىپ غايىب بولدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى قاغىلارغا يېقىنلاشتى. قاغىلار بىردىنلا بەتبەشىرە يالماۋۇزغا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا تاشلاندى، ئارىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى، قىلىچ ئۇرۇلغاندا خۇددى ھاۋانى كېسىپ ئۆتكەندەك يالماۋۇزلارنىڭ تېنىنى كېسىپ ئۆتتى، لېكىن يالماۋۇزلار ھېچنېمە بولمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر چىش - تىرناقلىرى ھەم شاھزادە نۇرئەزىزغا كار قىلمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئاخىر بۇنداق نەتىجىسىز جەڭدىن زېرىكىپ، يالماۋۇزلارغا:

— سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمەن، ئاچقۇچنى ماڭا بېرىڭلار، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

يالماۋۇزلار دەرھال قاغا قىياپىتىگە كىرىپ، بىرھازا قاقىلدىشىپ، مەسلىھەتكە چۈشتى، ئاندىن ئىشەنمىگەندەك باش چايقاشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچى بىلەن ئۇلار بەند قىلىنغان زەنجىرلەرنى چاپتى، ئالتۇن زەنجىرلەر ئالتۇن رەڭلىك تۇتەككە ئايلىنىپ، غايىب بولدى، قاغىلار ئازاد بولدى.

— ئالتۇن ئاچقۇچلارنى ساڭا بەرسەك بىز جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز، بەرمىسەك ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرالمايمىز، — دېدى قاغىلار، — سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار.

— جېنىڭلارغا زامىن بولىدىغان ئىش بولسا ئالتۇن ئاچقۇچلاردىن كەچتىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بۇ ئىشكىلەر كەينىدە نېمە

بارلىقنى بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشىكلەردىن كىرىشىم كېرەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئامال قىلارمەن، سىلەر كېتىڭلار.
— مەردىكەنسەن، — دېدى قاغىلار قاقىلداپ، — بىلىپ قوي، بۇ ئىشىكلەردىن كىرسەڭ پېرىخونلار ئانىسىنىڭ جان قۇشىنى تاپسەن، بىراق ئاچقۇچسىز كىرەلمەيسەن، بىز پېرىخونلار ئانىسىنى يوقىتىشىڭ ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا رازى، ئاچقۇچلارنى ئال.
— ياق! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — پېرىخونلار ئانىسىنى ھامان بىر كۈنى يوقىتىمەن، سىلەرنى قۇربان قىلىشىم ھاجەتسىز، تېز كېتىڭلار.
قاغىلار يەنە بىر-بىرىگە قاراشتى، بىرھازا قاقىلداشقاندىن كېيىن ئارىدىن بىرسى بوينىدىن ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ تاشلىدى، شۇ ھامان ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كەتتى.
— ساڭا ياردەم قىلىش قارارىغا كەلدۇق، توققۇز ئىشىكتىن بىرسىگىلا كىرىسەن، — دېدى قالغان سەككىز قاغا، — ئەگەر پېرىخونلار ئانىسىنى يوقىتالىساڭ، ھازىر تاشقا ئايلىنىپ قالساقمۇ كېيىن ئەسلىمىزگە كېلىمىز، ياخشى ئاڭلا، ئاشۇ بىر تال ئاچقۇچنىلا ئال ھەم شۇ ئاچقۇچ چۈشىدىغان قۇلۇپنىلا ئاچ، قالغان ئاچقۇچلارغا تەگمە، قالغان سەككىز قۇلۇپقا، ئىشىكلەرگە چېقىلما، ئۇلارغا چېقىلساڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ، ئوڭدىكى بىرىنچى ئىشىكتىن باشلاپ، توققۇزىنچى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە، ئاندىن توققۇزىنچى ئىشىك ئالدىدىن يەنە بىرىنچى ئىشىك ئالدىغىچە توختىماي ماڭ، ھەر قەدەمدە بىردىن سانا، 40 - ساناقتا قايسى ئىشىك ئالدىدا توختىساڭ شۇ ئىشىكتىكى قۇلۇپقا ئاچقۇچنى سال، ئىچىگە كىرسەڭ پېرىخونلار ئانىسىنىڭ جان قۇشى بار.
شۇنداق دەپ ئۇلارمۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتتى، شاھزادە نۇرئەزىز يەردىكى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئالدى، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك ئالدىدىن باشلاپ ماڭدى، 40- قەدەمدە سەككىزىنچى ئىشىك ئالدىدا توختىدى، ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالدى، ئىشىك ئېچىلدى، ئىچىگە كىردى، بىر گۈلباغقا چىقىپ قالدى، باغدىكى گۈللەرنىڭ گۈل بەرگلىرى ياقۇتتىن، غولى كۈمۈشتىن ۋە ياپراقلىرى ئالتۇندىن ياسالغانىدى؛ گۈللەر ئارىسىدا

سەككىز قۇشقاچ توختىماي ئۇچۇپ يۈرەتتى؛ شاھزادە نۇرئەزىز بۇلارنىڭ پېرىخونلار ئانىسىنىڭ جان قۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى بۇ باغدا ئۇلاردىن باشقا ئۇچار قانات يوق ئىدى.

بىراق، ئۇ قانداق تەدبىر قوللانسۇن بۇ قۇشقاچلارنى تۇتالمىدى ياكى ئېتىپ چۈشۈرەلمىدى، بەلكى ھەر ئوق ئېتىلغاندا قۇشقاچلار كىچىكلەپ، ئاخىر چىۋىندەك بولۇپ قېلىشتى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز سىرتقا چىقتى، تورۇستىكى قەپەسلەرگە بەند قىلىنغان قۇشلارغا كۆزى چۈشتى.

— سىلەرنى ئازاد قىلاي، — دېدى، — ماڭا گۈلباغدىكى كىچىك قۇشقاچلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپ ئۈمىد بىلەن قەپەسلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئازاد بولغان قۇشلار گۈلباغقا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىشتى ،چىۋىندەك كىچىكلىۋالغان قۇشقاچلارنى قوغلاپ سۈر - توقاي قىلىپ، ئاخىر ھەممىسىنى تۇتۇپ چىقىشتى، شاھزادە نۇرئەزىز بۇلارنى ھەمىنىنغا سېلىپ ئاغزىنى بوغۇۋەتتى.

شۇئان ئازاد بولغان قۇشلار ئۆزىنى بىر تەرەپتىكى تامغا ئۇردى، تام يېرىلىپ بىر يول ئېچىلدى.

— پېرىخونلار ئانىسىنىڭ تۇتقۇنلىرى ئىدۇق، بىزنى ئازاد قىلدىڭ، رەھمەت ساڭا، — دېدى قۇشلاردىن بىرى، — ئەمدى بىزگە ئەگىشىپ بۇ يەردىن چىقىۋال، بولمىسا سولىنىپ قالىسەن.

شاھزادە نۇرئەزىز قۇشلارغا ئەگىشىپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى، توپتوغرا بىر كېچە - كۈندۈز يۈگۈرۈپ يولۇۋاس ئۆڭكۈرىگە چىقتى، قۇشلار يەنە ئۆڭكۈرنىڭ يەنە بىر تېمىغا ئۇرۇلدى، بىر يول ئېچىلدى، شاھزادە نۇرئەزىز قۇشلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ، بۇ يولدىنمۇ ئۆتۈپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ھېلىقى ئىشىك ئالدىدا ساقلا، — دېدى ئىت، — دوستۇڭ ھېلىلا چىقىدۇ.

شاھزادە نۇرئەزىز ئىشىك ئالدىغا باردى، قۇشقاچلار غاردىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئۇلار پېرىخونلار ئانىسى بەند قىلىۋالغان دىۋە - پەرى، جىنلارنىڭ جان قۇشقىچى، — دېدى ئىشىك، — ئۇلار ئەمدى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدى، پېرىخونلار ئانىسىنىڭ كەتمىنىنى چاپمايدىغان بولدى، سەن بۇيەردە ساقلا، دوستۇڭ ھېلىلا چىقىدۇ.

ئەمدى سۆزنى ئۈچ باشلىق شىردىن ئاڭلىماق كېرەك. ئۇ ئىت بېقىپ تۇرغان ئېغىزدىن كىرگەن ھامان ئىككى تەرەپتىن ئوت پۈركۈلۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈشكە ئۇرۇندى، ئۇ توختىماي سۇ پۈركۈپ مېڭىپ كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلاندى، ئاخىر بىر گۈلباغقا چىقتى، گۈلباغدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان ۋە دەرەخلەردە مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىدى، بۇلاقلاردىن باشلانغان سۈزۈك تاراملار ھەر تەرەپكە شىلدىرلاپ ئاقاتتى، ئالتۇنبېلىقلار پىلتىڭلاپ ئويناشسا، دەرەخلەردە قۇشلار چاڭلداپ سايرىشىپ تۇراتتى.

ئۈچ باشلىق شىر بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولۇپ، ئارىلاپ سەيلە قىلدى، كېتىۋېتىپ مېۋىلەردىن تېتىپ باققۇسى، بۇلاق سۇلىرىدىن ئىچكۈسى كەلدى.

ئەمدىلا بىرتال مېۋىنى ئۈزەي دېيىشىگە، قۇلاق تۈۋىدە ئىتنىڭ قاۋىشى ئاڭلاندى:

— ھېچنېمە يېمە، ئىچمە، كۆك ئالما دەرىخنى تېپىپ يۇلۇۋەت.

ئۈچ باشلىق شىر ئىككىلىنىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھېلىقى مېۋە غالجىر ئىتتەك ئۇنى چىشلىۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئۈچ باشلىق شىر دەرھال ئۆزىنى تارتىۋالدى.

ئەمدى ھەر تەرەپلەردىن غالجىر ئىتلارنىڭ قاۋىشى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشى، يىلاننىڭ كۇشۇلدىشى ...... خىلمۇخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى .

ئارقىدىنلا دەرەخلەردىكى مېۋىلەر ئىت، بۆرە، يولۋاس...... لارنىڭ باشلىرىغا، گۈللەر بولسا يىلان - چايان، ئۆمۈچۈكلەرگە، بۇلاق سۈيى قان - يىرىڭ، زەردابقا، ئالتۇنبېلىقلار يىرگىنىشلىك يالماۋۇز باشلىق بېلىقلارغا ئايلاندى، ئۈچ باشلىق شىر دەسسەپ تۇرغان يەردىكى ئوت-چۆپلەرمۇ زەھەرلىك يىلانلارغا ئايلىنىپ، ئۇنى چىشلەشكە

ئۇرۇندى.

— ياپىرا! — دېدى ئۇچ باشلىق شىر قاتتىق سەراسىمگە چۈشۈپ، — بۇ يەردە جاننى سەپ بېرەمدىم - نېمە؟

ئۇ شۇنداق دەپ دەرھال ئۇچ بېشىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوت، سۇ، شامال چىقىرىپ، يىرتقۇچلارنىڭ باشلىرىنى، يىلان - چايان، ئۆمۈچۈك-لەرنى كۆيدۈرۈپ، كۆلنى كۆككە سورۇدى، زەھەر پۈركۈشكە تەييارلان-غان يالماۋۇز باشلىق بىلىقلارنى يوقاتتى، ئەمما بۇ زىيانداشلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ۋاقىت كەتتى، ئاندىن ئېچكىرىلەپ ماڭدى.

ئاخىر ئەجدىھا نەقىشلىك ئالتۇن رىشاتكىلار بىلەن ئەتراپى توسۇلغان بىر دۈمبەلچەككە كەلدى، دۈمبەلچەكتە بىر تۈپ ئالما بولۇپ شاخ - شېخىدا كۆتۈرەلمىگۈدەك كۆپ، ئەمما كۆپكۆك ئالملار ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئۈچ باشلىق شىر ئالمىلارنىڭ بوۋاقلاردەك ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلىدى، ھەر ئالمىدا بىردىن بوۋاقنىڭ ئوماققىنە چېھرى زاھىر بولدى.

بۇلارغا قاراپ ئۇنىڭ بۇ ئالما دەرىخىگە زىيان يەتكۈزگۈسى كەلمىدى، شۇ چاغ قۇلاق تۈۋىدە ئىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تېز بول! بۇ پېرىخونلار ئانىسىنىڭ ھاياتلىق دەرىخى، بۇ دەرەخلا بولىدىكەن، ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ، ھەربىر تال ئالما ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھاياتلىق بېغىشلايدۇ، تېز ئۇنى يۇلۇپ، يىلتىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەت.

ئۈچ باشلىق شىرغا ئەمدى ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، كەينىگە بۇرۇلۇپ بولۇپ، كىرگەن چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ، يەنە ھوشىنى يىغدى- دە، ئالما كۆچىتى تەرەپكە ئېتىلدى، رىشاتكىدىكى ئەجدىھا نەقىشلىرى راست ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ھۇجۇم قىلدى، ئۈچ باشلىق شىر ئېلىشىپ، چىشلىشىپ، ئوت پۈركۈپ، سۇ پۈركۈپ، شامال چىقىرىپ، ساق بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشتى، ئاخىر ئەجدىھالارنى ھالاك قىلدى، ئاندىن ئالما دەرىخىنى يۇلۇشقا باشلىدى، ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭغا تاغ يۆتكەشتىنمۇ ئېغىر كەلدى، چۈنكى ئۇنى ئەجدىھا

يارىلاندۇرغانىدى.

— ئالمىدىن بىرنى ئۈزۈپ يېگىن، — يىراقلاردىن ئىتنىڭ شۇنداق دېگىنى ئاڭلاندى.

ئۈچ باشلىق شىر ئالمىدىن بىرنى ئۈزدى، شۇ هامان ئالمىدا ئەكس ئەتكەن بوۋاقنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چېھرىمۇ، ۋىلىق - ۋىلىق كۈلكىسىمۇ يوقىدى، ئۈچ باشلىق شىر ئىككىلەنمەي ئالمىنى ئاغزىغا سالدى، شۇ هامان ۋۇجۇدى تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچكە تولۇپ، جاراھەتلىرى سەللىمازا ساقايدى.

ئۇ ئەمدى كۆزىنى يۇمۇپ، ئالما كۆچىتىگە قول سالدى، قۇلىقىغا بوۋاقلارنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى، بىراق ئۇ ھېچنېمىگە قۇلاق سالماي زورۇقۇپ تۇرۇپ دەرەخنى يۇلدى، شۇ هامان ئالمىلار يالماۋۇز باشلارغا ئايلىنىپ قالدى، ئاندىن ئۈچ باشلىق شىر ئوت پۈركۈپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇدى، شۇھامان گۈلباغ ئىچىنى ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنى قاپلاپ، نەچچە كېچە - كۈندۈز كۆيدى، ئۈچ باشلىق شىر سۇ پۈركۈپمۇ يول ئاچالماي، ئوت ئۆزى ئۆچكۈچە سەۋر قىلدى، ئاندىن قاپقارا كۈل دۆۋىلىرى ۋە قۇرۇپ قاغجىراپ، چاك - چاك يېرىلغان ئېقىنلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كىرگەن يولى بىلەن ئىتنىڭ ئالدىغا، يەنە ئىشىك ئالدىغا چىقتى، شاهزادە نۇرئەزىز بىلەن دىدارلاشتى.

ئەمدى سۆزنى ئۇچار گىلەمدىن ئاڭلىماق كېرەك. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن هامان ئالماس ئۇچلۇق نەيزە، مىسران قىلىچلارغا يولۇقتى، هودۇقۇپ بىر چىۋىنگە ئايلاندى - دە، قىلىچ - نەيزىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇچۇپ، ساپساق بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن بىر جاڭگالغا چىقتى، جاڭگال هاۋاسى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسسىق تەپتىدە تاشلىرى يېرىلىپ، پارتلاپ، تېرىقتەك چېچىلىپ تۇراتتى، پات-پات ئۇيەر، بۇيەردىن گۈررىدە ئوت يېنىپ، ئاسمان - پەلەك يالقۇنلاپ كېتەتتى، شىددەتلىك قارا قۇيۇنلار قىزىق توپىلارنى سورۇيتتى.

ئۈچ باشلىق شىر خەتەر ئىچىدە ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرگە نېمشقا كىرىدىغىنىنى سورىۋالمىغىنى ئۈچۈن، گاڭگىراپلا قالدى.

ئۇ بۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزىگە ھالاكەتلىك تەقدىر ئېلىپ كېلىدىغىنىنى ھېس قىلىپ، توختىماي ئۇچتى، ئۇچ كېچە-كۈندۈز ئۆتكەندە ئاخىر ھاۋانىڭ سالقىنلاپ بېرىۋاتقىنىنى سەزدى، ئانچە ئۇزاقتا بارمايلا يېشىللىققا پۈركەنگەن بىر چىمەنزارلىققا كەلدى، ئەمما چىمەنزارلىقتا ئاجايىپ چوڭ يىلانلار ۋە چايانلار گۈللەر سايىسىدا سوزۇلۇشۇپ ياتاتتى، قورقۇنچلۇق يىرتقۇچ قۇشلار گۈل شاخلىرىغا قونۇشۇۋالغانىدى، ئاسمىنىدا ئۇچار ئەجدىھالار ئەگىشىپ يۈرەتتى، چىمەنزار ئوتتۇرىسىدا بولسا ۋالىلداپ نۇر چاقنايتتى.

«ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ:«يەم بىلەن چىمەنزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بېقىشىم كېرەك».

شۇ ئوي بىلەن ئۇ كىچىككىنە بىر قۇرتقا ئايلىنىپ، يەرنى تېشىپلا كىرىپ كەتتى، بىراق يەنە تېزلا يەر يۈزىگە چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى يەر ئاستىدا يىرگىنىشلىك قۇرت - قوڭغۇزلار مىغىلداپ يۈرەتتى.

«قانداق قىلاي؟» ئۇ ئامال تاپالماي كۆپ ئويلاندى، ئاخىر چىمەنزار تەرەپكە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بىر چايانغا كۆزى چۈشتى.

«توغرا، دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە» نىمىشقا سىناپ باقمايمەن.

شۇ خىيال بىلەن ئۇ بىر كىچىك قارا چايانغا ئۆزگەردى، ئېھتىيات بىلەن چىمەنزارغا يېقىنلاشتى، چىمەنزاردىكى ۋەھشىي مەخلۇقلار بىر خەۋپنى سەزگەندەك پاراكەندە بولۇشتى، ئەمما نېمىلىكىنى بىلمەي، ئاخىر تىنچىپ قېلىشتى. ئۇچار گىلەم يەنە ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرىلىدى، ۋەھشىي مەخلۇقلار يەنە پاراكەندە بولۇشۇپ كەتتى، لېكىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا قارىمىدى، ئۇچار گىلەم ئۇلارنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئەمدى بىمالال يۈرۈپ كەتتى، پاراكەندە بولۇپ، دۈشمىنىنى تاپالماي غالجىرلاشقان ۋە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان يىلان- چايانلار ئارىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ،چىمەنزار ئوتتۇرىسىغا يەتتى، بۇيەردە ئالتۇن -كۈمۈش خىشلاردىن قوپۇرۇلۇپ، گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن بىر گۈمبەزنى كۆردى، ۋالىلداپ نۇر چاقناپ تۇرغىنى شۇ گۈمبەز ئىدى.

ئۇ ئەمدى يەنە ئېھتىيات بىلەن گۈمبەزنى ئايلىنىپ چىقتى، بىر

تەرەپتە مەھكەم يېپىلغان بىر ئىشىكنى كۆردى.

— قانداق كىرەرمەن؟ — شۇنىڭدىن ئۆز - ئۆزىگە .

— بۇزۇلغان ئىشىك ئوڭشالدى، ساڭا سالام ئېيتتى دېگىن، — دېگەن سادا كەلدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقلاردىن .

ئۇ خۇشاللىق بىلەن ھازىر ئاڭلىغانلىرىنى تەكرارلىدى، شۇ ھامان ئىشىكتە بىر يېرىق پەيدا بولدى، ئۇ خۇشاللىق بىلەن يېرىق ئارقىلىق گۇمبەزگە كىرىۋالدى. يېرىق غايىب بولدى، ئۇ گۇمبەز ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەختنى، تورۇستىكى قونداقتا ئۇخلاپ ئولتۇرغان بىر قارا قۇشنى كۆردى، ئاستاغىنە تەخت ئۈستىگە چىقتى، تەختتە ھۆسن- جامالى قۇياشتەك پارلاپ نۇرلىنىپ تۇرغان، سەرۋى قامەتلىك بىر پەرىزات شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى.

— پاھ! — دېۋەتتى ئۇچار گىلەم زوقلىنىپ، — ئۇ ھەقىقەتەن جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل دېگەن شەرەپكە مۇناسىپ كەلگۈدەك، پەرىزاتلار ياكى مەلىكىلەردىن بولسۇن ھېچبىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك، كىرگىنىم بىكار كەتمەپتۇ، بۇ چوقۇم شاھزادىنىڭ ئىزدەپ يۈرگەن مەھبۇبىسى، ئۇنىڭ شۇنچە خەتەر - مۇشكۈلاتلارغا تەۋەككۈل قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشى ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەن.

ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز قونداقتىكى قارا قۇش ئويغىنىپ پەرياد كۆتۈردى:

— ھەي! دۈشمەن گۇمبەزگە كىرىۋاپتۇ، ئۇنى تۇتۇڭلار!

شۇ ھامان گۇمبەز ئەتراپىدىن دەھشەتلىك قىيقاس - چۇقانلار ئاڭلىنىپ، گۇمبەز تەۋرەپ كەتتى، ئىشىك جالاقلاپ ھېلىلا ئېچىلىپ كېتىدىغاندەك بىر ھالەت يۈز بەردى.

— تېز قارا قۇشنى يوقات! — شۇنداق سادا كەلدى ئىشىكتىن.

ئۇچار گىلەم دەرھال بىر ئۇچار مۇشۇككە ئايلىنىپ، قارا قۇشنى قوغلىدى، ئاخىر تۇتۇۋېلىپ، بىر چىشلەپلا بېشىنى ئۈزۈۋالدى، شۇ ھامان جاھان تىنچلىنىپ قالدى.

— تاۋۇتنى ئېچىپ، ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت،— دېدى ئىشىك.

ئۆچار گىلەم تاۋۇتنى كۆتۈردى، مەلىكە ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى.

— مەن قەيەردە؟ — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ، — قانداقىسىگە يەنە تاۋۇتقا كىرىپ قالدىم؟ ئۆچار گىلەم گويا يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىغاندەك مەست بولۇپ كەتتى.

— پېرىخونلار ئانىسىنىڭ سىرلىق غارىدا، — دېدى ئىشىك جاۋاب بېرىپ، — سىزنى ئۇ قېرى جەددال بۇ يەرگە ئەكەلگەن، تېز كېتىۋېلىڭلار، هايال قالساڭلار بۇ يەردىن كېتەلمەيسىلەر.

ئۆچار گىلەم دەرهال مەلىكە دىلئارامنى ئۈستىگە ئالدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ يول بەردى.

— ئۆچار گىلەم مەلىكە دىلئارامنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، چىمەنزارنىڭ قاپقارا كۆلگە تولغانلىقىنى كۆردى، يەنە كەينىدىن گۈركىرىگەن دەهشەتلىك بىر ئاۋاز كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— يىراقتىن بىر قارا مەخلۇق ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مەلىكە دىلئارام ئەندىكىپ.

ئۆچار گىلەم سۈرئىتىنى تېزلەتتى، چىقىش ئېغىزىغىمۇ يەتتى، بىراق قىلىچ - نەيزىلەردىن خەۋپسىرەپ تۇرۇپلا قالدى.

— تېز بول، بۇياققا كېلىۋەر، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىشىكتىن، — ساڭا ئەمدى خەۋپ يوق .

ئۆچار گىلەم دەرهال ئېغىزغا كىرىپ كەتتى، كەينىدىن قارا مەخلۇق تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىپ بولدى، بىراق ئۆچار گىلەم بىلەن مەلىكىنى تۇتالمىدى، ئۆچار گىلەم بىلەن مەلىكە دىلئارام چىقىپ بولۇشى هامان، ئىشىك قارا مەخلۇقنىڭ قورقۇنچلۇق كالىلىسىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، يېپىلىپ قالدى.

شاهزادە نۇرئەزىز مەلىكە دىلئارامنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا هوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، مەلىكە دىلئارامۇ ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى راۋان قىلدى، شاهزادە نۇرئەزىزنىڭ قوينى ئالماس - مەرۋايىتقا تولدى.

— تېز كېتىڭلار، — دېدى ئىشىك، — تاغ هازىرلا گۈمران

بولىدۇ، سىلەرگە خەۋپ يەتمىسۇن.

سەنچۇ؟ — سورىدى ئۇچار گىلەم، — تېخى ئىنىڭمۇ ساڭا سالام ئېيتقانىدى، ئۇ ئىچىدە قالدى.

— سالامەت بولسۇن، — دېدى ئىشىك، — بىزدىن ئەنسىرىشىڭ هاجەتسىز، تاغ گۇمران بولسا بىز ئەركىنلىككە چىقىمىز، بىزگە زەررىچە زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ.



# تۆتىنچى باب

## ئەلۋىدا رىۋايەت دۇنياسى

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئۈچ باشلىق شىرغا مىندى، مەلىكە دىلئارام ئۈچار گىلەمگە ئولتۇردى، ئۇلار بىرلىكتە ئۇچۇپ كەتتى. تاغ بۆشۈكتەك تەۋرەشكە، غار ئۈستىدىن تاش - شېغىللار تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇلار غاردىن چىققان ھامان تاغمۇ يېرىلدى، ھايالسىز قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئىچىدە كۆكۈم - تالقان بولۇپ، جاھاننى قىپقىزىل چاڭ - توزان قاپلىدى، شاھزادە نۇرئەزىز بىلەن ھەمراھلىرى خېلى يىراقلارغا كېتىۋالغىنى ئۈچۈن ئامان قالدى.

— كېتەيلى، — دېدى مەلىكە دىلئارام، — ئادەمزات دۇنياسىغا كېتەيلى، سىزنىڭ شەھرىڭىزگە كېتەيلى.

— پېرىخونلار ئانىسى قوغلاپ كېلەرمۇ؟ — سورىدى ئۈچ باشلىق شىر ئەنسىرەپ.

— ئۇنىڭ سەككىز تال جان قۇشى ھەمىيىنىمدا، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇلارنى ئۆلتۈرسەكلا ئۇ تۈگىشىدۇ.

— بىراق ئۇنىڭ توققۇز جېنى بار، — دېدى مەلىكە دىلئارام، — بىرسى ئۆز تېنىدە، ئەگەر بۇ سەككىز جان قۇشىنى ئۆلتۈرسىڭىز پەقەت ئۇنىڭ توققۇزدىن سەككىز ئۆلۈش جېنى ۋە سېھرىي كۈچى يوقىلىدۇ.

— شۇنداق بولغاندا ئۇ خېلىلا ئاجىزلىغۇدەك، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇنى چوقۇم يوقىتالايمىز.

— سىزگە ئىشىنىمىز، — دېدى مەلىكە دىلئارام شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

— شۇ هامان شاهزادە نۇرئەزىزنىڭ پېشانىسىدە بىر نۇرلۇق يۇلتۇز پەيدا بولدى، ۋۇجۇدى ھەسسىلەپ كۈچكە تولدى، ئالەم - جاھان ئاپتاپقا چۆمۈلۈپ، بۇلۇت - تۇمانلار تارقاپ كەتتى، ئۇلار سەپىرىنى كۆڭۈللۈك داۋام قىلدى، شۇنداق كېتىۋېتىپ، يىراقلاردىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئالىيېشىل بۇلۇت - تۇمانلارنى كۆردى.

پېرىخونلار ئانىسى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى مەلىكە دىلئارام.

— ئۇچار گىلەم سىزنى رىۋايەت دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارسۇن، — دېدى شاهزادە نۇرئەزىز، — بۇ يەردە مەن قېلىپ جەڭ قىلاي.

— ھېچقايسىڭ كېتەلمەيسەن! — شۇنداق سادا كەلدى شۇ چاغ ئالىيېشىل بۇلۇت - تۇمانلار يامراپ كېلىۋاتقان تەرەپتە بىر بەتبەشىرە يالماۋۇز مومايىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى ئايان بولۇپ، — مانا هازىرلا قولۇمغا چۈشىسەن قوزىلىرىم، هازىرلا يېتىپ بارىمەن، ئەمدى ئىلگىرى-كىدەك ئىشنى چالا قىلىپ بىرەرسىڭلارنى يالغۇز تاشلاپ كېتىدىغان خاتالىقنى سادىر قىلمايمەن.

— تېز ئۇنىڭ جان قۇشىنى ئۆلتۈرۈڭ، — دېدى مەلىكە دىلئارام.

شاهزادە نۇرئەزىز دەرھال ھەميانىنى ئېلىپ، تىنىماي تېپىرلاۋاتقان كىچىك قۇشلارنى مىجىۋەتتى، ئۇلارنى تۇتۇشقا سوزۇلۇپ كەلگەن پېرىخون مومايىنىڭ قولى هالسىزلانغاندەك تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھەميانىنى تاشلا، كۆيدۈرۈۋېتەي، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر.

شاهزادە نۇرئەزىز ھەميانىنى تاشلىدى، ئۈچ باشلىق شىر ئوت پۈركۈدى، يالماۋۇزنىڭ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چىرقىرىغىنى ئاڭلاندى، ھەميان ئىچىدىكى قۇشقاچ ئۆلۈكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۈلگە ئايلاندى .

— خەپ! — توۋلىدى شۇ چاغ يېقىنلاپ قالغان پېرىخونلار ئانىسى، — چوقۇم سىلەرنى چايناپ پۈركۈۋەتمەيدىغان بولسام.

ئۇ شۇ تاپتا ھېسابسىز پېرىخون شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان، ئۆزى بولسا ئۈچ باشلىق قاناتلىق ئەجدىھاغا مىنىۋالغان هالدا قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن زېمىن تىترەپ، ئالەم لەرزىگە

كەلگەندى.

— ئۇلار بەك كۆپكەن، — دېدى ئۇچار گىلەم قورقۇمسىراپ، — قانداق تەك كېلەرمىز؟

— تېزرەك رىۋايەت دەرۋازىسىغا يېتىۋالايلى، — دېدى مەلىكە دىلئارام، — دەرۋازىدىن چىققىچە كەتسەكلا ئۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۈچى ئەمدى ئاجىزلاپ، دەرۋازا سىرتىغا تەسىر قىلالماس بولدى.

ئۇلار شۇ مەسلىھەت بىلەن بار كۈچىنى يىغىپ ئۇچۇپ كەتتى، لېكىن پېرىخونلارنىڭ سۈرئىتى ئۇلاردىنمۇ تېز بولۇپ، يېقىنلاپ قالدى.

— تىرىك تۇتۇڭلار! — دەپ تۈۋلايتتى پېرىخونلار ئانىسى، — ئاۋۇ ئادەمزاتنى تۇتقانلارنى ئورۇن باسارىم قىلىمەن، باشقىلاردىن بىرنى تۇتقانلارغا قىزىم يالماۋۇز شاھنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئىنئام قىلىمەن ياكى ئۆزى خالىغان باشقا نەرسىنى ئىنئام قىلىمەن.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئەۋلىيا زاھىتلار يادىكار قىلغان نەرسىلەرنى ئەسلەپ، قوينىغا قول سالدى، قولىغا ئالتۇن ئالما چىقتى، لېكىن نېمە قىلىشنى بىلمىدى.

— تاشلا! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى قۇلاق تۈۋىدە.

شاھزادە نۇرئەزىز دەرھال ئالتۇن ئالمىنى تاشلىدى، ئالتۇن ئالما غايەت زور ئالتۇن تاغ بولۇپ، غارقىراپ ئۇچۇپ بارغانچە پېرىخونلارنى باستى، پېرىخونلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالتۇن تاغ ئاستىدا قالدى. پېرىخونلار ئانىسى ۋە ئەڭ يامان بىر بۆلۈك پېرىخونلار ئاران-ئاران قۇتۇلۇپ يەنە قوغلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قولىرىنى يىلاندەك سوزۇپ كېلىشكە باشلىدى، بەزىلىرىنىڭ بويىنى ئۆزىرىپ، باشلىرى غالجىر ئىتلاردەك چىشلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنى ھەرتەرەپتىن قاپسىۋالدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئەمدى قويىندىن ئاق گۆھەرنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاق گۆھەر غايەت زور مۇزتاغقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بارغانچە پېرىخونلارنى بېسىۋالدى، ئۇلاردىن پەقەت پېرىخونلار ئانىسىلا قۇتۇلۇپ چىقىپ، باشقىلىرى مۇزتاغ ئاستىدا مىجىلىپ قالدى.

پېرىخونلار ئانىسى يەنىلا غالجىرلىق بىلەن قوغلاپ كېلىۋەردى، ئۇچ

باشلىق ئەجدىھا بىر بېشىدىن سۇ ئەجدىھالىرى، بىر بېشىدىن ئوت ئەجدىھالىرى، يەنە بىر بېشىدىن بوران ئەجدىھالىرى چىقاردى، پېرىخونلار ئانىسىنىڭ قارا قوللىرىمۇ سوزۇلۇپ كەلدى.

شاھزادە نۇرئەزىز قىلىچىنى ئېلىپ چاپتى، ئەمما شامالغا قىلىچ ئۇرغاندەكلا بىر ئىش بولدى، ئۇقيا بىلەن ئاتتى، ئوق نىشانغا تەگدى-يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ كەتتى، ئوق تەگكۈچى ھېچنىمە بولمىدى. ئاخىر ياقىسىدىن ئالتۇن يىگىنىنى ئېلىپ تاشلىدى ، شۇھامان يەر يۈزىدە گەۋدىسى ئاسمانغا تۇۋرۈك بولغۇدەك بىر گىگانت ئالتۇن ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، يالماۋۇز موماينى ئۈچ باشلىق ئەجدىھا بىلەن قوشۇپلا دەم تارتتى، پېرىخون ھەرقانچە تەدبىر قوللانسىمۇ قاچالماي ئەجدىھا ۋە ھەتتا ئاسماندا لەيلەپ تۇرغان بۇلۇت - تۇمانلار بىلەن قوشۇلۇپلا ئالتۇن ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى، ئەجدىھا ئاغزىغا كىرگەنلىرىنى چايناپ پۇركۈۋەتتى، پېرىخونلار ئانىسىنىڭ بېشى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقتى، تېنى بولسا تېرىقتەك بولۇپ چېچىلىپ كەتتى، ئالتۇن ئەجدىھا كىچىكلەپ، كىچىكلەپ غايىب بولدى، ئاسماندىن بىر توپ ئالتۇن قۇش ئۇچۇپ چۈشۈپ، يالماۋۇز موماينىڭ تەن پارچىلىرىنى زەررىچە قويماي تېرىپ يەپ كەتتى.

— خەپ! — دەپ توۋلىدى يالماۋۇز موماينىڭ بېشى، — ھەممىڭنى مەنمۇ شۇنداق چايناپ پۇركۈۋەتمەيدىغان بولسام .

بىراق، ئۇ شۇنداق دېگەنىبىلەن، قوغلاشقا پېتىنالماستىن، قۇلاقلىرىنى قانات قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— قاچۇرۇپ قويمايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — ئۇ تاشقا ئايلانغانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشى كېرەك.

— ئېتىپ چۈشۈرگىن، — دېدى ئۈچ باشلىق شىر، — ئەمدى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى قالمىدى.

شاھزادە نۇرئەزىز ئوقياسىنى بەتلەپ، ئاتاي دېگۈچە ئاسماندا بىر يىرتقۇچ قۇش پەيدا بولۇپ يالماۋۇز موماينىڭ بېشىنى چاڭگاللىۋالدى، ئارىدەك تىرناقلار پېتىپ، قاپقارا يىرىڭ تېمىۋاتقان باشتىن شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاۋاز ياڭرىدى:

— قۇتقۇزۇڭلار! ......

بىراق، بۇ ئاۋازمۇ ھايالسىز ئۆچتى، شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى ۋە ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا يەنە ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈپ، كۈلۈپ تۇرغان نۇرلۇق قۇياش ئايان بولدى، يەر يۈزىدە سان ـ ساناقسىز گۈللەر ئۈنۈپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتتى.

— ئەمدى بىزگە خەۋپ يوق، — دېدى مەلىكە دىلئارام كۈلۈمسىرەپ، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندا ئەسلىدىكىدىنمۇ نۇرلۇق بىر قۇياش پەيدا بولغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولدى.

— بىراق ئاكىلىرىم، يەڭگىلىرىم ھەم شەھەر خەلقىنى ئويلىسام كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز قايغۇرۇپ، — بۇ غەلىبىدىن پەقەتلا خۇشال بولالمايۋاتىمەن، بۇنچىلا كۆپ بەدەل تۆلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم.

— غەم قىلماڭ، — دېدى مەلىكە دىلئارام تەسەللى بېرىپ، — ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇلار چوقۇم ئالدىڭىزغا چىقىدۇ، چۈنكى پېرىخونلار ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ سېھىرلىگەن ھەممە نەرسە ئەسلىگە كېلىدۇ.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز سەل ئېچىلىپ .

ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىرسى پۇتىدىن تارتقاندەكلا تۆۋەنلەپ، يەر يۈزىگە چۈشتى، نېرىدا ئالتۇندىن قۇيۇلغان ۋە قاناتلىرى گۆھەرلەر بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈل ـ نەقىشلەر ھاسىل قىلىپ بېزەلگەن بىر چوڭ دەرۋازا بار ئىدى.

— ئاخىرقى قېتىم خوش! — دېدى ئۈچ باشلىق شىر شاھزادە نۇرئەزىزنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، — ئەمدى ئايرىلىش ۋاقتىمىز بولدى، مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتسەڭلا ئادەمزات دۇنياسى، ئۆز ماكانىڭغا يېتىسەن، ساڭا بەخت ـ ئامەت تىلەيمەن، مېنى ئەسلەپ تۇر.

— مەن بىلەن كەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز

قيماسلىق بىلەن، — سەندىن ئايرىلغۇم يوق.

— مېنىڭ بەختىم بويەردە، ئۇ تېزرەك تېپىشىلىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ،— دېدى ئۈچ باشلىق شىر مۇغەمبەرلىك بىلەن.

شاھزادە نۇرئەزىز ئامالسىز ئۈچ باشلىق شىرنىڭ ئۈچ بېشىدىكى ماڭلىيىغا بىر - بىرلەپ سۆيۈپ خوشلاشتى، ئۈچ باشلىق شىر ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۇنى تېزرەك تېپىۋالغايسەن ئىلاھىم، — دەپ شىۋىرلىدى شاھزادە نۇرئەزىز، ئاندىن ئۆچار گىلەم بىلەن خوشلاشتى، ئۇچار گىلەمنىڭ ئۇنىڭدىن پەقەت ئايرىلغۇسى كەلمىدى:

— ئىگە - چاقىسىز قالىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ قايغۇرۇپ.

— بىللە كېتەيلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — مەن ھەرقاچان سېنى قەدىرلەيمەن.

— ئۇ بۇيەردە قېلىشى كېرەك، — دېگەن ۋەزمىن بىر ئاۋاز كەلدى دەرۋازىدىن، — ئەگەر بۇ رىۋايەت دۇنياسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولساڭ ھەممە خاسىيەتلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك، پەقەتلا ئۆز ئەجرىڭ بىلەن قولغا كەلتۈرگەن پەرىزاتلار مەلىكىسىنىلا ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ، ئۇ سېنىڭ مەردلىكىڭ، باتۇرلۇقۇڭنىڭ مۇكاپاتى.

— كەچۈرگىن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز ئۇچار گىلەمگە، — سەن بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇرمەن، مېنى قېرىنداشلىرىم، خەلقىم، ۋەتىنىم كۈتۈۋاتىدۇ، قايتىشىم كېرەك.

— شۇ ھامان ئۇنىڭ قىلىچ ۋە ئوقياسى غايىب بولدى .

— ئەگەر ئۇلارغا قىيالمىساڭ ئېلىپ قالساڭمۇ بولىدۇ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى دەرۋازىدىن.

— قېپقالسۇن، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز، — بىراق مەندىكى ھەقىقىي خاسىيەت غەيرەت - جاسارەت، ئىرادە ۋە بىلىم - ماھارەتنىڭمۇ غايىب بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇنى مەندىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ.

— توغرا! — دېگەن ياڭراق ئاۋاز كەلدى يەنە دەرۋازىدىن، —

بۇلارنى چۈشەنگەن بولساڭ مەنمۇ سەندىكى خاسىيەتلەرنى يوق قىلىۋېتىشكە قادىر بولالمايمەن، ئۇلار بولىدىكەن، يەنە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن، مۈشكۈلات قۇلۇپلىرىنى ئاچالايسەن، بارغىن، ئەمدى يېيىلىش ۋاقتىم بولدى، سەن ۋە ئاكىلىرىڭ بۇ رىۋايەت دۇنياسىغا كىرەر ۋاقىتلاردا كۆرۈنمىگەن، لېكىن بۇ يەردىكى رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىپ، تىلسىملارنى بويسۇندۇرۇپ، تىلسىمغا بەند قىلىنغان پەرىزاتلار مەلىكىسىنى قۇتقۇزىدىغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭلار ئۈچۈن ئېچىلغانىدىم، يەنە سېنىڭ بەختىڭمۇ سېنى چاقىرماقتا ئىدى، كېيىن كۆرۈنۈشىنى لايىق تاپتىم، چۈنكى سەنمۇ، ئاكىلىرىڭمۇ بەختىڭلارنى تاپتىڭلار، مەيلى قەيەردە، قايسى ۋاقىتتا بولسۇن بەخت تەييارتاپلارغا ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلارغا؛ چىدامسىز، مىشچان، قورقۇنچاقلارغا ئەمەس، ئىرادىلىك، باتۇر ئەزىمەتلەرگە مەنسۇپ. ئەمدى بوسۇغىدىن ئاتلىساڭ بولىدۇ، خوش! ساڭا بەخت - ئامەت تىلەيمەن.

— ئەلۋىدا، رىۋايەت دۇنياسى! — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز مەلىكە دىلئارامنى قولىدىن يېتىلەپ بوسۇغىدىن ئاتلىغىنىدا، ئۇلارنى ئاق تۇلپار ئويناقشىپ كېلىپ كۈتۈۋالدى، كەينىگە بۇرۇلغانىدى، دەرۋازا كۆرۈنمىدى، پەقەت يىراقلارغا سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى بىر يوللا تۇراتتى.

— ماڭايلى، — دېدى شاھزادە نۇرئەزىز مەلىكە دىلئارامنى تۇلپارغا مىنىشكە تەكلىپ قىلىپ.

ئۇلار تۇلپارغا مىنىپ، شاھزادە نۇرئەزىزنىڭ شەھىرىگە قاراپ چېپىپ كەتتى، مەلىكە دىلئارام دەسسىگەن يەردىن بىر جۈپ ئەتىرگۈل ئۈنۈپ كۆكلەپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار تولىمۇ رەڭدار ۋە خۇشبۇي ئىدى.

**图书在版编目（CIP）数据**

王子努尔艾则孜的传奇 ：维吾尔文 / 阿迪力·依明著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.3
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2514 — 1

Ⅰ. ①王… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①童话—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 037495 号

责任编辑：**故丽吧哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**坎拜尔姑丽·吾斯曼**

**王子努尔艾则孜的传奇**

**阿迪力·依明** 著

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 10 印张 2 插页
2012 年 2 月第 1 版 2012 年 2 月第 1 次印刷
印数： 1—3000 定价：27.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 － 2653927

دۇنيا» قاتارلىق نەچچە 10 پارچە شېئىر، چۆچەك، مەسەل ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئادىل ئىمىنىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «بۇلبۇلنامە»، «خاسىيەتلىك چۈش»، «ئەتىرگۈل مەلىكە»، «توز مەلىكە»، «ئاق قۇ مەلىكە»، «خىرۇستال كەش»، «بەخت ئارىلى ئىزدەش»، «خىرۇستال شاھزادە» قاتارلىق چۆچەكلەر توپلاملىرى؛ «پەخىردىنىنىڭ سىرلىق دۇنيادىكى سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق بالىلار رومانى نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

ISBN 978-7-5373-2514-1

9 787537 325141 >

（民文）定价：27.00元